
# بۇلاق

# BULAK

1990.3





# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

11-يىل نەشرى

ئومۇمىي 32-سان

1990

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببىاس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## 1990 - يىل 3 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


شېئىرلار ........ ۋەفائى، رىزائى، فىراقى، ھۆزۈرى، قەرارى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

دىۋانى قەلەندەر ........ قەلەندەر (11)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ

ھېكاياتى غەرىب (داستان) ........ ئابدۇرېھىم نىزارى (80)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


سەيفى سەرايى ئەسەرلىرىدىن ........ (96)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا


### مەشھۇر ئەسەرلەر


«بابۇرنامە» توغرىسىدا ........ گ. ن. پانت (107)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىز ئېلى

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ھۆرلىقا - ھەمراجان (داستان) ...................................... (113)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىلى سايىت

مېھرى بىلەن ۋاپا (چۆچەك) ...................................... (135)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

ئەپسانىلار ...................................... (151)

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھاشىم

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ...................................... (156)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

رىۋايەتلەر ...................................... (170)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى

بېيىت - قوشاقلار ...................................... (176)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆمەر قادىر

* *

چاغاتايچە لۇغەت «خ» ...................................... (181)

تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىرى



رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى

تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىۋ پېيچىڭ


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: 1976 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۆمەر ھەييامنىڭ «رۇبائىيلار» ناملىق كىتابچىسىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت.

2 - بېتىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى (ئابدۇرېھىم سابىت فوتوسى).

3 - بېتىدە: «باياز» ناملىق قول يازمىدىن ئېلىنغان ۋەفائى، فىراقى غەزەللىرى ۋە قەلەندەر دىۋانىدىكى ئايرىم بەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى.

4 - بېتىدە: تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى (قورغاستا).

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئابدۇقەييۇم خوجا

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا «باياز» ناملىق يېڭى تېپىلغان قول يازمىدىن غەيرەتنىڭ بىر مۇخەممەسىنى تونۇشتۇرغانىدۇق. بۇ سانىمىزدا شۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن ۋەفائى، رىزائى، فىراقى، ھۇزۇرى، قەرارى قاتارلىق بەش نەپەر شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تونۇشتۇردۇق. بۇلارنىڭ X – VI ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىكەنلىكى روشەن. بىراق ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى تېخى ئىزدىنىش ئۈستىدە تۇرغاچقا، بىز ئۇلارنىڭ ھازىرچە تېپىلغان ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەنلا چەكلەندۇق. گەرچە بۇ شائىرلارنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى بەك ئاز بولسىمۇ، لېكىن بۇ شېئىرلاردىن خىلى چوڭقۇر پىكىر ۋە پىشقان بەدىئىي ماھارەت نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى، خۇسۇسەن لىرىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن دىۋانلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ شائىرلار ئىچىدىن ۋەفائىنىڭ دىۋانىنىڭ بىر ۋارىقى تېپىلغانلىقى ۋە بۇ ۋاراقتىكى غەزەللەرنىڭ رەسمىي ئالفاۋىت تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەنلىكى، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىدىن ياكى توپلاملىرىدىن تېپىلىپ قالسا، كىتابخانلارنىڭ دەرھال تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەۋەر قىلىشىنى ياكى نەشرگە تەييارلاپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## غەزەللەر

### ۋەفائى

جانىمدە ئەلىف يەڭلىغ ئول سەرۋى مەكان ئەتمىش،
جىم نۇقتەسىدە داغىن جانىمدە نىھان ئەتمىش.
جانىمنى ھەدەف ئەيلەپ، كىرفىكلەرى سەف ئەيلەپ،
غەمزە ئوقىن ئاتماقغە قاشىنى كەمان ئەتمىش.
مەن بىدىلى ھەيرانغە ھەم كۆزلەرى گىريانغە،
چىرماشماق ئۈچۈن جانغە زۇلفىنى يىلان ئەتمىش.
ئول دىلبەرى مەھۋەشغە، غەمزە بىلە دىلكەشكە،
چېھرەم ئۆزى قان ياشىم، ھالىمنى بەيان ئەتمىش.

يارىم ماڭا سۆز قاتىپ، غەمزە بىلە قاش ئاتىپ،
ئىشق ئوتىدە سارغاتىپ، چېھرەمنى سامان ئەتمىش.
ئىشقىڭدە كېتەر باشىم، لەئلىڭ غەمى يولداشىم،
ئول شوخى قارا قاشىم مەندىن نە گۇمان ئەتمىش.
ئىشىق ئوتىدا داغلايدۇر، زۇلفى بىلە باغلايدۇر،
ئۆلتۇرگەلى چاغلايدۇر، بۇ قۇل نە زىيان ئەتمىش.
دىلخەستە ۋەفائىنى ئول كۆزلەرى مەستانە،
باغرىنى كەباب ئەيلەپ كۆڭلىن تولا قان ئەتمىش.

*

[نەبۇدۇڭ] ۋۇجۇد بارىغەدۇر سەبەب،
بولۇپدۇركى شاھ ئۇممەتىغە لەقەب.
نە تىل بىرلە ئايتاي ئانىڭ ۋەسفىنى،
ئېرۇر سەييىدى ھەم ئەجەم ھەم ئەرەب.
نەسىمدە بۇيۇتىدا «ھەبلۇن مەسەد»،
قىلىپ بىئەدەبلىك لىبىك بۇ لەھەب.

* ①

شەفائەت قىلىپ ئاسىي ئۇممەت ئۈچۈن،
قىلىپ جامى كەۋسەرنى پۇر لەب بەلەب.
تىلەپ تاپمادىلاركى مېئراجنى.
ھەمەسىن تاپىپ [ئېردىلەر] بىتەلەب،
يىقىتتى ۋەفائىنى گىردابى فىسق،
كى ئاسى قۇلۇڭدۇر قوپارغىل يۆلەپ.

*

...ەتا بىرلە سەھۋ ئىلاھىم ئۆتتۈپ،
قەبۇل ئەيلە تەۋبەم گۇناھىم ئۆتتۈپ.
مەلەكلەر ئاراسىغە سالغان فىغان،
گۇنەھ دەردىدىن كۆكدىن ئاھىم ئۆتتۈپ.
[ۋەفائى] دەرىغ، كەتتى غەفلەت بىلەن،
پەرىشان ھەمە روز گارىم ئۆتتۈپ.

*

قىلىپ رەھم، قىل مەغفىرەت، يا غەفۇر،
كى تەقسىرلەرىم ھەم تەباھىم ئۆتتۈپ.
بۇ گۇمراھغە تەۋفىق ھەمراھ قىل،
كىرەي يولۇڭغە خاتۇمانىم ئۆتتۈپ.
نەسۇد كىم، ۋەفائى، كېتىپدۇر دىسەڭ،
كى غەفلەت بىلە سالۇ ماھىم ئۆتتۈپ.

*  *

كۆڭۈل مايىل بولۇر قىلساڭ يۈزۈڭگە پەردە ھايىل كۆپ،
بولۇر پەرۋانە فاشىن ئىچرە شەمئ ئوتىغە مايىل كۆپ.
جۇنۇنۇم ئارتتى بويىنۇڭغە ھەمايىل بولغالى زۇلفۇڭ،
ئەجايىبدۇر بولۇر دەۋزەخ جۇنۇن سالسە [سەلاسىل] كۆپ.
قاراقچى كۆزلەرىڭ قانىم تۆكەر، دەرمەن گۇناھسىمەنۇر،
ئۆلۈم لازىم كىشى بولسە گۇنەھلەرىگە قايىل كۆپ.
يۈزۈڭدۇر شەمئ، ۋەللەيلى نىقابى ئەنبەرىڭ، جانا،
تىلەيدۇر گەر كىشى، باردۇر بۇ مەئنىغە دەلايىل كۆپ.

---

① «باياز»غا ۋەفائىنىڭ پەقەت يۈقىرىقى بىر شېئىرىلا كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندىكى تۆت غەزەل ۋەفائىنىڭ باشقا بىر دىۋانىنىڭ قول يازمىسىدىن ئاجرىلىپ ساقلىنىپ قالغان ئايرىم بىر ۋاراقچىدىن ئېلىندى.

دىمەگىل، ئەي كۆڭۈل، قىلدى جەمالى خەيرىنى شەيدا،
قىلىپدۇر مىڭ سىنىڭدەككىم نىلەرنى ئول شەمايىل كۆپ.
ئەجەب ئىرمەس ۋەفائىنى قولاساڭ كۆپ فىغانىمدىن،
ئىشكىدىن قىلۇر مەردۇدلار، قىچقىرسە سايىل كۆپ.

## ئىككى غەزەل

### رىزائى

ئافتابدەك ئاي يۈزۈڭگە كۆپدۇر ئارمانىم مىنىڭ،
هەر زەمان يادىمغە كىرسەڭ ئۆرتەنۇر جانىم مىنىڭ.
بىر نىگاهى قىلدىڭۇ كۆڭلۈمدىن ئالدىڭ سەبر-هۇش،
ئەبدى هەجرىڭدە كۆيەرمەن قالمادى جانىم مىنىڭ.
مەن سىنىڭ يادىڭدا هەردەم يىغلادىم شامۇ سەهەر،
ئەرشگە يەتتى مەگەر فەريادۇ ئەفغانىم مىنىڭ.
كۆمەسەم جانىم كۆيەدۇر بارغالى يوق تاقەتىم،
يەتكەلى دىيدارىڭ هىچ يوقتۇر بۇ ئىمكانىم مىنىڭ.
يىغلادىم شامۇ سەهەرلەردە ساڭا فەرياد ئىتىپ،
يەتمەدى هەرگىز قۇلاقىڭغە بۇ ئەفغانىم مىنىڭ.
لۇتف ئىتىپ مىسكىن رىزائى هالىغە رەهم ئەيلەگىل،
بىر نەزەر قىلساڭ ماڭا هىچ يوقتۇر ئارمانىم مىنىڭ.

* *

..................................................

ئەگەر ئۆلسەم سىنىڭ ئىشقىڭدا، جانا، هىچ ئەجەب ئىرمەش،
ئۆلۈرمەن ئۇشبۇ دەرد ئىچرە، بۇ دەردىمگە دەۋا يوقتۇر.
يۇتۇپ قانلار فىراقىڭ دەردى بىرلە مۇبتەلادۇرمەن،
تەرەههۇم قىلمادىڭ بىردەم سىنىڭدەك بىۋەفا يوقتۇر.
سىنى دەپ بۇ جەهان ئىچرە كۆيەر ئىشق ئوتىغە جانىم.
بولۇپ ئالەمدە رەسۋا بىر مىنىڭدەك بىنەۋا يوقتۇر.
كى جانىم ئۆرتەنۇر، سەن يارنى يادىمغە كەلتۈرسەم،
كى بۇ دەردىمگە دەرمان قىلغۇچى غەيرى خۇدا يوقتۇر.
رىزائى ئىشق ئوتىدا مەستۇ شەيدا ۋالەۋۇ هەيران،
كى قىلسام نالەلەر هەردەم ماڭا سەندىن ۋەفا يوقتۇر.

# ئۈچ غەزەل

## فىراقى

نىگارا ئىشتىياقىڭدا زەئىفۇ ناتەۋان بولدۇم،
ھەمىشە دەر بەدەر ئالەم ئارا بىخانىمان بولدۇم.
نېتەي ئەۋۋارە بولماي بىر سىنىڭدەك غەمگۇزارىم يوق،
كۆيۇپ فۇرقەت ئوتىدا مۇبتەلائى لامەكان بولدۇم.
قادالدى كىرفىكىڭنىڭ نەشتەرى بۇ خەستە جانىمغە،
غەمۇ مىھنەت ئىچىدە دەرد تارتىپ لامەكان بولدۇم.
خىرامان ناز ئىلەكىم تازە گۇلدەك ئاچىلىپ چىقساڭ،
جەمالىڭ شەۋقىنى ئولدەمكۆرۈپۇ شاددىمان بولدۇم،
ساڭا بۇ ئەرزى ھالىمنى بەيان ئەيلەرگە تاقەت يوق،
تۇتۇپ غەم لەشكەرى قويماس ياقامنى، بىزەبان بولدۇم.
نېتەي بىچارەئى غەمكىن قىلىپدۇر دەردئىلە ھىجران،
سارىغ رۇخسارە ھەجرىڭ ئوتىدىن بەرگى خەزان بولدۇم.
جەمالىڭ ھەسرەتىدە ئۆرتەنۇر شامۇ سەھەر جانىم،
بولۇپ مەجنۇن كەبى ئالەمدە رەسۋايى جەھان بولدۇم.
فىراقى خەستەدىل ئاشۇفتە بولدى ئايرىلىپ سەندىن،
فىراقىڭ دەردىگە مەھرەم جەفاغە ھەمزەبان بولدۇم.

* *

تېنىمدىن چىققالى يەتتى جۇدالىق جىھەتىدىن جانىم،
نىسارئولغاي ئاڭا جانۇ جەھانىم بەلكى ئىمانىم.
باشىمنى بەندەدار ئىشىكىڭدە قويدۇم تا تىرىكدۇرمەن،
كى تۇفراقدىن كۆتەرسۇن لۇتفى بىرلە تۆكسەمۇ قانىم.
ساغىندىم گۇل يۇزۇڭنى بىر دەمى كۆرمەككە مەن مۇشتاق،
فىراقىدا سەھەربۇلبۇلنى ئۆرتەر ئاھۇ ئەفغانىم.
بۇ ئىقلىم ئىچرە ئىستەپ كۆرمەدىم سەندەك پەرىۋەشنى،
يۇزۇڭگە تەلمۇرۇپ جان بەرگەلى بىسيار ئارمانىم.
مەلاھەتدە لەبىڭگە قەندۇ شەككەر قاندا تەڭ بولسۇن،
نەزاكەتلىك قولۇڭغە سۇ قۇيالماس خان قىزى، خانىم.
كۆزۇڭ كافىرلىغى يەتمەيمۇدۇركىم سۇرمەدار ئەتتىڭ،
مېنى ئۆلتۇرگەلى مايىل بولۇپ سەن شاھى ئىھسانىم.
نەچە مۇددەتدۇررۇكىم مەن ساڭا، ئەي دىلبەرى رەئنا،
بولۇپ مەن ۋالەئى شەيدا توشۇپ سەن شاھى خۇبانىم.

* *

كېچە يۇلتۇز سانارمەن ئاي يۈزۈڭنىڭ ئىشتىياقىدا،
بۇ بىئارام بەخابىڭغە رەھم ئەت، ئەي دۇرى يەكتا.
كېچە-كۈندۈز ۋىسال ئىستەپ قالىپمەن تۇرفە ھەيرەتكە،
نەھەجرىڭدىن قۇتۇلماغلىق نەۋەسلىڭغە يېتىش پەيدا.
نە ئۇيغاغلىق مەھەلىدە جەمالىڭنى كۆرەلغۇمدۇر،
تۈشۈمدە كۆرسەم ئېردى كاشكى يۈزۈڭنى مەن شەيدا.
سېنى مەن كۆرمەگەي ئېردىم، بۇ ئوتدا كۆيمەگەي ئېردىم،
مېنى مۇنداق كۆزۈم قىلدى كۆزۈڭگە ئەيلەگۈم غەۋغا.
چۇ قىلدىم دەئۋىئى ئىشقىڭ مۇڭا لازىم گۇۋاھ ئولدى،
سارىغ چېھرەمدە قان ياشىمنى كۆر، تەسدىقى قىل جانا.
غەرەز ئۇشبۇدۇرۇر كېچە جەمالىڭ شەمئىنى كۆرسەم،
تاڭ ئاتقۇنچە قارارغان كۆزلەرىمنى ئەيلەسەم بىنا.
سەدەفتەك كۆكسۈم ئىچرە گەۋھەرى ئىشقىڭ قىلىپ مەنزىل،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىنى ئارزۇ ئەيلەپ كۆڭۈل جويا.
ئەگەر ھالىمغە رەھم ئەيلەپ① جەمالىڭ كۆرسەتۇر بولساڭ،
غەنىمەت تۇت بۇ كۈننى سالىمە ۋەسلىڭ ۋەئدەئى فەردا.

## غەزەل

### ھۇزۇرى

شەرابى ئىشق ئىچكەنلەر يۈرو دۇنيادە مەستانە،
كى ھەركىم ئىچسە بۇ مەيدىن ئولۇر ② ئول مەردۇ مەردانە.
نەدۇنيادىن ئانىڭ فىكرى، نە ئۇقبادىن ئانىڭ زىكرى،
قىلۇر ھەر ئىككى ئالەمدىن ئۈزىن بىر يولى بىگانە.
خۇشى يوق ماسىۋا بىرلە، ئانىڭ زەۋقى خۇدا بىرلە،
بولۇر يادى ئانىڭ بىرلەكى تا ئۆلگۈنچە ھەمخانە.
كىشىكىم مەئنىنى تاپتى بارىن ئۈزىنى كەم تۇتتى،
مۇھەببەت كويىغە يەتتى ئۈزىنى قىلدى دىۋانە.
قەرارۇ سەبرى قىلماسلار مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكەن،
ئانىڭ شەمئى جەمالىغە بولۇر مانەندە پەرۋانە.
بەسى سۇلتانى ئالەم سەن غۇرۇر ئەتمە ئەمەس دەۋلەت،
خۇدانىڭ شەۋقى زەۋقىدىن ئۇ كۈنلەر بارچە ئەفسانە.

---

① ئەسلى قول يازمىدا «ئەيلەر» دەپ يېزىلغان.

② بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «اورور» (ئۇرۇر) دەپ يېزىلغان. مەنا ئېتىبارى بىلەن «ئولۇر» دەپ ئېلىندى.

تەمامى تەختى-بەختىنىڭكى ئۇردى بىر يولى بەرھەم،
كى ئەدھەمغە بۇھىممەتدىن مۇيەسسەر بولدى جانانە.
ھۇزۇرى ئارزۇ قىلساڭ مۇھەببەتنىڭ شەرابىنى،
مۇكەممەل پىردىن ئىزدە، ئىرۇر زاتى چۇ مەيخانە.

## مۇخەممەس

### قەرارى

ئىشىت ئەرزىم ھەقىقەت ئىچرە ئالەمنىڭ پەناھى سەن،
تەرىقەتۇ - شەرىئەت گۇلشەنىنىڭ پادىشاھى سەن.
جەھان مۇلكىدە ئۆزگە شاھلەر ئەنجۇمۇ ماھى سەن،
بىلۇرلەر خەلقۇ - ئالەم قۇدرەتۇللاھى ئىلاھى سەن.
بۇ دۇنيادا ھەمە بىچارەلەرنىڭ سايەگاھى سەن.

ساڭا ئەۋۋەل خۇدا يار بولدى، ئەي شاھىئى گۇل ئەندام،
ئەزىزلەردىن مەدەددۇركىم ياراتقان تەڭرىدىن پەيغام.
تىلەيدۇرمەن سىنى دەۋلەتدە بولغاي دەيكى سۇبھۇ شام،
ئەسالەتدە سىنىڭ زاتى شەرىپىڭ قۇببەئى ئىسلام،
شەرافەتدە جەۋاھىر كانى ئىچرە مەردى شاھى سەن.

بەناگەھ مىسلى ئىسكەندەر كىلىپ ئولتۇردۇڭ ئول تەختە،
قامۇغ دۇشمەنلەرىڭ قالدى نەدامەت بىرلە ھەسرەتدە.
خۇدا بولغاي ھەۋادارىڭ مۇدام بولغايكى دەۋلەتدە،
شەھەنشەھلەر شەھى سەن ئەي شەھىنشاھىم ئەسالەتدە.
يامان كۆزدىن يىراق تۇتقاي سىنى يالغۇز نىھالى سەن.

ئاقار ھەردەم سۇخەنگەھ تۇتى يەڭلىغ ئاغزىدىن شەككەر،
ۋۇجۇدى زاتى پاكىڭ دۇررى ھەققى شاھ جەھان پەرۋەر.
يىگانە ئولتۇرۇپ گۇلدەستەدەك قىلساڭ ئەدالەتلەر،
شەھىنشاھىم ساڭاكى شاد بولغاي رۇھى پەيغەمبەر.
جەۋاھىر خىرمەندە دۇررى يەكتا يادگارى سەن.

ئەسالەتدە ۋۇجۇدۇ زاتى پاكىدۇر خانۇ خاقان،
ئەدالەت بابىدە لاپ ئۇرماسۇن جەمشىدۇ نۇشىرۋان.
خۇدا قىلغاي ساڭا قەسد قىلغۇچىنى يەر بىلەن يەكسان،
①..................................................

① قول يازما نۇسخىدا بۇ مۇخەممەسنىڭ ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان.

# دىۋانى قەلەندەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرايىل يۈسۈپ

مۇھەررىردىن: كىشى قەلبىگە نازۇك تۇيغۇلارنى بەخش ئەتكۈچى لىرىك شائىر قەلەندەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن ۋە تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭ دىۋانىدىكى بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن بۇ دىۋان XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەندە تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قەلەندەر غەزەللىرىدىن بىر قىسمى مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ نەشرگە تەييارلاپ بېرىشى بىلەن شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ دىۋانىغا ئائىت قىسقىچە بىر كىرىش سۆز قوشۇلۇپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. 1987 - يىلغا كەلگەندە خوتەندىن قەلەندەر دىۋانىنىڭ يەنە بىر تولۇقسىز قول يازمىسى تېپىلدى. بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن 60 غەزەل مەتىقاسىم ئەكرەم، مۇھەممەتئىمىن تۇردىلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانىدا يورۇقلۇققا چىقتى. شۇنداق قىلىپ ھازىرغىچە قەلەندەرنىڭ 123 غەزىلى ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بىز بۇ قېتىم كىتابخانلارنى شائىر قەلەندەرنىڭ دىۋانى ھەققىدە تېخىمۇ تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش نىيىتىدە، شائىرنىڭ 1981 - يىلى ئېلان قىلىنغان بەزى غەزەللەردىكى كەمچىل جايلارنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان 53 غەزەل، 25 مۇخەممىسىنى قوشۇپ ئېلان قىلدۇق. ئىشىنىمىزكى بۇ شېئىرلار كىتابخانلارنىڭ شائىر قەلەندەر ھەققىدىكى تەسىراتىنى يەنىمۇ تولۇقلايدۇ، قەلەندەر ئەسەرلىرى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ كەڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

## غەزەللەر

①..................................................

تولغاسە بويىنىنى بۇ ئالەمدە ئەمرىگىدىن كىشى،
قىل سىياسەت تىغ ئىلە سەن رىشتەئى ئۆمرىن ئەدا.
سۇساپ ئۆلمە، ئەي قەلەندەر، سەن نەۋائى دېدىكىم:
«ئىشرەبۇ يا ئەيىۋەھەل ئەتشان كېلۇر ھەردەم نىدا».

① بۇ غەزەلنىڭ بېشى قول يازما ۋاراقلىرى بىلەن يوقالغان.

*  *

بولماسا گەر بىللە ئول شوخى پەرى پەيكەر ماڭا،
ئارتادۇر سەيرى چەمەندىن نەچچە دەردى سەر ماڭا.
بارغالى ئەزم ئەيلەسەم، ئول جەننەتى كويى سارى،
بولغۇسى شەھپەر خەيالى ئۇل بۇتى دىلبەر ماڭا.
ئىلتىفات ئەيلەپ يىبەرسۇن نامەئى ئول دىلرەبا،
دىمە نامە، دىگىل ئانى تاج ئىلە ئەفسەر ماڭا.
①..............................................
تاكى ئۇچراشتى ئوشۇل دىلدار سىمىنبەر ماڭا.
كۆز ياشىم بىرلەن قەلەندەر بولسە ئەشكى لالەگۇن،
ۋەھ، نەھاجەتدۇر جەھان ئىچىندە سىيمۇزەر ماڭا.

*  *

ني قىلىپدۇر مەن، دىگىل ئەي شۇخ سىيمىنبەر ساڭا،
قولۇڭا باردۇر مىنىڭ قەتلىم ئۇچۇن خەنجەر ساڭا.
تەڭرى قىلدى بارچەدىن هاجەتسىز، ئەي هۇرى زەمان،
لەبلەرىڭدۇر لەئلۇ تىشىڭ دۇر ئىلە گەۋهەر ساڭا.
كىچەيۇ كۈندۈز مۇرادىم هەقتەئالادىن بۇدۇر،
لۇتف ئىلە قويسۇن باشىڭغە تاج ئىلە ئەفسەر ساڭا.
بولغۇدەكسەن دەهر ئارادە پادشاهى بەهرۇ بەر،
دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت بولسا گەر ياۋەر ساڭا.
بەرمەپ ئىركەن هەقتەئالا ساڭا هەرگىز ئىئتىقاد،
مىڭ دىيدىم ئەرزىمنى، بىرى بولمادى باۋەر ساڭا.
كۆرمەدى هەرگىز جەهاندە راتۇ ئىشرەت يۈزىن،
كىمگە بەردى مەهۋەشى كۆڭلىنى، ئەي دىلبەر ساڭا.
كۆرسە ئىردى گەر يۈزۈڭنى بولۇر ئىردى ساڭا قۇل
رۇستەمۇ بەرزۇ بىلە ئىسكەندەرى سەفدەر ساڭا.
هەردەمى يۈز تىل بىلە دىگىل خۇدايىم شۇكرىنى،
بەردى بەختۇ دەۋلەتۇ ئىززەت بىلە هەم فەر ساڭا.
سەن يارا، سورغىل قەلەندەر هالىن، ئەي شىرىن زەبان،
دىيدەسى ۋەسفىڭ، نىگارا، بىر نەچە دەفتەر ساڭا.

*  *

كىشۋەرى هۇسن ئىچرە تاكىم كامرانلىقدۇر ساڭا،
تەڭرىدىن تاڭ يوقتۇرۇركىم مىهرىبانلىقتۇر ساڭا.
تاكى تەختى هۇسن ئۆزە قويدۇڭ قەدەم، ئەي گۇلئۇزار،

① قول يازمىدا بۇ بىر مىسرا يىزىلمىغان.

دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت بىلە خانلىقدۇر ساڭـا.
تەۋسەنى نازىڭ مىنىپ چىقساڭ ئەگەر ھۇسنۇڭ بىلە،
قۇل بولۇر ھەركىم يۈزۈڭنى كۆردى جايلىقدۇر ساڭا.
ئىلتىفاتىڭ بىرلە ئالەمنى مۇسەخخەر ئەيلەدىڭ،
ھەر قايان قويساڭ قەدەم، جانا، ئەمانلىقدۇر ساڭا.
مەريەمى دەۋراندۇرۇرسەن پارسالىق بابىدا،
ئۇل يەزىد قەۋمىدۇرۇر ھەركىـم گۇمانلىقتۇر ساڭا،
ئەي پەرىزادى زەمانۇ ھۇرى دەۋرانىم مېنىڭ.
ئىشكىڭنى ياستانىپ مەن پاسبانلىقدۇر ساڭا،
مەئلەبىم بۇدۇر، قۇرۇتسۇن ھەقتەئالا يىلدىزىن.
ھەرنەكىم ئالەم ئىچىندە ئۇل زىيانلىقدۇر ساڭا،
كىمكى كۆردى ئارەزىڭنى بولـدى ئۇل فەرھاددەك،
نې ئۈچۈنكىم لۇتفىڭى شىرىن زەبانلىقدۇر ساڭا.
مۇنچە ھەم تەڭرى بېرىپ ئېركەن ساڭا ھىلمۇ ھەيا،
قانچە قىلسۇن ئەل شەكىللىك ئۇل گەرانلىقدۇر ساڭا.
ئەل قىلۇر بۇ قۇدرەتىڭغە ھەر زەمان يۈز ئافەرىن،
تا رەقىبىڭ قەتلىدىن ساھىب قىرانلىقتۇر ساڭا.
چىقسا ئۇل خۇرشىدى تابانىڭ، قەلەندەر، ناز ئىلە،
گەر تەسەددۇق قىلماساڭ جانىڭ يامانلىقدۇر ساڭا.

* *

بىردەمى ئولتۇرمادىم ئۇل ماھى تابانىم بىلە،
تۇتمىڭى شىرىن زەبانۇ شەككەر ئەفشانىم بىلە.
بەرمەدى فۇرسەت كى بىردەم ھەمنىشىن بولسام ئاڭا،
ئۇل گۇلى باغى جىنانۇ سەرۋى بوستانىم بىلە.
دەرمەن ئۆزۈمنىكى بولدۇم خۇسرەۋۇ جەمشىددەك،
بىردەمى بولسام مۇساھىب ماھى تابانىم بىلە.
ئۆتغە تۈشكەن قىل مەسەللىك بولسا جىسمىم تاڭ ئەمەس،
غەيرىنى كۆرسەم ئەگەر خۇرشىدى دەۋرانىم بىلە.
مەن بىھىل قىلدىم ئاڭا جانىم بىلە، ئەي دوستلار،
خۇش ئەگەر بولسۇن پەرىزادىم مېنىڭ قانىم بىلە.
سۆيۈنۈپ دەرمەن ئانىڭكىم رەۋزەئى جەننەتدۇ رۇر
دەۋزەخ ئەر ئىچىندە بولسام لەئلى رەخشانىم بىلە.
مەن نەچۈك ئايىتاي مۇسۇلمانلار ئۆزۈمنى، مەن تىرىك،
بىردەمى ئولتۇرمادىم ئۇل راھەتى جانىم بىلە.

قانچه قىلسام نالەيۇ ئەفغان، قەلەندەر، سۇدى يوق،
نې غەمى باردۇر ئانىڭ بۇ ئاھۇ ئەفغانىم بىلە.

*             *

قىلماغايسەن ھېچ كىشىنى ماڭا ئوخشە ناتەۋان،
لەئلۇ ھەم گەۋھەرنى قىلما بەھر ئىلە كاندىن جۇدا.
جانىم ئالساڭ رازى مەن بىل كىمگە مىننەتدۇر ماڭا،
قىلماغىل لېكىن مېنى ئول ماھى تاباندىن جۇدا.
ئاجىزۇ بىچارەيۇ مىسكىن قەلەندەردۇر غەرىب،
رەھىم ئېتىپ قىلغىل ئانى سەن داغى ھىجراندىن جۇدا.

*             *

نې گۇناھىم بار ئىدى قىلدىڭ فەلەك ياردىن جۇدا،
دېمەگىل سەن ياردىن، بەل گەۋھەرى جاندىن جۇدا.
تاشىنىڭ كويۇڭدىن ئايرىلدىم غەرىب ئولدۇم غەرىب،
قىلماغايسەن خارەنى لەئلى بەدەخشاندىن جۇدا.
ۋەسلىدىن ھەجرىگە تا تۇشتۇم كۆيەرمەن تۈنۇكۈن،
بەندەسىنى قىلماغىل، يا رەبكى سۇلتاندىن جۇدا.
چاغلادىم دەردۇ غەمى ئىشقىڭنىكىم پايانى يوق،
قىلماغىل يارەب، ئانىڭ دەردىنى دەرماندىن جۇدا.
گەر ئەزىزى مىسر ئولسا باردۇرۇر غۇربەت غەمى،
يۇسۇفى دىلخەستەنى سەن قىلما كەنئاندىن جۇدا.
دەۋزەخى سوزان دېسەم، غۇربەت نېچۇن ھەم ئاز ئېرۇر،
ياقۇتۇ فىرۇزەنى ھەم قىلماغىل كاندىن جۇدا.
ئەل تىلەۋ گۇلزارى ۋەسلىن، مەن تىلەرمەن ھەجرنى،
بۇلبۇلى بىچارەنى سەن قىلما ئەفغاندىن جۇدا.
كېچەيۇ كۈندۈز تىلەر يىغلاپ قەلەندەر تەڭرىدىن،
قىلماغىل ئاخىر دەمىدە ئانى ئىماندىن جۇدا.

*             *

ئۆرتەدى ئوتتۇڭ مېنى خۇرشىدى تابانىڭ تىلەپ
ئېگىلىپدۇر قامەتىم سەرۋى خىرامانىم تىلەپ.
سەنسىزىن يۇقتۇر ماڭا بىر لەھزەئى سەبرۇ قەرار،
قان يۇتارمەن ھەرزەمان لەئلى بەدەخشانىڭ تىلەپ.
كىمگە قىلساڭ شەفقەتىڭنى قىلماغىل ھۇرى زەمان،
دەردىڭ ئۆلتۇردى مېنى، ئەي شوخ، دەرمانىڭ تىلەپ.

نې بولۇر كەلسەڭ بىرەر بۇ كۈلبەئى ئەھزانىمە،
تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئاقاردى گەرچە دامانىڭ تىلەپ.
باردۇرۇر گويا، قەلەندەر، ئول پەرىزادى زەمان،
جان بېرۇرلەر تاپمايىن ئەل شوخ جەۋلانىڭ تىلەپ.

* *

ئەيلەگىل يا رەب، ماڭا ئول شوخ سىمىنبەر نەسىب،
تۇتسۇن بىچارەغە قىل شەھد ئىلە شەككەر نەسىب.
گەرچە شاھلارغە بېرۇرسەن تاجۇ تەختۇ ئىززۇجاھ،
ماڭا قىلغايسەن، ئىلاھا، ئول پەرى پەيكەر نەسىب.
نالەئى ئەفغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زار-زار،
گەر مۇيەسسەر قىلماساڭ ئول گۈلرۇخى دىلبەر نەسىب.
جەۋرۇ زۇلمۇڭدىن بولۇپدۇر يۈرەكۈ باغرىم كەباب،
بولماسۇن مەندەك كىشىگە مەھۋەشى كافەر نەسىب.
بەرگەسەن، يا رەب، بارى ئەلنىڭ مۇرادى مەقسەدىن،
دىن ئېلىگە قىلماغىل دۇنيادا شورۇ شەر نەسىب.
گەرچە گۈل بۇلبۇلنى قىلدى يۈرەكىنى قىلدى داغ،
تاپتى داغى يۈرەكىگە لالەئى ئەھمەر نەسىب.
دەۋلەتى ئولدۇر قەلەندەر ئاياغىغە قويسە باش،
ئول بىلۇر باشىغە بولدى تاج ئىلە ئەفسەر نەسىب.

* *

قىلغالى جەۋرۇ جەفا ئول شوخ سىمىنبەر كېلىپ،
ئالغالى جانىمنى گويا كافىرى خەيبەر كېلىپ.
ئەيلەدى كۈلبەمنى رەۋشەن ئارەزىڭنىڭ نۇرىدىن،
لەبلەرى لەئلى بەدەخشان شەھد ئىلە شەككەر كېلىپ.
بولمادى ھېچكىم ئانىڭدەك دەھر ئارادە كامران،
لايىقى ئەنسەب باشىدا تاج ئىلە ئەفسەر كېلىپ.
ئۆلۈك ئېردىمكىم تىرىلدىم، شادمانلىقدىن دېدىم،
باشىمە گويا بۇ كۈن ئىيسايى پەيغەمبەر كېلىپ.
بولماغاي ھەرگىز گەدالار ئەل ئالىندا ئېئتىبار،
زىينەتى دۇنيايى دۇننى ئەي، قەلەندەر، زەر كېلىپ.

* *

فۇرقەتۇ ھەجرىڭدۇرۇر جانىمغە، ئەي، دىلدار خوب،
ھەر نەچە قىلساڭ جەفايۇ جەۋر ئىلە ئازار خوب.

لەبلەرىڭ بىرلەن مەسەھانى مۇقابىل قىلدىلار،
هەر كىشى كۆردى، دېدى: ئۇل لەئلى شەككەر بار خوب.
مەجنۇن ئىزدەر لەيلىنى، فەرھاد شىرىننى تىلەر،
بۇلبۇلى بىخانۇ مانغە گۇشەئى گۇلزار خوب.
بىر سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە، ئەي هۇرى زەمان،
جان بېرۇر بىر سۆزۈڭە قەددىڭغەدۇر رەفتار خوب.
باردۇ يۈزۈڭدىن خىجىل شەمسۇ قەمەر ئەي سىيمبەر،
قىلساڭ ئاز هۇرۇ پەرىدىن، ئەي پەرىۋەش، ئار خوب.
نې بەلا ئوبداندۇرۇر دىۋانە كوڭلۇم بەندىغە،
باغلاماقغە باردۇرۇر ئۇل تۇررەئى تەررار خوب.
لەبلەرىڭنىڭ ئالىدا گويا مەسىهادۇر ئۆلۈك،
قەتل ئېتەرگە باردۇرۇر ئۇل نەرگىسى بىمار خوب.
تائەتۇ تەقۋا بىلە زۇهدۇ سەخايۇ خەير خوب.
قادىرى بىچۇن ئالىندا دىيدەئى دەريار خوب.
بۇ جەهاننىڭ ئىشكىگە بىر زەررەچە يوقتۇر شەتات،
هەر سەهەر ۋەقتىدە قىلساڭ يىغلاپ ئىستىغفار خوب.
بۇلبۇلى كۆڭلۈڭنى سەدقە قىل، قەلەندەر، دەهر ئارا،
خار زۇلفى، ئارەزى ئۇل شوخ گۇلرۇخسار خوب.

* *

سەن [جەفا] قىلدىڭ ۋەتەن ئىچىندە بولدۇم مەن غەرىب،
سەن ئىدىڭ جانى ئەزىزىم، ئۆلسەم ئەر يوقتۇر ئەجىب.
ئەي مۇسۇلمانلار، كۆرۈڭلەر تالىئىمنىڭ شۇملۇغى،
ئەلنى ئۆلتۈرسە رەقىبى، مېنى ئۆلتۈردى هەبىب.
ئەيلەگىل رەهم قۇلۇڭغە گەر مۇسۇلمانزادەسەن،
فۇرقەتۇ هەجرىڭگە قالدى ئەي نىگارا مەن رەقىب.
تاكى كۆرسەتتى يۈزىنى ئۇل پەرىزادى زەمان،
جانىمە ئوت سالدىيۇ قويدى بەلالارنى تارىپ.
زالىمى بىرەهم باردۇر، ئەي قەلەندەر، بىهىساب،
تا سېنى ئۆلتۈرمەسە قالماس ئانىڭ كۆڭلى تىنىپ.

* *

قىلماغىل، يا رەب، كىشىگە دەردى هىجراننى نەسىب.
دەردى هىجران بولسا بولسۇن داغى هەيراننى نەسىب.
يەتتە ئىقلىم خانى دېسەم گەر ئۆزۈمنى ئورنى بار،
قىلسەكى تەڭرىم ماڭا ئۇل جانۇ جانانىنى نەسىب.

بۇلبۇلۇڭغه بەرگەسەن سەن گۇلشەنۇ گۇلزارنى،
تۇتىئى بىخانۇمانغه شەككەرىستاننى نەسب.
بەر ئەمانلىق ماڭا بۇ دۇنيادا ئەي ھەيىى قەدىم،
ئاخىرى دەمدە ماڭا قىل نۇرى ئىماننى نەسب.
باردۇرۇر ئاتىڭ رەھىمۇ ھافىزى پەرۋەردىگار،
بارچە ئەلنىڭ دەردىگە سەن ئەيلە دەرماننى نەسب.
بەر قەلەندەرغە ئىلاھا قۇندۇزى جەننەت نىشان،
يۇسۇفى كەنئانغە قىلغىل شەھرى دەۋراننى نەسب.

* *

ئول پەرىنىڭ ۋەسلىدىن ھەركىمگە بولسۇن كامياب،
ھەر دۇئا قىلسۇن شەك ئىرمەسدۇركى. بولسۇن مۇستەجاب:
كىمكى كۆردى ئارەزى خۇرشىدى تابانىــن ئانىڭ،
زۇلفىدەك ھەسرەت بىلە ھەردەم ئۇرار يۈز پىچۇ تاب.
زۇلفىنى قىلدى پەرىشان يۈزىگە ئول ھۇرۋەش،
يا قۇياش يۈزىنى ياپىپدۇر ئىكىن مۇشكىن سەھاب.
چىقمە ئۆيدىن كىچەكىم، ئەي شوخ جەۋلانىم مىنىڭ،
ئەل گۇمان ئىلتۇر قىيامەت بولدى تۇغدى ئافتاب.
سەگ رەقىب بىلمەسدۇرۇر، جانا، يۈزۈڭنىڭ قەدرىنى،
گۈلنى رەڭگۇ بۇيىدىن نى بەھرە تاپمىشدۇر گۇلاب.
كىمكى سالدى بىر نەزەر ئايدەك يۈزۈڭگە، ئەي پەرى،
مەقسەدىدۇر مەقدەمىڭغە ئۆلگۈچە بولسۇن تۇراب.
كۆرگىل ئانى، ئەي قەلەندەركىم، خۇدانىڭ سۇنئىدۇر،
ئاي يۈزىگە تەرمۇدۇر ياكىم چىقىپ گۇلدىن گۇلاب.

* *

مىسرىغە يانىپ يۇسۇف گەر كەلسە كەنئانغە نە خۇب،
يەئقۇبى پەيغەمبەر ئوخشە ئەھلى ھىجرانغە نە خۇب.
جان ئەگەر تەندىن جۇدا بولغان ئىسە، ئەي دوستلار،
كىرسە تەنغە يەنە ئەمرى ھەق بىلە جانغە نە خۇب.
كەلسەلەر دەۋلەت بىلە بەدكارەلەر يەرگە باقار،
دۇشمەنىن شەرمەندە قىلماق مەردى مەردانغە نەخۇب.
نەچچە يىل بولدىكى غۇربەت شەھرىغە بولدۇڭ غەرىب،
سەنمۇ يەتسەڭ، ئەي قەلەندەر، ئۇشبۇ ئارمانغە نە خۇب.

* *

سورسە گەر ھالىم بىرەر ئول شوخ گۇلرۇخسار خۇب،
بۇلبۇلىن بىر ئىستەسە ئول گۇلشەنى گۇلزار خۇب.

تىرگۈزۈر بولسە ئۈلۈكنى ئول مەسىھەم تاڭ ئەمەس،
گەر تەكەللۇم ئەيلەسە ئول لەئلى شەككەر بارخۇپ.
مەقسەدىم ھاسىل بولۇر، ئەي دوستلار، ئوشۇل زەمان
شۇم رەقىبنى ئاسغالى تاپسام ئەگەر بىر دار خۇب.
كىم مۇرادى گەنجدۇر ئول رەنجىنى چەكمەك كېرەك،
جەۋر زۇلم ئەتمەك ئۈچۈن ئول زالىمى خۇنخار خوب.
ئاتلانىپ چىقساڭ ئەگەر ئوق ئاتغالى، ئەي دىلرەبا،
ئوقۇڭا قىلماق ھەدەف بۇسىنەئى ئەفكار خۇب.
ئەيلەمىش تۇغيان مېنىڭ دىۋانەئى كۆڭلۈم مېنىڭ،
زەنجىرئەتسەڭ بوينۇمە ئول تۇررەئى تەررار خۇب.
جان بېرۇرمەن ھەسرەتىڭدىن ھەر زەمان ئەي سىيمبەر،
بىر نەزەر كۆرسەم ئەگەر ئول نەرگىسى بىمارخۇب.
ئىشق ئېلى يۈزمىڭ ئەگەر ئۆلسۇن سېنىڭ يۈزتۇر غەمىڭ،
كۆزلەرىڭگە كۆرۈنۈر ئەي بىۋەفا ئەغيار خۇب.
يوقتۇرۇر دۇنيا ئىشىنى ئەي قەلەندەر، خوبلۇقى،
دىلبەرىڭ ۋەسفىدە قىلساڭ بىر نەچە گۇفتار خۇب.

* *

تاپمادىم ئول دىلرەبانى ھەر قايانىنى ئىستەشىپ،
مەھۋەشى گۈل چېھرەئى شىرىن زەبانىم ئىستەشىپ،
كېچە يۇ كۈندۈز يۈرۈپمەن گۈلشەنۇ گۈلزار ئارا،
تاكى تاپسام دەپ ئوشۇل نامېھرىبانىنى ئىستەشىپ.
دېدى بىر ساھىب خىرەدكىم «نېگە ئىستەرسەن ئانى؟»
كىم تاپىپدۇر بۇ جەھان ئىچىندە جانىنى ئىستەشىپ.
يالغۇزۇن مەن ئىستەمەسمەن ئول گۈلى گۈلزارنى،
بارچە ئەل ھەريان يۈرۈپ ئول كامرانىنى ئىستەشىپ.
گەرچەمەن ھارىپ قالىپمەن، ئەي قەلەندەر، دەھر ئارا،
بۇلبۇلى كۆڭلۈم يۈرۈپ ئول گۈلستانىنى ئىستەشىپ.

* *

ئولتۇرۇپ ئېردىم كى كىردى بىر مەھى تابان يىگىت،
قامەتى سەرۋى سەھى، رۇخسارى نۇر ئەفشان يىگىت.
قايسى بىر ئوبدانلىقىن ۋەسف ئەيلەيىن، ئەي دوستلار،
خاتىرىمنىڭ خۇشلۇقى ھەم دەردىمە دەرمان يىگىت.
دانىشۇ فەھمۇ فەراسەتلىك نىگارى فازىلى،
بارچە مۇشكىللەر ئانىڭ ئالدىدادۇر ئاسان يىگىت.
قايسى ۋەسفىنى بەيان ئەيلەي بۇ قاسىر تىل بىلە،

هىچ ياراتماپدۇر ئانىڭدەك خالىقى سۇبهان يىگىت.
نې بولۇر كۆلبەمگە كەلسەڭ سەن بىرەر، ئەي باغرى تاش،
هەر زەماندا مىڭ كۆرەرگە باردۇ هەزاران يىگىت.
ساڭا تەڭ بولماق نە هەددىۇر هۇر يا بولسۇن پەرى،
بارچە مەهۋەشلەر شەهى سەن خانى هەم سۇلتان يىگىت.
كىم كۆرۈپدۇر دەهىر ئارا سەندەك پەرىزادى زەمان،
زۇلفى سۇنبۇل، خالى مۇشكىن، ئارەزى رەخشان يىگىت.
يوق ئاغىزدىن كۆلمەكىڭدۇر سىهر يا جادۇدۇرۇر،
بۇلئەجەب بۇ ئىشدۇرۇر، ئەي بەستەسى خەندان يىگىت،
بۇلغۇسىدۇر بۇ جەهاندا، ئەي قەلەندەر، خارۇ زار،
كىمنى كىم قارىلىقدا قىلسە بىسامان يىگىت.

* *

ئەي پەرى پەيكەر مېنىڭ سەن دەردىمە قىلغىل ئىلاج،
مېهنەتۇ دەردۇ غەممىم هەم رەنجىمە قىلغىل ئىلاج.
تا قاچانغە فۇرقەتىڭدىن جان بېرەي ئەي سىمبەر،
دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلە سەن هەجرىمە قىلغىل ئىلاج.
سەندىن ئېرۇر بارچەنىڭ هاسىل مۇرادى مەقسەدى،
خەستەئى دەرماندە بولغان ئىشىمە قىلغىل ئىلاج.
سەندىن ئىزدەيدۇر قەلەندەر بىر مۇرادى مەئسەدى،
جەۋرۇ زۇلمىم جابىرى بەدكىشىمە قىلغىل ئىلاج.

* *

لەبلەرىڭغە باردۇرۇر لەئلى بەدەخشان ئېهتىياج،
ئارەزىڭنى كۆر گەلى خۇرشىدى تابان ئېهتىياج.
جان فىدا خالىڭغە ئەيلەر هەر زەمان مۇشكى خوتەن،
قامەتىڭغە باردۇرۇر سەرۋى خىرامان ئېهتىياج.
غۇنچەئى خەندان لەبۇ ئاغزىڭدىن ئېرمىشدۇر خىجىل،
تارتادۇر يۇسۇف يۈزۈڭنى كۆرسە دەۋران ئېهتىياج.
بۇلئەجايىب ئىشدۇرۇركىم ئەقىل بولمىش هەيرەتى،
مېهنەتۇ دەردۇ غەمىڭغە باردۇ دەرمان ئېهتىياج.
دەۋرىڭە كۇفر ئەهلىنىڭ تۇرفە رەۋاجى باردۇرۇر،
خالۇ زۇلفىڭغە سېنىڭدۇر كۇفرۇ ئىمان ئېهتىياج.
ئەي مەسىهىم، ئەيلەگىل دەردىمگە لۇتف ئىلە دەۋا،
جان فەزا نۇتقۇڭغىدۇر لۇقمان بىلە جان ئېهتىياج
دىلبەرىڭدەك كىم تاپىپدۇر، ئەي قەلەندەر، سەلتەنەت،
جەننەتى كويۇڭغە باردۇر هۇرۇ غىلمان ئېهتىياج.

* *

گۇلشەنى ئالەم ئىچىندە گۇلستانىم شەھرى بەلخ،
گۇلستانىم دېمەيمىنكىم بوستانىم شەھرى بەلخ.
تاڭ ئەمەسدۇر گەر كۆرۈنسە كۆزۈمە ئالەم جەھەم،
باردۇرۇر ئەزبەس مېنىڭ جەننەت نىشانىم شەھرى بەلخ.
غۇربەت ئىچرە، ئەي مۇسۇلمانلار، بىلىڭ، تاپتىم كەمال،
بائىسى ئول نالە ـ زار، ئاھۇ فىغانىم شەھرى بەلخ.
ئابۇ تابۇ نېئمەتىدىن بەسكى تاپتىم مەن كەمال،
تاڭ ئەمەس دېسەم ئەگەر رۇھى رەۋانىم شەھرى بەلخ.
تاكى بەردى، ئەي قەلەندەر، تەڭرى سۆزۈمگە فۇتۇھ،
كېچەيۇ كۈندۈز مېنىڭدۇر داستانىم شەھرى بەلخ.

* *

يوقتۇرۇر دۇنيا ئىچىندە بىر سېنىڭدەك ھۇشمەند،
ھەم مېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەم دىلفىگارى دەرمەند.
شىرىنىۇ لەيلى سېنىڭدەك يوق ئىكەن، ئەي دىلرەبا،
بولماغاي فەرھادۇ مەجنۇن ماڭا ئوخشە مۇستەمەند.
مۇمكىن ئېرمەستۇر قۇتۇلماق سەندىن، ئەي ھۇرى زەمان،
ئەژدەھالار بويىنىدا سالمىشدۇرۇر زۇلفۇڭ كەمەند.
كېچەيۇ كۈندۈز تىلەرمەن ھەقتەئالادىن مۇراد،
بولغاسەن دەۋلەت بىلە خۇبلار ئىچىندە ئەرجۇمەند.
كۆرمەگەن ھېچكىم سېنىڭدەك ساھىبى ئىقبال سېنىڭ،
فەتھ ئىلە نۇسرەتدۇرۇر ھەر يان ئەگەر كۆرسەم سەمەند.
شۇكر ئېتىپ دەرمەن ماڭا بۇ دەۋلەتى ئەتادۇرۇر
يەتسە سەندىن ھەر زەمان جانىمغە گەر يۈزمىڭ گەزەند.
تەگمەسۇن ھۇسنۇڭغە كۆز دەپ، ئەي قەلەندەر، ھەر زەمان،
جەھمەرى كۆڭلۇم ئىچىندە جانىم ئەيلەرمەن پىسەند.

* *

ھەر ئىشى ھۇكم ئەتسە قىلسام ئەيلەر ئول مەھ پارە رەد،
بولسە ئەرزىم مىڭ ئەگەر قىلسام قىلۇر يەكبارە رەد.
يۈرۈر ئېردىم قۇللۇغىدا قۇل بولۇپ شامۇ سەھەر،
يوق سېنىڭ ئوخشە قۇلۇم دەپ قىلدى ئول بىچارە رەد.
قىلغۇدەكمەن يۈرەكىمنى بۇ سەبەبدىن چاك ـ چاك،
نېدۇرۇر بىلمەم گۇناھىم قىلدى ئول ئەييارە رەد.

شۇم رەقىب بىرلەن دىيدىم تاپىشمە، ئەي ھۇرى زەمان،
ئاچچىغى كېلىپ سۆزۈمنى قىلدى ئول مەككارە رەد.
قىلمادى سۆزۈمنى رەد ھېچكىم، قەلەندەر، دەھر ئارا،
قارىغان چاغىدا قىلدى ئول بۇتى ئەييارە رەد.

* *

تابەندە سېنىڭ قۇياشىڭە بەندەدۇرۇر،
مەقسۇد مۇرادى بارچە يابەنددۇرۇر.
تا تۈشتى كۆزۈم يۈزۈڭە ئەي ھۇرى زەمان،
مېھرىڭ ئىچىمە ھەممىشە تابەندەدۇرۇر.
سەن غەم يېمە، ئەي نادىرەئى دەۋرانىم،

بۇ ھۇسنۇ جەمالىڭ سېنى تابەندەدۇرۇر.
نې ھاجەت ئېرۇر سېنىڭ سىفاتىڭنى قىلماي،
ھۇر ئىلە پەرى يۈزۈڭە شەرمەندەدۇرۇر.
تاكۆردى يۈزۈڭنى، ئەي شەمسۇ قەمەر،
باشىدا كۇلاھۇ ئېگىندە جەندەدۇرۇر.

* *

كىيدى نارەنجى ئېگىننى ئېگىنگە ئول گۇلئۇزار،
قىلغالى ئالەم ئېلىگە جەۋرۇ زۇلمىن ئاشكار.
بولمەسە ئېردى ئەگەر نارەنجى ئېگىن دىلپەسەند،
قىلماس ئېردى ئېگىننى نارەنجى خۇرشىدى نەھار.
ھەر پەرى گۇلچېھرە بولسۇن ساھىبى ھۇسنۇ جەمال،
ئەيلەمىشدۇر ئېگىنگە نارەنجى ئېگىن ئىختىيار.
تاكى نارەنجى ئېگىننى كىيدىگو سۇلتانى ھۇسن،
قالمادى ئىشق ئېلىگە بىر زەررەئى سەبرۇ قەرار.
گەرچە نارەنجى كىيىپدۇر، ئەي قەلەندەر، دىلبەرىڭ،
بار قۇلاقىدا ئانىڭ ھەم لەئلۇ ياقۇت ئابدار.

* *

سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە ھەرگىز زالىمى جابىر،
مەگەر زۇلم ئەتكەلى خەلق ئەتتى جانا خالىقى قاھىرە
جەفاۋۇ جەۋرۇ زۇلمۇڭنى ماڭا سەن ھەددىن ئاشۇردۇڭ،
ساڭا كۆيگەن بىلەن، ئەي نازەنىنىم بولمادىم، كافىر.
كۆيەرمەن ئوت ئىچىدە نەرگىسى بەستىڭنى تا كۆردۈم
ۋەيا جادۇدۇرۇر كۆزۈڭ سېنىڭ، يا باردۇرۇر ساھىر.
ساڭا قۇل بولماقىم بولدى نەچە يىل ئەي پەرى پەيكەر،
ماڭا مېھرىڭ سېنىڭ بىر زەررە ھەرگىز بولمادى زاھىر.
بۇ قاشۇ يۈزۈ كۆزۈڭ سەنئەتى سۇنئى ئىلاھىدۇر،
سېنىڭدەك كۆرمىگەن ھېچكىم جەھاندار دىلبەرى نادىر.
سېنىڭ قايسى سىفاتىڭنى دەي ئەي، شوخى پەرىزادىم،

جەھاننىڭ مەھۋەشى مەئمۇرىسەنسەن بارچەگە ئامىر.
دەر ئېردىم ھەر كۈنى بىر دەفتەرى ھۇسنۇڭ سىفاتىدا،
تىلىم گەر بولماساكىم ۋەسفىڭە، ئەي دىلرەبا، قاسىر.
غەرىبۇ ئاجىزۇ بىچارەۋۇ مەھرۇمدۇرۇر، يارەب،
قەلەندەرنى، ئىلاھا، قىلغاسەن ئىشىق ئوتىدا سابىر.

* *

تا خوتەننىڭ شەھرىدىن قىلدىڭ سەفەر ئەي گۇلئۇزار،
نالەۋۇ ئەفغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زارۇ زار.
نې گۇناھىم بار ئىدى سەندىن جۇدا قىلدى فەلەك،
نې ئىلاج ئەيلەي مېنىڭ قولۇمدا يوقتۇر ئىختىيار.
مۇمكىن ئېرمەستۇركى سەندىن بىر زەمان قالسام تىرىك،
فۇرقەتۇ ھەجرىڭدە باردۇر ئىچىمە يۈز مىڭ شەرار.
ۋارىسى سەنسەن بۇ دەمدە ھەيدەرى كەررارنىڭ،
شۇم رەقىب كافىردۇرۇر سالغىل باشىغە زۇلفىقار.
ئىلتىفات ئەيلەپ بىرەر سورغىل قەلەندەر ھالىنى،
تا يۈزۈڭنى كۆرمەسە بىردەم ئاڭا يوقتۇر قەرار.

* *

يا قاشىڭغە ئوخشاماسدۇر كۈن يۈزۈڭە ئوخشا ماس،
لالە داغىمدەك ئەمەس ئەشكىمگە چېھرە ئوخشاماس.
ئىشق ئېلى ئىچرە ئەجايىپ بىز ئاڭا مۇمتازبىز،
ساڭا لەيلى ئوخشاماسدۇر، ماڭا مەجنۇن ئوخشاماس.
نەرگىسى بادام كۆزۈڭنىڭ رەشكىدىن قان يۇتتىلار،
ئول ئەلىفدەك قامەتىڭغە سەرۋى مەۋزۇن ئوخشاماس.
لەبلەرىڭدەك لەئل يوقتۇر، ئاغزىڭ ئوخشە غۇنچەئى،
تىشلەرىڭغە، ئەي پەرىۋەش، دۇررى مەكنۇن ئوخشاماس.
دەۋزەخى ھەجرىڭغە كۆيدۇم رەھم ئېتىپ سوردۇر بىرەر،
فۇرقەتىڭنىڭ ئاچچىغىدا زەھرى ئەفيۇن ئوخشاماس.
تەر غەرىبى ناتەۋاننى مۇنچە كۆيدۇرمەك نېدۇر،
نالە ئى ئەفغانىمە سەرتارۇ قانۇن ئوخشاماس.
ئەي مۇسۇلمانلار، نېتەي ئانىڭ بۇ دەردىغە ئىلاج،
ئول پەرىنىڭ جەۋرىغە بۇ زۇلمى گەردۇن ئوخشاماس.
يەر يۈزىنىڭ فەتھىن ئەتتى نەچچە بىر ساھىب قىران،
تاپمادى ھۇسن كىشۋەرىدە قاشىڭە نۇن ئوخشاماس.

شۈكرى لىللاھ، ئەي قەلەندەر، ئۇل پەردۋەش ۋەسفىدە،
سېنى تاپقان مەزمۇنۇڭە ھېچ مەزمۇن ئوخشاماس.

* *

ھەر زەمان ۋەسلى خەيالى يۈرەكىم قان ئەيلەمىش،
كۆزلەرىمنى دەمبەدەم لەئلى بەدەخشان ئەيلەمىش.
شۈكر لىللاھكىم، ئوشۇل گۈلچېھرەئى نامېھرىبان،
فۇرقەتىدە جان بېرۇرنى بىزگە ئاسان ئەيلەمىش.
شادمان بولدۇم بۇكۈن، ئىشىتتىم ئول ھۇرى زەمان،
لۇتفى ئېتىپ قارى قۇلىن ئۆزىگە مېھمان ئەيلەمىش.
بۇ نە مۇشكىلدۇر كۆرۈڭكىم ئىشق ئېلىنى ئۆلتۇرۇپ،
شۇم رەقىبۇ بەددىيانەتلەرغە ئېھسان ئەيلەمىش.
چىقتى نارەنجى كىيىپ بەيرەم كۈنى يۈز ناز ئىلە،
كىمكى كۆردى، ئەي قەلەندەر، ئۆزنى قۇربان ئەيلەمىش.

* *

ساڭا تا بولدۇم، ئەي گۈلچېھرەئى شىرىن سۇخەن، ئاشىق،
مېنىڭدەك يوقتۇرۇر شۇھرەتدە ھەرگىز كۇھكەن ئاشىق.
غەمىم، دەردىم فىراقىڭدا زىلەيخادىن كەم ئېرمەسدۇر،
ئېگە بولدۇم ساڭا، ئەي، يۇسۇفى گۈل پىرەھەن، ئاشىق.
مېنى بىچارەنى گەر ئىلماساڭ كۆزۈڭگە تاڭ يوقتۇر؛
ساڭا يۇسۇفكە ئوخشە باردۇرۇرلار مەردۇ زەن ئاشىق.
مۇھەببەت تەبلىنى گەرچالسەلەر ساڭا بارى ئالەم،
ساڭا يوقتۇر مېنىڭدەك، ئەي مەھى سىمىن، بەدەن ئاشىق.
لەبىڭ بىرلەن تىشىڭگە دىلبەرى شوخى پەرىزادىم،
ئېرۇر ياقۇتۇ لەئلۇ، گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن ئاشىق.
قەددىڭگە سەرۋ ئىلە تۇبى، ساچىڭگە سۇنبۇلى خۇبى،
يۈزۈڭگە ئايۇ كۈن، گۈل بىرلە شەمئى ئەنجۇمەن ئاشىق.
مۇسەخخەر ئەيلەدىڭ ئالەمنى سەن ھۇسن ئىلە، ئەي دىلبەر،
مۇسۇلمانۇ يەھۇدۇ كافىرۇ ھەم بەرھەمەن ئاشىق.
فىراقىڭدىن ئەگەر ئۆلسەم ساڭا نې غەمدۇر، ئەي مەھۋەش،
ساڭا باردۇر قەلەندەردەك نەچە يۈزمىڭ تۈمەن ئاشىق.

* *

نەزارەم ھەر زەمان مەھرەم ئوشۇل رۇخساردىن يانمىش،
ئېرۇر گۈل تەرگۈچىدەكىم قۇرۇق گۈلزاردىن يانمىش.
جەفاۋۇ جەۋر قىلماقدىن ئەگەر جانىمنى كۆيدۈرسە،
مۇسۇلمان ئېرمەس ئول ئاشىق ئەگەر دىلداردىن يانمىش.

قىلىپدۇر كۆھكەنىنىڭ ئىشقى شىرۇ ئەژدەرى دەۋران،
نى مۇمكىندۇركى خۇسرەۋ ۋەھمىدىن ئول كۆھ سارى يانمىش.
كويىدىن مەھرۇمۇ نەۋمىد ياندىم، ھەسرەتىم باردۇر،
ھەۋەسلىك مۇفلىسىدەككىم قۇرۇق بازاردىن يانمىش.
جانىڭ شۇكرانەگە بەرگىل يەنە جان بىرلە مىننەت تۇت؛
ئىشتىتىم، ئەي قەلەندەر، مۇغبەچە زۇننارىدىن يانمىش.

*　　　　*

ئىشتىتىم ئول پەرىزادىنىكىم ئەزمى سەفەر قىلمىش،
فىراقۇ ھەجرى بىرلە ئىشق ئەھلىنى دەربەدەر قىلمىش
بىلىدە تەرگەشۇ قولىدا تىغى خۇن فىشان ئالىپ،
غەزەب بىرلەن بارى ئالەمنى ئول زىرۇ زەبەر قىلمىش.
ياراتماپدۇر خۇداۋەندىم ئانىڭدەك قاتىلۇ جابىر،
مۇسۇلمانلار قانىدىن دېمە ئول زالىم ھەزەر قىلمىش.
نىھايەتسىز سۆيۈندۈم مەھۋەشى شۇخى پەرى پەيكەر،
مېنى قۇل ئەتكەلى ئۆزىگە ئەمدى مۇختەسەر قىلمىش.
ئوق ئاتماقىغە ئەگەرچىقسە ئوشۇل تەرساۋەشى زالىم،
بارى ئىسلام ئەھلى كۆكسىنى ئوقىغە سۇفەر قىلمىش.
ئاتار بولسا كىشىگە ناۋەكى خۇنرىز دىلدۇزىن،
ئەگەر فۇلادى جەۋشەن كىيسەكىم سۇدەك گۇزەر قىلمىش.
ئانىڭدەك كۆرمەگەن ھېچكىم جەھاندا كافىرى قاتىل،
مۇسۇلمان قانىنى تۆكمەكنى ئۆزىگە ھۇنەر قىلمىش.
قەلەندەر كۆيمەسۇن نېدىن ئانىڭ رەشك ئوتىدا ھەردەم،
رەقىبنى شاد ئېتەر ھەردەم، ئانى خۇنى جىگەر قىلمىش.

*　　　　*

مەن قىلۇرمەن ھەرزەمان ئول لەئلى رەخشاندىن تەمەنئ،
تەشنەلەب قىلغاندەك ئېرۇر ئابى ھەيۋاندىن تەمەنئ.
قامەتىڭنى بىر كۆرەرگە باردۇر ئارمانىم مېنىڭ،
قۇمرى قىلسۇن تاڭ ئەمەس سەرۋى خىرامانىدىن تەمەنئ
تا سېنى كۆردۈم مەن، ئەي خۇرشىد تابانى زەمان،
يوقتۇرۇر، ئەي دىلرەبا، ئەمدى ماڭا جانىدىن تەمەنئ
قان يۇتۇپ ھەركۈن يۈرەكۇ باغرىنىكىم قان ئېتىپ،
كىمگەكىم بولسۇن ئەگەر لەئلى بەدەخشاندىن تەمەنئ
مەقسەدىغە يەتمەگەن مۇمكىن ئەمەسدۇردەھر ئارا،
كىمكى قىلسۇن، ئەي قەلەندەر، ماھى تاباندىن تەمەنئ

*                    *

زۇلم كۆرگۈزدى ماڭا ئول شوخ گۇلرۇخسار شەمئ،
قىلمادى رەھمى ماڭا ئول دىلبەرى خۇنخار شەمئ.
قان قاناتىمغە تەگۈرمەس ئىبردىم ئۇشبۇ دەھر ئارا،
تۇتىدەك سەيد ئەتتى ئول لەئلى شەكەر گۇفتار شەمئ.
بەندەلىكنى تەۋقىنى بويىنغە سالغاي شۇل زەمان،
كىمكى كۆردى قامەتى ئول سەرۋ خۇش رەفتار شەمئ.
نالەيۇ ئەفغان بىلە ئۆلدىيۇ ھالىن بىلمەدىڭ،
بۇلبۇلىنىڭ بىر يولى ئول گۇلشەنۇ گۇلزار شەمئ.
ئىشق ئىلىگە قىلدى تەگرى ھەجرۇ فۇرقەت قىسمەتى،
بولمادى پەرۋانە بىرلە بىردەم ھەمئەسرار شەمئ.
ئەيلەبان لۇتفۇ كەرەم پەرۋانەسىغە ھەر زەمان،
گەرچە ۋاسىل قىلمادى ھەم بەرمەدى ئازار شەمئ.
يوق ئىدى ھەرگىز قەلەندەرنىڭ قەرارى دەھر ئارا،
بولدى زەنجىرى ئانىڭكىم تۇررەئى تەررارى شەمئ.

*                    *

سورمادىڭ ھالىمنى سەن، ئەي شوخ بىپەرۋا، دەرىغ،
ئىشق ئىلى ئىچرە مېنى قىلدىڭ ئەجەب رەسۋا، دەرىغ.
قان يۇتۇپ دىققەت بىلە ۋەسفىڭنى ئىنشا ئەيلەدىم،
بىلمەدىڭ قەدرىمنى سەن، ئەي ماھ رۇخ ئەفزا، دەرىغ.
تاكى كۆردۈم ئەنبەر ئەفشان زۇلفى مۇشكىڭنى سېنىڭ،
تۈشتى باشىمغە مېنىڭ، ئەي شوخ مىڭ سەۋدا، دەرىغ.
تاكى كۆردۈم ئاي يۈزۈڭنى بىر زەمانى تىنمادىم،
فۇرقەتۇ ھەجرىڭ ئىچىمنى ئەيلەدى مەئۋا، دەرىغ.
تالئىمنىڭ يانغانىدۇر ياكى بەختىم شۇملۇغى،
ئەيلەدىڭ جان مۇلكىنى، ئەي شوخ سەن مەئۋا، دەرىغ.
مۇددەتى بولدى قەلەندەر ھەسرەتىڭدىن قان يۇتار،
قىلمادىڭ لۇتفۇ كەرەم، ئەي دىلبەرى رەئنا، دەرىغ.

*                    *

ھەجر شامى ئالدىدا گويا ئىرۇر جەننەت تامۇغ،
ئىسسىغى ھەددىسىزدۇرۇر ساۋۇغلۇغى مۇزدىن ساۋۇغ.
لەچچە باردىم جەننەتى كويىن تەۋافىن قىلغالى،
قىلمادى بەختىم مەدەد ياندىم يۈزۈڭ كۆرمەي قۇرۇغ.
بولسالار ھۇرۇپەرى، سەن بولماساڭ دەۋزەخدۇرۇر،

سەن بىلە بولسام بېھشتدۇر بويىنۇمە بولسۇن قۇبۇغ.
دېدىم: «ئەي مەھۋەش ماڭا سەن بەرمەدىڭ كۆڭۇل»، دېدى:
«مەن نەچۇك بەرسەم كۆڭۇل كۆڭلۇڭ سېنىڭ ھەدسىز سۇلۇغ»
ئىستەسۇنلەر، ئەي قەلەندەر، بىر بىرىن ئالەم يۈزىن،
يوقتۇرۇز ھەرگىز سېنىڭدەك يانە بىر كۆڭلى سۇيۇغ.

* *

گۇلشەنۇ گۇلزارى جانىمنىڭ گۇلى تا باردى تاغ،
قويدى فۇرقەتدىن مېنىڭ جانىمغە يۈزمىڭ دەردۇداغ.
تا سېنىڭ بىرلەن ئىدىم خوتەن ماڭا گۇلزار ئىدى،
سەنسىزىن يالغۇز باشىمغە بولدى دەۋزەخدەك ئۇتاغ.
بولدى كۇلبەم سەنسىزىن يەئقۇبدەك بەيتۇلھەزەن،
سەن بارىپ يۇسۇفغە ئوخشە ئەيلەمىشسەن بىر باغ.
ئەيشۇ ئىشرەت بىرلە راھەتدۇركى تاغنىڭ يولىدا،
گاھ ـ گاھ ماڭسام باشىم بىرلەن گەھى ماڭسام ياياغ.
بۇلبۇلى خۇشخان ئىدىم سەن بىرلە جەننەت باغىدا،
دەۋزەخ ئىچىندە بولۇپمەن سەنسىزىن گوياكى زاغ.
سەندىن ئايرىلدىم تىرىكلىك ماڭا كۆپ دۇشۋاردۇر،
بىر سېنىڭدەك ھېچ بىلمەم يەر ئۈزە سالسام سوراغ.
تا جۇدا سەندىن بولۇپمەن مېھنەتۇ غەمدۇر ئىشىم
زەھرى قاتىل توشقارىپ، ساقى، ماڭا تۇتغىل ئاياغ.
ھەر زەمانى بۇلبۇل ئوخشە باردۇ يۈزمىڭ ئارزۇ،
نې ئىلاج ئەيلەيكى باردۇر تاغنىڭ يولى ئۇزاغ.

* *

ھۇسن ئېلى ئىچرە سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز شەرىف،
بارچە مەھۋەشلەر سېنىڭ ئالدىڭدا باردۇرلار كەشىف،
سەير ئېتىپ كۆردۇم جەھاننىڭ بىر بىرىن باشدىن ئاياق،
كۆرمەدىم سەندەك يەنە بىر دىلبەرى رەئنا ھەرىف.
ئەي پەرىزادى زەمانىم ھالىمە رەھم ئەيلەگىل،
ھەجرۇ فۇرقەتدىن تەنىم بولۇپدۇرۇر ھەددىن زەئىف.
پاكلىك بابىدا يوقتۇر بىر سېنىڭدەك دەھر ئارا،
كىم يۈزۈڭنى كۆردى، دەر: «مەريەمدىن ئېرمىشدۇر ئەفىف».
يەر يۈزىنى سەير ئېتىپ كۆرگەن جەھان سەيياھلار،
بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىلەر گۇلرۇخى زىيبا زەرىف.

باردۇرۇر مەھۋەش، قەلەندەر، دەھر ئاراده بىھساب،
يوقتۇرۇر لېكىن بىرى سەندەك لەتافەتلىك ھەرىف.

*  *

سېنى كۆرگەن كىشى ئادەم ئەمەسدۇر، بولماسۇن ئاشىق،
دېمەس ئاقىل كىشى گەر خىزمەتىگە بولماسۇن ئاشىق.
ئۆزى، ئۆز كۆزىدىن رەشك ئېلتۇرۇر كىم، يوقتۇرۇر رەشكىم،
نەچۈككىم شۇم رەقىبىنىڭ كۆزلەرىنى دېمەسۇن ئاشىق.
ئەگەر تەبلى مۇھەببەت چالغۇچى بولسە جەھان ئىچرە،
كىرىككىم تۈشدە ھەم مەئشۇق يۈزىنى سۆيمەسۇن ئاشىق.
بۇدۇر شەرتى مۇھەببەت، ئەي مۇسۇلمانلار، بەيان ئەيلەي،
يىغىنى تەرك ئېتىپ شادلىق ئۈچۈن بىر كۈلمەسۇن ئاشىق.
تىلەكىم بۇدۇرۇر ھەقدىن قەلەندەر بۇ جەھان ئىچرە،
مېنىڭدەك ھېچ كىشى بىر زالىمغە بولماسۇن ئاشىق.

*  *

تا سەفەر قىلماقغە ئەزم، ئەي ماھى تابان، ئەيلەدىڭ،
ئېلچىلىككە ئېلچىنى گۇياكى زىندان ئەيلەدىڭ.
گەرچە قىلدىڭ جانىمە ئەۋۋەلدە يۈز جەۋرۇ جەفا،
شۇكرىللاھ، ئاقىبەت دەردىمگە دەرمان ئەيلەدىڭ.
مورنىڭ ئۆيىگە تۈشكەندەك سۇلەيمانى زەمان،
لۇتفىدىن كۇلبەمگە تا ئۆزۈڭنى مېھمان ئەيلەدىڭ.
رەشكىدىن جانىمنى كۆيدۇردۇڭ سەن، ئەي سۇلتانى ھۇسن،
شۇم رەقىبىم بىلە سەن تا ئەھدۇ پەيمان ئەيلەدىڭ.
بەسكى قىلدىڭ زىددىمە ئەغيارىمە كۆپ ئىلتىفات،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەدىڭ.
مەقسەدىڭ نېدۇر سېنىڭ ئەي مەھۋەشى ساھىب جەمال،
يۈرەكىمنى قان ھەم سىينەمنى بىريان ئەيلەدىڭ.
تەرك ئېتىپ دۇنيانى، كەيدى تەنگە جەند، باشغە كۇلاھ،
تا قەلەندەرنىڭ رەقىبىن سەن نىگەھبان ئەيلەدىڭ.

*  *

ئەنبەرى ساراغە خۇشبۇيلۇق بېرۇر ئول سۇنبۇلۇڭ،
كىم ئاياغىغە تۈشۈپدۇر ساچۇ زۇلفۇ كاكۇلۇڭ.
ئول پەرىزادىم ماڭا باقىپ تەبەسسۇم ئەيلەدى،
ئىلتىفات ئەتتى قۇلىغە، ئەي رەقىبلەر، سىز ئۆلۈڭ.

گەرچە ئەل ساڭا قاقار مېھرۇ مۇھەببەت تەبلىنى،
گۈلشەنىڭدە يوقتۇرۇر ئەسرارى مەندەك بۇلبۇلۇڭ.
تۇشتى كۆڭلۈمنىڭ قۇشى جانا، كەبۇتەر خانەگە،
گەر ئۇچاي دېسە ئانىڭ قۇيرۇق، قەناتىنى يولۇڭ.
زور بازۇ بىرلە يوقتۇر ھۇسنىغە ھەرگىز ۋەفا،
ئىلتىفات ئەتكىل ماڭا بۇدەم قويى ئېرمىش قۇلۇڭ.
باش ئاياغىغە چۇقويدۇم كەتتى ئاچچىغلاپ، باشىم،
بەردى قولۇمغە باشىمنى دېدى: «بار، بولدى يولۇڭ.»
مۇنچە جەۋرۇ زۇلم قىلماقدىن نې ئېردى مەقسەدىڭ،
ئىشلەتۇر بولساڭ قۇلۇڭمەن، گەر ساتار بولساڭ پۇلۇڭ.
گەرچە بۇ ئالەم ئىچىندە قۇللارىڭنىڭ سانى يوق،
يوقتۇرۇر لېكىن ئاراسىندا قەلەندەردەك قۇلۇڭ.

* *

يانارىم يوقتۇرۇر سەندىن ئەگەر تېرەمنى سويدۇرساڭ،
جەفاۋۇ جەۋرۇ زۇلمۇڭ ئوتىدا ھەر نەچچە كۆيدۈرسەڭ.
ئىشەنچىڭ بولماسا گەرچە قولۇڭغە خەت بېرەي تىلدىن،
رەقىبى بەددىيانەت سەن ئەگەر ئەھدىڭنى سۇندۇرساڭ.
تەبەسسۇملە باشىم كەسسەڭ قويارمەن جانغە پۇرمىننەت،
فىراقىڭ دەۋزەخىدىن بىر يولى جانىمنى قۇتقارساڭ.
قاتىپ قالىپدۇرۇر باشىم ئەجەب ھەيرەتتە قالىپ مەن،
نە بولغاي مەقسەدىڭ، ئەي بىۋەفا، بىرگىنە بىلدۈرسەڭ.
«مېنى ۋەسل ئەتكەلى لايىقمۇسەن» دەپ كۆپ ئاچچىغلايسەن،
كەرەمدۇر بۇ گۇناھىنى قەلەندەردىن سەن ئۆتكەرسەڭ.
دۇئا ئەيلەي خۇداۋەندىم مۇرادۇ مەقسەدىڭ بەرسۇن،
رەقىبى شۇم بەدرەكنىڭ ئەگەر كۆزىنى ئويدۇرساڭ.

* *

ئىشرەت ئىلە جانىمە، ئەي دوستلار، جەۋر ئەيلەمەڭ.
بولماسا مەشرەبدە ئول گۈلرۇخ مېنى سىز ئىستەمەڭ.
قىلسام ئانىڭ فۇرقەتىدە گەر ياقامنى چاك - چاك،
سىز مېنى دىۋانە دەپ ئەي تىفىللار سىز قوغلاماڭ.
بولسە ھەجرىدە ئەگەر رەسۋالىغىم ھەددىن فۇزۇن،
ياشلار ئوخشە مەنى ئېتىپ ھەم يالبارىپ سىز ئالداماڭ.
دەردۇ غەمىڭ لايىدىن قىلدى ۋۇجۇدۇمنى مېنىڭ،
مەجنۇنۇ فەرھادغە ئوخشە دوستلار سىز چاغلاماڭ.
يىبەرىڭ پاترلاق بارۇر يىرىمگە ئۆلسەم دوستلار،
يىغلاشىپ ھەسرەت بىلە بىر لەھزە ئۆيگە ساقلاماڭ.

باغلاشمز رەختى سەفەر هازىر ئۇلۇپ تەييار ئۇلۇك.
بىۋەفادۇر بۇ جەهان هەرگىز كۆڭۈلنى باغلاماڭ.
قويۇشمز ئۆز ئورنۇمە دىلجەمئىلىق بىرلەن يانىڭ،
بىر غەرىبى بار ئىدى نې بولدى، دەپ سىز يوقلاماڭ.
ئىشتىڭ ئوبدان قەلەندەردىن نەسىهەت دوستلار،
ماتەمىم قاتىغ تۇتۇپ ئەفغان بىلە كۆپ يىغلاماڭ.

*                    *

تا سىنىڭدەك نازەنىنغە ئاشنا قىلدى فەلەك،
مىنىەتۇ دەردۇ بەلاغە مۇبتەلا قىلدى فەلەك.
تاكى كۆردۈم ئارەزى خۇرشىدى تابانىڭ سىنىڭ،
دەردۇ غەمدىن بەند ـ بەندىمنى جۇدا قىلدى فەلەك.
هەر نەچە قىلدىم جەهاندا ئەيشۇ ئىشرەت ئۆمرۈمە،
هەر بىرى ئورنىدا مىڭ جەۋرۇ جەفا قىلدى فەلەك.
كۆرمەدىم جەۋرۇ جەفادىن ئۆزگە هەرگىز دەهر ئارا،
لۇتف ئىبتەردىن ماڭا گۇياكىم ئىبا قىلدى فەلەك.
ئەلگە بەردى بەختۇ دەۋلەت، ئىشرەتۇ راهەت تەمام،
ماڭا يەتكەندە مەگەر مەكرۇ رىيا قىلدى فەلەك.
ئەهلى فەزلۇ دانىش ئەلگە بەردى رەنجۇ دەردۇ غەم،
دون ئىبلىن ئالەم ئارا كامىن رەۋا قىلدى فەلەك.
كىمكى بولسە بەددىيانەت، ئاڭا ئىرمىشتۇر مۇراد،
دىن ئىبلى بىرلەن هەممىشە ماجەرا قىلدى فەلەك.
زاهىدۇ شەيخى رىيائىغە قىلىپ لۇتفۇ كەرەم،
ئىشق ئىبلىنىڭ هەربىرىنى بىنەۋا قىلدى فەلەك.
شۇم رەقىبى بۇلهەۋەسنى ئەيلەدى كامىن رەۋا،
قۇدرەتى يەتكۈنچە ئىشق ئەهلىن ئىزائ قىلدى فەلەك.
شكۋە قىلما بەختى بەددىن، ئەي قەلەندەر كىم، ئەزەل،
بىرنى شاهى ئالەمۇ بىرنى گەدا قىلدى فەلەك.

*                    *

نىگە بولدۇم ئانىڭدەك دىلبەرى تەررارغە مايىل،
لەبى لەئلى بەدەخشانۇ يۈزى گۇلزارغە مايىل.
زەمانى تاپمادىم راهەت ئۇشۇل كۈندىن كى بولۇپمەن،
قاشى يا، كىرفىكى ئوق نەرگىسى بىمارغە مايىل.
ئەگەر جەۋرۇ جەفا قىلسە جانىمغە دوستلار تاڭ يوق،
نىگە بولدۇم مۇسۇلمانلار بۇتى ئەييارغە مايىل.
فىغانۇ نالەيۇ زارى بولۇپدۇر تۇتىدەك ئىشىم،
ئۇشۇل كۈندىن بولۇپدۇرمەن شەكەر گۇفتارغە مايىل.

قەلەندەرنىڭ جەزاسىدۇر، بولۇپدۇر، ئەي مۇسۇلمانلار،
ستەمگەر زالىمى بىرەھم بىر خۇنخارغە مايىل.

* *

نېدۇرۇر مەقسەد ساڭا كۆيدۇرمەك ئەي دىلبەردېگىل،
لەبلەرىڭدۇر لەئل - ياقۇت، شەھد يا شەككەر دېگىل.
كۆزمۇدۇر چولپانمۇدۇر يا نەرگىسى باغى بەھىشت،
يۈزمۇدۇر بۇ يا قۇياش يا لالەئى ئەھمەر دېگىل.
ساچمۇدۇر سۇنبۇلمۇدۇر يارىشتەئى جانىم مېنىڭ،
قەدمۇدۇر تۇبىمۇدۇر يا سەرۋ يا ئەرئەر دېگىل.
دېمەگىل شەھلەرچە يوقتۇر سۆز ئېلىنىڭ رۇتبەسى،
بولسە مۇشكىل سۆز ئەگەر سەن سەددى ئىسكەندەر دېگىل.
مۇنچە قاچماغلىق نېدۇر ئاندىن قەلەندەردۇر قۇلۇڭ،
كىم ئۇچۇن ئېتىپدۇرۇر ئەي شوخ بۇ دەفتەر دېگىل.

* *

يوقتۇرۇر ئالەمدە سەندەك يانە بىر ساھىب جەمال،
يادۇرۇر مۇشكى خوتەن يا ئارەزىڭ ئۈستىدە خال.
دېمە قىلماسدۇر ماڭا ئول مەھۋەشى ياش ئىلتىفات،
مېۋە بەرمەسدۇر شەجەر تا باردۇرۇر ھالى نىھال.
كېچەۋۇ كۈندۈز تىلەرمەن ھەقتەئالادىن مۇراد،
كىم ساڭا مۇنكىردۇرۇر تاپغاي قۇياش ئوخشە زەۋال.
رەھم ئېتىپ باقغىل بىرەر ھالىمغە سەن تەڭرى ئۇچۇن،
ھەجرۇ فۇرتەتدىن بولۇپدۇر قامەتىم ئانداغكى دال.
ئازىقىپ ئېرمىش قەلەندەر مەئسىيەتنىڭ چۆلىدە
سەن نەسىب ئەتكىل ئىلاھا، ئاڭا بىر ساھىب كەمال.

* *

ئەي خۇداۋەندا، مېنى كۆڭلۇمنى سەن ئاگاھ قىل،
شەفقەتۇ لۇتفۇڭ بىلە ھەم لايىقى دەرگاھ قىل.
زۇلم ئېلىگە بەرگىسەن سەن لۇتف ئىلە ئىنسافنى،
كىمكى بولسە فەقر ئېلى ئالەمدە ئالى جاھ قىل.
باشلاغىل ئەھلى غۇرۇر ئەلنىڭ ھىدايەت يولىدا،
ئۇلكى باردۇر ئاجىزۇ بىچارە ئانى شاھ قىل.
مەن دېمەسمەنكىم نېگە سەن دەۋلەتۇ دۇنيايىنى،
بارچە ئەلنىڭ مەقدەمىگە مېنى خاكى راھ قىل.
باردۇرۇر ئىچىڭدە سۆزۈڭ گەرچە بىھەددى ھېساب،
قارىدىڭ ئەمدى، قەلەندەر، قىسسەنى كۇتاھ قىل.

* *

ئاي يۈزۈڭنى تۈشدە كۆرسەم مەھۋەشىم،
شەككەردن لەئلىڭنى شورسام مەھۋەشىم.
قۇللارىڭدەك ئىشىكىڭە سۇبھۇ شام،
تا تىرىكمەن دەۋر سۈرسەم مەھۋەشىم.
مەقسەدىمدۇر خەنجەرى خۇنرىز ئىلە،
شۇم رەقىب باشىنى ئۈزسەم مەھۋەشىم.

دەۋلەتۇ فەخرۇ سەئادەتدۇر ماڭا،
خىزمەتىڭگە قانچە يۈرسەم مەھۋەشىم.
مەقسەدىم بۇدۇركى ئۆيۈڭنى سىينىڭ
كىرىپكىم بىرلەن سۈپۈرسەم مەھۋەشىم.
ئەي قەلەندەر كۆرۈپ ئول زىيبا جەمال،
شۇكرى ئىزىدنى كەتۈرسەم مەھۋەشىم.

* *

ساڭا ئوخشە دىلبەرى شىرىن زىبانى كۆرمەدىم،
ھۇسن دەۋلەت تەختى ئۈزە كامرانى كۆرمەدىم.
نەچچەلەر قىلسام تەماشالار بەدەخشان تاغىنى،
لەبلەرىڭدەك ئەي نىگارا لەئل قانى كۆرمەدىم.
گەرچە كۆردۈم قەلئەئى خەيبەر بىلە شەھرى سەبا،
كويۈڭ ئوخشە ئۆزۈمە كىم ھەر زەمانى كۆرمەدىم.
گۈلشەنى ئالەمنى قىلدىم سەيرنى باشدىن ئاياق،
قامەتىڭدەك باغ ئارا سەرۋى رەۋانى كۆرمەدىم.
تا تۇغۇلدۇم ئانادىن ئەي گۈلرۇخى ھۇرى زەمان،
بىر سىينىڭدەك مەھۋەشى ئارامى جانى كۆرمەدىم.
يەر يۈزىنى سەير ئېتىپ كۆردۈم تەمامىن بىر ـ بىرىن،
مەھۋەشى دىلكەش سىينىڭدەك دىلستانى كۆرمەدىم.
ئەي قەلەندەر دىلكەشۇ خاتىر نىشىن، شىرىن كەلام،
دىلبەرىمنىڭ ۋەسفىدەك بىر داستانى كۆرمەدىم.

* *

تاپىلسە تەۋسەنىڭ گەردى كۆزۈمگە تۇتىيا قىلسام،
باشى قىبلەمغە ئانى گەردىنى مەن كىميا قىلسام.
نە بولغاي ئېركىن ئەي دىلبەر مۇسۇلمانزادە گەر بولساڭ،
فىراقى ھەجرىمە جانا ۋىسالىڭنى دەۋا قىلسام.
بۇدۇر مەقسۇدۇم ئەي شوخى، دىلارامى پەرىزادىم،
يۈزۈڭنى كۆرسەمۇ دۇنيادا تەركى ماسىۋا قىلسام.
①..................................................

ھەيانى تاشلادىم جانا سۆزۈمنى بىمەبا قىلدىم،
باشىمغە ھەرنە كەلسە ساڭا ئەرزى مۇددەئا قىلدىم.

---

① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوق. قول يازمىنىڭ مۇشۇ يەرىنكى ۋاردقى يوقالغان.

ئوشۇل كۈندىن كى كۆردۈم ئارەزى خۇرشىدى تابانىڭ،
غەمۇ دەردىڭنى، ئەي گۇلچېھرە، جانىم ئىچرە جا قىلدىم.
جەھاندا تاپمادىم، ئەي سەرۋى ئازادىم، دەمى راھەت،
سېنىڭدەك دىلرەباغە تا ئۆزۈمنى ئاشنا قىلدىم.
ماڭا كۆرسەتمەدىڭ لۇتفۇ كەرەمدىن گۇلشەنى راھەت،
نەچە پىراھەنىمنى ھەجرۇ فۇرقەتدىن قەبا قىلدىم.
مۇرادىم بولمادى ھاسىل، قەلەندەر، بۇ جەھان ئىچرە،
مەگەركىم تەڭرىمە مەن تائەتى رويى رىيا قىلدىم.

*  *

يۈزۈڭە ئوخشاماسدۇر ئاي بىلە خۇرشىدى تابان ھەم،
لەبىڭدەك يوقتۇرۇر ياقۇت بىلە لەئلى بەدەخشان ھەم.
قۇلۇڭ گەر بولسەلەر شەھلەر، تاڭ ئېرمەس، ئەي پەرى پەيكەر،
سېنىڭدەك سۇرمەگەن دەۋران جەھان ئىچرە سۇلەيمان ھەم.
تىشىڭدەك يوقتۇرۇر گەۋھەر بىلە دۇررى تۇمەن ھەرگىز،
قەدىڭگە ئوخشاماسدۇر تۇبىيۇ سەرۋى خىرامان ھەم.
سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز تەبىبى ھازىق ئالەمدە،
چۇ بەردىڭ دەرد ئۆزۈڭ، ئەمدى ماڭا بەرگىل يەنە دەر ھەم.
قەلەندەرغە بېرىپسەن ئىلمۇ فەزلى دەۋلەت ئەي راھىم،
ئەتا قىلغىل يەنە ئاخىر دەمىدە نۇرى ئىمان ھەم.

*  *

دەۋلەتى ئۇزما ئىكەن ۋەسلىڭ، نىگارىم، بىلمەدىم.
ۋەسلىڭە شۇكر ئەتمەدىم، ئەي گۇلئۇزارىم، بىلمەدىم.
قىلمادىم جانىم فىدا ئالدىڭدا، ئەي سەرۋى رەۋان،
ئىچمە قالدى نەدامەت شەھسۇۋارىم، بىلمەدىم.
مەن كۆڭۈل ئۈزدۈمكى تىنغاي خاتىرىڭ بىرلەھزەئى،
ھەسرەتىڭدىن ئۆلەرىمنى، كامكارىم، بىلمەدىم.
پاي پۇستۇڭ تاپتىمۇ جان بەرمەدىم، ئەي شوخ ياش،
مەن قارىغان چاغىمە، ئەي نەۋبەھارىم، بىلمەدىم.
بۇ پۇشەيمانلىقدىن ئۆلسەم، ئەي قەلەندەر، تاڭ ئەمەس،
دەۋلەتى ئۇزما ئىكەن ۋەسلىڭ، نىگارىم، بىلمەدىم.

*  *

ئىستەدىم ئالەمدە سەندەك دىلرەبايى تاپمادىم،
مەھۋەشى، گۇلچېھرەئى نازۇك ئەدايى تاپمادىم.

سەير ئېتىپ كۆردۇم جەھاننى، ئەي پەرىزادى زەمان،
بىر سىنىڭ ئوخشە نىگارى پارسايى تاپمادىم①.
ھىندۇسىند، ئىرانۇ تۇران، ھەم سەمەرقەندۇ بۇخار،
يۇردۇمۇ سەندەك يەنە تەبئى رەسايى تاپمادىم②.
گۇلشەنى ئالەمنى كەزدىم بىر-بىرىن باشدىن ئاياق،
مەھۋەشىم ئوخشە گۇلى شىرىن لىقايى تاپمادىم.
تاكى ئالدى بىر پەرى پەيكەر كۆڭۈلنى سەيد ئېتىپ،
دەردىدىن ئولدۇم قەلەندەر، بىر دەۋايى تاپمادىم.
تالئىم بىلمەم زەبۇندۇر ياكى بەختىم شۇملۇغى،
غۇربەت ئىچرە ئۆلدۇمۇ بىر ئاشنايى تاپمادىم.

* *

يۈزۈڭنى كۆردۇم ئەي گۇل شاد بولدۇم،
جەھان ئەشغالىدىن ئازاد بولدۇم.
سىنى تا كۆردۇم ئەي شىرىنى دەۋران،
غەمۇ دەردىڭ بىلە فەرھاد بولدۇم.
ماڭا بولدى سىنىڭ تا ئىلتىفاتىڭ،
بۇزۇق ئىردى كۆڭۈل، ئاباد بولدۇم.
ۋىسالىڭ چاغلادىم مۇمكىن ئەمەسدۇر،
فىراقۇ ھەجرىڭە مۇئتاد بولدۇم.

جەھاندا كۆرمەدىم راھەت يۈزىنى،
نېگە ئالەمدە مەن ئىجاد بولدۇم.
تولا تارتىپ مۇھەببەتنىڭ جەفاسىن،
غەمۇ دەرد ئىلىگە ئۇستاد بولدۇم.
ساڭا بېرىپ كۆڭۈل ئەي شوخ تەنناز،
شاد ئېردىم دەھرئارا، ناشاد بولدۇم.
يوق ئېركەن ئەي قەلەندەر ئەقلۇ ھۇشۇم.
كى دۇنيا زالىغە داماد بولدۇم.

* *

مەن ۋىسالىڭ باغىدىن كۆزۈمنى گۇلزار ئەيلەدىم،
بۇلبۇلى بىچارەنىڭ كۆڭلىنى ئەفگار ئەيلەدىم.
بولدى بۇلبۇلدەك ئىشىم ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان،
تا ساڭا ئىشقىمنى، ئەي گۇلچېھرە، ئىزھار ئەيلەدىم.
كەلمەدى رەھمىڭ ماڭا، ئەي شوخ شەھر، ئاشۇبى دەھر،
ھەر نەچە دەردۇ غەمىڭدىن كۆزنى خۇنبار ئەيلەدىم.
دەۋلەتىڭ بولسۇن فۇزۇن دەپ، ئەي پەرى پەيكەر، سىنىڭ،
دۇشمەنىڭنىڭ قەتلىغە ئۆزۈمنى تەييار ئەيلەدىم.
كىم ئىشنى ئەي قەلەندەر دېدى بۇلبۇلدۇر مەگەر،
تا سىنىڭ ۋەسفىڭغە، ئەي گۇل، نەچچە گۇفتار ئەيلەدىم.

* *

كۆڭلى يات، نا ئاشناغە ئۇچرادىم،
بىلدىم ئەمدى يۇر جەفاغە ئۇچرادىم.
شۇم ئىكەن بەختىم مىنىڭ ئەي دوستلارە
ئۇل كۆڭۈل نـائاشناغە ئۇچرادىم.

①② تولىيا زىمدا «كۆرمەدىم» يېزىلغان.

كىرفىك ئوقىدىن دەمى تاپماي ئەمان،
تاكى ئوشۇل قاشى ياغە ئۇچرادىم.
شۇكرىللىلاھ چىقتىم ئۆيدىن ناگەھان،
مەھۇەشى شىرىن لىقاغە ئۇچرادىم.
كۆرمەدىم بىردەم جەھاننىڭ راھەتىن،
تاكى ئول نازۇك ئەداغە ئۇچرادىم.

نالەيۇ ئەفغاندىن ئەمدى چارە يوق،
كافىرى قاشى قاراغە ئۇچرادىم.
بارچە ئەل دەردىگە تاپمىدۇر دەۋا،
مەنىڭۇ دەردى بىدەۋاغە ئۇچرادىم.
گەرچە كۆردۇم، ئەي قەلەندەر، كۆپغەزەب،
ئاقىبەت لۇتفى ئەتاغە ئۇچرادىم.

* *

ۋەسفىنىڭ ئەيلەرمەن دەمى، ئاغزىمدا تا بادۇر تىلىم،
باغلادىم تا ئۆلگۇچە بۇ ئىشكە، ئەي دىلبەر، بېلىم.
تولدى ئىچىمدە تۇتۇن، باشىمدادۇر يۇزمىڭ شەرار،
كىمكى بۇ ھالىمنى كۆردى دېدى: «بۇ ئېرىمىش ھەلىم».
جان بېرۇر سۆز بىرلە ئاغزىڭ سائىدەك باردۇر قۇياش،
رەشك ئېتەر بۇ ئىككىسىدىن ئىيساۋۇ مۇسا كەلىم.
كەتمەگەي مېھرىڭ مېنىڭ باشىمدىن ئەي ھۇرى زەمان،
قىلسە بۇ گەردۇنى دون سۆگەكلەرىمنى گەر رەمىم.
باردۇرۇر مېھرىڭىيا بىلمەم ساڭا، ئەي دىلرەبا،
كىم سېنى كۆرسەم سۆيۇنۇر تەندە بولسا ھەر تىلىم.
مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم بولدى نەسىبەت سۇبھۇ شام،
كىمگە بولسە ئەي قەلەندەر دانىشۇ تەبئى سەلىم.

* *

بېھىشتىم ئولدۇرۇر، جانا، ئەگەر ئالدىڭدا ئولتۇرسام،
نەچە شەھدۇ شەكەر سۆزلەر قىلىپ لەئلىڭنى كۇلدۇرسەم.
جەفايۇ جەۋر بىھەد بەسكى كۆردۇم بىۋەفالاردىن،
چىقار جانىم مۇھەببەت ئاتىنى گەر تىلگە كەلتۇرسەم.
بۇدۇر مەتلەب ماڭا، ئەي مەھۇەشى شوخى پەرىزادىم،
رەقىبىمنى قىيناپ زۇلمۇ تەئەددى بىرلەن ئۆلتۇرسەم.
مېنىڭ چىقمايدۇ دەردىم، ئەي قەلەندەر، زەررەچە ھەرگىزە
رەقىبى بەددىيانەتنى ئەگەر ئوت ئىچرە كۆيدۇرسەم.

* *

نەبولغاي دېسەڭ، ئەي گۇلرو، بىرەر ئەرزىڭنى مەن قولسام،
كۆڭۇلدە قالمامىش ئەرمان ئەگەر ھەسرەت بىلە ئۆلسەم.
ۋىسالىڭدىن ماڭا بەسدۇر سېنىڭ، ئەي مەھۇەشى ئالەم،
ئەگەر بىر يەر يۈزىلە بىر فەلەكنىڭ ئاستىدا ئۆلسەم.

مۇرادۇ مەقسەدىم ھاسىل بولۇر ئۇلدەم جەھان ئىچرە،
رەقىبنى بەندۇ بەندىدىن قىلىچ بىرلەن ئەگەر بۆلسەم.
مېنىڭ چىقمايدۇ دەردىم زەررەچە ھەرگىز مۇسۇلمانلار،
رەقىبى شۇمىنىڭ ساقالىنى بىر-بىر ئەگەر يۇلسەم.
«قولۇمسەنسەن، قەلەندەر» دېسەڭ، ئەي شوخى پەرىزادىم،
بېھەشتى جاۋىدان كىرگەنچە بولغايمەن ئەگەر ئۆلسەم.

*　　*

سېنىڭ زالىملىغىڭنى بىلمەس ئېردىم،　　كۆڭۈل بەرگۈنچە سەندەك بىۋەفاغە،
ئەگەر بىلسەم كۆڭۈلنى بەرمەس ئېردىم.　　ئانى ئوتغە سالىپ كۆيدۈرمەس ئېردىم.
ئەگەر بىلسەم ساڭا كۆڭۈل تۈشەرنى،　　ئەگەر بىلسەم ماڭاكىم يوقتۇ مەيلىڭ،
خوتەن شەھرىگە ھەرگىز كەلمەس ئېردىم.　　بارىپ ھەر كۈن سېنى مەن كۆرمەس ئىدىم.
ئەگەر بىلسەم ئىدىم سەن بىۋەفاسەن،　　سېنى گەر كۆرمەس ئېردىم، ئەي پەرىزاد،
سېنىڭ سارى كۆزۈمنى سالماس ئېردىم.　　خوتەن شەھرىدە بىردەم تۇرماس ئېردىم.
ئۆزۈمنى قىلماس ئىردىم مۇنچە رەسۋا،　　قەلەندەر يۇتماس ئېردى ھەر زەمانقان،
ئەگەر ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرمەس ئېردىم.　　پەرىۋەشلەر يۈزىگە باقماس ئېردىم.

*　　*

قارىدىم بۇ جەھان ئىچرە قاچانچە شورۇ شەر قىلسام،
رەفىقىم ئەيلە تەۋفىقنى، بۇ فېئلىمدىن ھەزەر قىلسام.
جەھان شاھى بولۇپ قەسرىمنى يەتكۈرسەم فەلەك ئۆزرە،
نې سۇد يەرگە كىرەرمەن ھەر نەچەكىم كەررۇ فەر قىلسام.
ئەجەل زەھرىنى ئىچمەكدىن كىشىگە يوقتۇرۇر چارە،
ئەگەر تۇتى سىفەت يېمەك غىزايىمنى شەكەر قىلسام.
بۇ دۇن پەرۋەرلەر ئىچرە ئېتىبارىم بولماغاي ھەرگىز،
پەيەمبەر مۇئجىزى ئوخشە ئەگەر شەققۇل-قەمەر قىلسام.
قويۇپ بارغۇمدۇرۇر ئاخىر بۇ دەھرى بىبەقا ھەرگىز،
يۈزىدۇر لەئلۇ گەۋھەر.......①سىيمۇ زەر قىلسام.
كۆزۈمنى ئاچغالى قويماس مېنى بۇ غەفلەتى دۇنيا،
بولۇرمەن لايىقى خىزمەت ئەگەر تائەت سەھەر قىلسام.
ئەگەر ئىيسادىن ئۆتسەم نەچچە مەنزىل يۇقارى تاڭ يوق،
قەنائەتنى ئۆزۈمگە، ئەي قەلەندەر، بالۇ پەر قىلسام.

*　　*

تۈشىدە كۆردۈم سىزنى قۇچۇپ دىلبەرىم،　　دەۋزەخى ئىلچىدە سىز بىزنى قويۇپ،
رەڭگى رويۇم كەتتى ئۆچۈپ دىلبەرىم.　　باردىڭىز سىز باغقە كۆچۈپ دىلبەرىم.

---

① تونيا ژىمدا بۇ سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن.

بارۇر ئىردىم ھەز زەمانى مىلك يولى،
گەر قەناتىم بولسە ئىردى دىلبەرىم.
تۈشدە كۆرسەم شۇم رەقىبى بەستەنى،
ئويغانۇرمەن تۇرفە چۆچۇپ دىلبەرىم.

گۇل يۈزۈڭنى ھەر زەمان ئەيلەپ خەيال،
مەن ئالۇرمەن نەچچە مۇجىب دىلبەرىم.
تاكى سەن باردىڭ، قەلەندەر قالدىزار،
مىھنەتى ھەجرىڭنى قۇچۇپ دىلبەرىم.

* *

خىزمەتىڭنى كۆردۈمۈ بىر ئىلتىفاتى كۆرمەدىم،
شەربەتى لەئلى لەبىڭنى تۈشدە ھەر بىر كۆرمەدىم.
ئۆلگۈدەكمەن ئاقىبەت بۇ ھەسرەتۇ ئەرمان ئارا،
گەۋھەرى مەقسۇدنى قولۇمغە بىر كەلتۈرمەدىم.
قىلمادىم كۆردۈم ئاچىلغۇدۇر جەھاندا بىر كىشى،
شۇم رەقىبنى ئۆلتۈرۈپ ئوتغە تەنىن كۆيدۈرمەدىم.
تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا، ئەي مەھۋەشى ھۇرى زەمان،
راھەتى دەۋران يۈزىنى بىر زەمانى كۆرمەدىم.
ئۆتتى ئۆمرۈم، ئەي قەلەندەر، فۇرقەتۇ ھىجران بىلە،
باغى ۋەسلىغە كىرىپ بىر سائەتى ئولتۇرمادىم.

* *

سىنىڭ بىرلەن ئەگەر ئەھدۇ ۋەفا، ئەي سىيمبەر، قىلسام،
نە ھاجەتدۇر ئۆزۈمنى پادشاھى بەھرۇ بەر قىلسام.
مۇيەسسەر بولماغۇمدۇر گۇلشەنى ۋەسلىڭ تەماشاسى،
كۆزۈمنىڭ نۇرىنى ھىجرانىڭا خۇنى جىگەر قىلسام؛
مەگەر تاپغاي مىنى كۆڭلۈم دەمى ئاسۇدەلىق جانا،
خوتەنىنىڭ شەھرىدىن دەردى فىراقىڭدىن سەفەر قىلسام.
بولۇر ھەر سەرۋى بىر ئوق ھەرگۇلى بىر داغى ھىجرانىم،
ئەگەر گۇلزارى جەننەت سارى سەنسىز يارلىقار قىلسام.
نە مۇشكىلدۇر مۇسۇلمانلار ئىشتمەسدۇر پەرىزادىم،
فىغانۇ نالەدىن ئالەمنى گەر زىرۇ زەبەر قىلسام.
سىنىڭدەك بىۋەفادىن مەن ۋەفا كۆز تۇتماقىم ئانداق،
ئىرۇركىم بىر گەدايىدىن تەمەئ لەئلۇ گۇھەر قىلسام.
مىنىڭ مىھرىم سىنىڭ ئانداقدۇرۇركىم، ئەي دىلئارامىم،
مۇسۇلمان بولمايىن جەۋرۇ جەفايىڭدىن گۇزەر قىلسام.
مىنىڭ جان تاپماقىم ئولدۇر نەسىب ئەتسە خۇداۋەندىم،
تەسەددۇق خەستە جانىمدىن ساڭا، ئەي سىيمبەر، قىلسام.
مۇرادى مەقسەدى بۇدۇر قەلەندەرنىڭ جەھان ئىچرە،
فىراقىڭ ئوقىغە كۆكسۈمنى، ئەي دىلبەر، سۇفەر قىلسام.

*

سېنىڭدەك بىۋەفاغە بىۋەفالىق قىلماقىم لازىم،
پەرىۋەشلەرنى ئىستەپ يەنە بىرنى تاپماقىم لازىم.
سېنىڭدەك تاپماسام دىلبەر ئەگەر، ئەي ھۆرى دەۋرانىم،
خوتەننى تاشلاپ ئۆز شەھرىمغە يانىپ بارماقىم لازىم.
چىقىپ گەر بارماسام خوتەنگە، ئەي خۇرشىدى تابانىم،
رەقىبى شۇم بەدرەك ھەسرەتىدىن ئۆلمەكىم لازىم.
ۋەفالىق چاغلادىم مەن بىلمەدىمكىم بىۋەفا ئېركەن،
ۋەفاسىز ياردىن كۆڭلۈمنى ئەمدى ئۈزمەكىم لازىم.
ۋەفا ھەر نەچچە قىلدىم، ھەر بىرىگە مىڭ جەفا قىلدىڭ،
مۇھەببەت رىشتەسىنى سەندىن ئەمدى ئۈزمەكىم لازىم.
ئۈزۈپ كۆڭلۈمنى سەندىن، گەرچە بار سەن نادىرى دەۋرانە
يەنە بىر دىلرەبا بىرلەن مۇھەببەت تۈزمەكىم لازىم.

* *

مەن ۋەفا ئەھلىدۇرۇرمەن بىر ۋەفادار ئىستەسەم،
يوق سېنىڭدەك بىۋەفا شوخى ستەمكار ئىستەسەم.
تاپ ئۆزۈڭدەك بىۋەفانى سەن ھەم ئاڭا يار بول،
مەن ئۆزۈمدەك رەھىملىك بىر يارى دىلدار ئىستەسەم.
گەر قىچىشسە قولۇم ئانىڭ دەفئىغە قەتل ئەتكەلى،
شۇم رەقىبى بەد دىيانەت بىرلە ئەغيار ئىستەسەم.
ئول پەرى پەيكەر ياراتماي تاشلادى ئاخىر مېنى،
بۇ كەساد ئىشقىمغە ئەمدى بىر خەرىدار ئىستەسەم.
يۈرسەم ئالەمنى، قەلەندەر، سەير ئېتىپ باشىدىن ئاياغ،
ئۆزۈم ئوخشە بىر غەرىبى سىينە ئەفگار ئىستەسەم.

* *

غەمىڭدىن ئۆلدۈم، ئەي نامېھرىبان، بىرگىنە سۆيمەسسەن،
جەفاۋۇ جەۋر-زۇلم ئەتمەكدىن، ئەي گۈلچېھرە، تويماسسەن
فىراقۇ رەشكۇ ھەسرەت ئوتىدا كۆل ئەيلەدىڭ جانىم،
رەقىبى شۇم بەدرەك تىرەسىنى نېگە سويماسسەن.
ماڭا لۇتفۇ تەرەھھۇم ئەيلەپ، ئەي دىلبەر، رەقىبىمنى
غەمۇ دەردۇ ئەلەم، رەشك ئوتىنى جانىغە قويماسسەن.
رەقىب كۆرسە يۈزۈڭنى قان يۇتارمەن رەشكىدىن ھەردەم،
نېگە خەنجەر بىلەن، ئەي پۇر جەفا، كۆزىنى ئويماسسەن.

فىراقىڭ چۆلىدە ئۆلەر قەلەندەر سۇساپ، ئەي دىلبەر،
مۇھەببەت بادەسىدىن زەررەئى جانىغە قۇيماسسەن.

* *

قاچانكىم زۇلفى مۇشكىڭىنكى سەن ھەر تاب ئەيلەرسەن،
يۈرەكلەر تاش ئەگەر بولسۇن ئانى سىماب ئەيلەرسەن.
نەچۈك مەن ئۆلمەيىن دەردۇ غەمىڭ رەشك ئىلە ھەسرەتدىن،
رەقىبلەرنى ئۆزىگە مۇنىسۇ ئەھباب ئەيلەرسەن.
نە ئېركىن مەقسەدىڭ بىلمەم مەن، ئەي خۇرشىدى تابانىم،
سالىپ زۇلفۇڭ بىلە تاب بارچەنى بىتاب ئەيلەرسەن.
گۇناھىم نې ئىكەن بىلمەم مەن، ئەي سەرۋى خىرامانىم،
مېنى، ئەي رۇستەمى بىدادگەر، سۇھراب ئەيلەرسەن.
غەزەب بىرلە چىقىپدۇرسەن، قەلەندەر قورقادۇر بىسەھەد،
ئەجەب گۇلگۇن قەبانى قەتل شەيخۇ شاب ئەيلەرسەن.

* *

مۇھەببەتدىن بىرەر، گۇلچېھرە، سەن كۆڭلۈمنى ئالماسسەن،
كەرەمدىن بىر نەزەرنى بۇ قۇلۇڭ سارىغە سالماسسەن.
سەنەۋبەر ئاجىزۇ ئەسرادۇر يۈز كۆڭلۈڭ، ئەي زالىم،
نېدىن بىرگىنە كۆڭلىنى سەن، ئەي گۇل، سورا ئالماسسەن.
جەفاۋۇ جەۋر — زۇلمۇڭ ماڭا بولدى گويىيا قىسمەت،
ماڭا مىڭ جەۋر قىلساڭ شۇم رەقىبغە بىر قىلالماسسەن.
نې ئېركىن مەقسەدىڭ بىلمەم مەن، ئەي شوخى پەرىزادىم،
نەچە ئەرز ئەيلەسەم ئەرزىمنى سەن بىر پۇلغە ئالماسسەن.
مۇرادىڭ نېدۇرۇر، ئەي دىلبەرى خۇرشىدى تابانىم،
رەقىبى شۇمنىڭ باشىنى تىغىڭ بىرلە ئالماسسەن.
ماڭادۇر نەچچە بەيت يارىم ۋەيا يانىپدۇرۇر بەختىم،
جەفاۋۇ زۇلمدىن جانىمغە قىلماقدىن دەم ئالماسسەن.
قەلەندەردەك بولۇرمەن دەپ مۇھەببەت سارى سەن ماڭساڭ،
مۇھەببەت تەبلىنى، ئەي بۇلھەۋەس، ھەرگىز چالالماسسەن.

* *

فىراقىڭدىن ئىچىمدە ئوت، نىگارا، تا قاچان يانسۇن،
تەسەددۇق ئەيلەسۇن بۇ تەننى ساڭا ئەمدى ئۆرتەنسۇن.
بۇ قاشۇ يۈزۇ كۆزۈڭنى خۇدا خەلق ئەتتى قۇدرەتدىن،
مۇسۇلمان يوقتۇ سەندىن ھەركىشى تا ئۆلگۈچە تانسۇن.

بۇلۇپدۇر ھالەتى نې غەم، مەدەد قىل تالىئىم كىرگەي،
بىرەي جانانغە جانىمنى ئەجەل نەۋمىد بولۇپ يانسۇن،
دىگىلىكىم جەننەتى فىردەۋس ئەئلانى مەكان تۇتتى،
ئىشىكىڭنى سىنىڭ، ئەي دىلرەبا، ھەركىمكى ياستانسۇن.
سۇ ساپ قالىپدۇرۇر يولغە قەلەندەردۇر قۇلۇڭ، رەھم ئەت،
ئاڭا بەر شەربەتى لەئلىڭنى، جانا، تويغۇچە قانسۇن.

* *

مەندەك ئىشق ئوتىدا كۆيگەن بارمۇكىن، ماڭا ئوخشە تولا قويغان بارمۇكىن؟
دەردۇ مىھنەت كۆزىن ئويغان بارمۇكىن؟ دىلرەباسىنىڭ لەبى جان بەخشىدىن،
ھەجر - فۇرقەت شىددەتىدىن بىھىساب، تۇشىدە بىرگىمنە سۆيگەن بارمۇكىن؟
جانىدىن ھەر لەھزە تويغان بارمۇكىن؟ ئىككى كۆزىدىن قەلەندەردەك مۇدام،
يۇرەكىدىن داغى ھەسرەت ھەر زەمان، جەيھۇن ئوخشە ياشنى قويغان بارمۇكىن؟

* *

يۈرەكىم قان بولۇپ ئاقتى، بىرەر ھالىمنى سورمايسەن،
رەقىبلەرنىڭ قاتارىدا مىنى، ئەي شوخ، سورمايسەن.
پەرىشان ئەيلەمە زۇلفۇڭ، پەرىشان بولماسۇن ھالىم،
بۇ ھالىمنى كۆرۈپ زۇلفۇڭ نىگە، دىلدار، ئۆرمەيسەن.
بۇ دۇرمۇ ھۇسن ئىلىنىڭ مەزھەبى، ئەي دىلبەرى رەئنا،
نەچەلەر ۋەئدە قىلدىڭ بىرىگە، ئەي يار، تورمايسەن.
ساڭا بەرگەن بۇ دەۋلەتنى خۇدا ھىچكىمگە بەرمەپدۇر،
نىگە بۇ دەۋلەتى ھۇسنۇڭنى سەن سەرشار سورمايسەن.
نې ئىركىن مەقسەدىڭ، جانا، گۇناھىم بىلمەدىم ھەرگىز،
كۆزۈمگە جىلۋە ئەيلەپ، ئەي پەرى رۇخسار، يۈرمەيسەن.
تۇشۇمدە كىردى ئول خۇرشىد تابانى خىرام ئەيلەپ،
تۇشۇڭنى فەخر ئىتىپ ئەلگە، قەلەندەر، نىگە ئۆرمەيسەن.

* *

كۆكسۈمنى تۈتتۈم ئوقىغە، ئوق ئاتتى ئول نامىھرىبان،
ئوقىغەكىم قىلدىم مەگەر گەردۇن قۇياشىنى نىشان.
بۇ قاشۇ يۈز بىرلەن ئەگەر مەھشەردە كۆرسە گەر ئانى،
ئۆز قۇدرەتىغە ئافەرىن ئەيلەر خۇدايى لامەكان.
قىلدىم جەھانىنىڭ سەيرىنى كۆردۈم پەرىۋەشلەر بارىن،
پاكلىك يۈزىنگدەك كۆرمەدىم ھەر نەچچە قىلدىم ئىمتىھان.
فەرھادۇ مەجنۇن كۆرمەگەن، ھىجراندا مەندەك كۆيمەگەن،

كۆڭلى قاتتىغراق خارەدىن لېكىن ئېرۇر شىرىن زەبان.
باردۇر مۇرادى مەقسەدىم ۋەسفىنى دەفتەرلەر قىلاي،
نېتەي قارىلىق (يەتتىكىم) بەرمەس ئەجەل ئەمدى ئەمان.
ھۇرۇ پەرىغە بىر نەزەر قىلماس قەلەندەر ئۆلگۈچە،
ئەمما نېتەي بىر پۇرجەفا باردۇر ئەجايىب بەدگۇمان.

*　　　*

ئاتلانىپ چىقسە نىگارىم ناز ئىلە گۈل باغدىن،
كىم چىقارالماس قۇياش باشىنى مەشرىق تاغىدىن.
تىشلارىڭ تەك كۆرسە ئېردىلەر ئەگەر دۇررۇ گۆھەر،
چىقماس ئېردىلەر خىجالەتدىن سەدەف قۇرساقىدىن.
قولغە كەلتۇرمەك مەھال ئېرمىش دۇرى مەقسۇدىنى،
كىم مېنىڭدەك ئۇشۇرۇپ قويسە قەدەم ئۇرچاغىدىن.
كۇلبەمە قويساڭ قەدەم گەر لۇتف ئىلە، تەييار ئېتەي،
مەيى جانىم شىرەسىدىن، شەمئىنىڭ كۆز ياغىدىن.
ئەي كۆكۈل، قىلما شىكايەت يار جەۋرۇ زۇلمىدىن،
جانۇ دىل راھەت تاپار دىلدار دەردۇ داغىدىن.
بەرسە ئېردى ھەقتەئالا قۇدرەتۇ قۇۋۋەت ماڭا،
ئۆتكەرۇر ئېردىم قامۇشلار شۇم رەقىب تىرناغىدىن.
بىرلەشىپ ئېركەن قەلەندەر جانۇ كۆكۈل يار ئىلە،
نې بەلا مۇشكىل ئىكەن ئايرىلسە جان ئورتاغىدىن.

*　　　*

سېنىڭ ھىجرانىڭە تاڭ ئاتغۇچە، ئەي يار، يىغلارمەن،
ياقامنى چاك ئېتىپ ھەسرەت بىلە بىسيار يىغلارمەن.
بېرەر لۇتفۇ كەرەمدىن رەھم ئېتىپ ھالىمغە باققايسەن،
نەچە دەردۇ غەممىڭدىن، ئەي مەھى تەررار، يىغلارمەن.
نې بولۇر شەفقەتىڭدىن بىرگىنە يۈزۈڭنى كۆرسەتسەڭ،
فىراق ـ ھەجرىڭە بۇلبۇلدەككى، ئەي گۈلزار، يىغلارمەن.
كېلىۇر كافىرنى رەھمى گەركۆرەر بولسا بۇ ھالىمنى،
رەقىبىڭ رەشكىدىن ھەر سائەتى خۇنبار يىغلارمەن.
كۆرۈپ مەن تا جەمالىڭنى سېنىڭ، ئەي لەيلىئى دەۋران،
ئىشكىڭدە بولۇپ مەجنۇن قەلەندەرۋار يىغلارمەن.

*　　　*

جەھان گۈلزارىدا بىر مەھۋەشى شىرىن زەبان سەنسەن،
قۇياشنىڭ رەشكىيۇ ھۇرۇ پەرى سىيمى بەدەن سەنسەن،

ئەجەب ئىرمەسكى تۇندەلىكنىكىم سەن ئەلگە سالدۇرساڭ،
گۇلستانى ئىرەم باغىدا بىر سەرۋ ياسىمەن سەنسەن.
ساڭا بەرمەي كۆڭۈل نىتكەي خەلايىق، ئەي مەهى دەۋران،
پەرىزادى زەمانۇ دىلرەباۋۇ گۇلبەدەن سەنسەن.
ساڭا كىم بەرمەسە كۆڭۈل بەشەرنىڭ جىنسىدىن ئىرمەس،
بەدەخشان لەئلىسى ھەم گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن سەنسەن.
نىچۇككىم بولماسۇن ئالەم مۇئەتتەر چىقساڭ ئۆيۈڭدىن،
ئىپارۇ ئۇدۇ ئەنبەر، سۇنبۇلۇ مۇشكى خوتەن سەنسەن.
تاڭ ئىرمەسمۇر قەلەندەر رەشكىدىن پەرۋانەدەك كۆيسە،
نىدىنىكىم دەھرنىڭ بەزمىدە شەمئى ئەنجۇمەن سەنسەن.

*  *

گۇلرۇخۇم بىرلەن ئىچىشىم جامى گۇلگۇندۇر بۇ كۈن،
ئىشرەتىم جەمشىدۇ ئىسكەندەردىن ئەفزۇندۇر بۇ كۈن.
ۋەسل باغىدا نىگارىم ئەيلەگەچ كۆپ ئىلتىفات،
سۆزنى جۇشى كۆڭلۈمە دەريايى جەيھۇندۇر بۇ گۈن.
گۇلشەنى دۇنيادا تا قويدۇم قەدەم يۈز شۇكر كىم،
رەشك، ھەسرەتدىن رەقىبنىڭ يۈرەكى قاندۇر بۇ كۈن.
لۇتفىدىن ئەز بەسكى قىلدى دىلبەرىم كۆڭلۈمنى شاد،
ئالدىمە شاگىردىم ئوخشە يۈز فلاتوندۇر بۇ كۈن.
سىنى مەن ۋەسف ئەتكەلى، ئەي دىلرەبا، سۇردۇم قەلەم،
سۆزلەرىم باشدىن ئاياغى دۇررى مەكنۇندۇر بۇ كۈن،
تاكى بەردى، ئەي قەلەندەر، لۇتفىدىن جامى مۇراد،
تالىئىمنىڭ زىرى دەستى چەرخى گەردۇندۇر بۇ كۈن.

*  *

ئەگەر گۇل بىرلەن ئولتۇرسام دەمى غەمناك ئەيلەرمەن،
ۋەگەر غۇنچە بىلە بولسام گىرىبان چاك ئەيلەرمەن.
فەلەك بەختىمنى ئەيلەپدۇر قارا ئانداق، مۇسۇلمانلار،
ئەگەركىم قارغە ياقسامەن ئوشۇلدەم زاك ئەيلەرمەن .
مۇيەسسەر بولماغاي ۋەسفىڭ ماڭا، ئەي دىلبەرى زالىم،
فىراقىڭدىن ياقامنى ھەر زەمانى چاك ئەيلەرمەن.
ئەگەر بەرسۇن خۇداۋەندىم ئەگەر ئۆز لۇتفىدىن قۇدرەت،
رەقىبنىڭ يىلدىزىنى يەر يۈزىدىن پاك ئەيلەرمەن.
قەلەندەرنىڭ قىلىپدۇر تەلخ كامىنى فەلەك ئانداق،
شەكەرنى ئاغزىمە ئالسام ئەگەر تەرياك ئەيلەرمەن.

* *

ماڭا يالەپدۇرۇر كىرفىڭ ئوقىن بىر نەرگىسى مەئشۇق،
دېمەنن دەۋلەت قۇشى كېلۇر بولۇرغە كۆڭلۇمە مەقرۇن.
سېنىڭ ھۇسنۇڭ قارىنى نەۋجەۋان ئەتسە ئەجەب ئېرمەسە
ئېرۇر مەشھۇر جەھاندا كىمىيا مىسنى قىلۇر ئالتۇن.
يۇرەڭ قان بولدىيۇ ئاقاردى كۆزۇم ئىنتىزارىدىن،
لەبى لەئلى بەدەخشاندۇر، تىشىدۇر گەۋھەرى مەكنۇن.
فىراقىدا ئاقار بېھەد ئىكى كۆزۇم ياشى تۇرماي،
ئانى كۆرگەن گۇمان ئەيلەر بىرى سەيھۇن، بىرى جەيھۇن.

* *

ئايتىڭ ئول زالىمغەكىم زۇلمۇڭ ماڭا تا تۇرماسۇن،
ھەجرۇ فۇرقەت ئوتىدا مۇنچە مېنى كۆيدۇرمەسۇن.
ئەي مۇسۇلمانلار، ئاڭا پەندى - نەسىھەت بىرلە دەڭ،
زۇلم ئىلە جەۋرۇ جەفاسىنى ماڭا ئۆستۇرمەسۇن.
دەۋزەخى ئوتىدا قىلماس تاقەتۇ سەبرۇ قەرار،
ھەجرۇ فۇرقەت ئوتىدا ھەركىم مېنى كۆيدۇرمەسۇن.
دېسە بۇلغاي ئول كىشىنى ساھىبى ئەھلى خىرەد،
تاتىرىكدۇر ئەھد قىلغان بولسە ئول سىندۇرماسۇن.
گەۋھەرى مەقسۇدىنى ئالەمدە تاپماقدۇر مەھال،
ماسىۋادىن كوڭلىنى ھەرگىزمۇ ئول تىندۇرماسۇن.
تائەتۇ خەيرى سەخا بۇ ئەل رىيايى ئەيلەمىش،
ئەھلى تەقۋا ئولدۇرۇر تەقۋاسىنى بىلدۇرمەسۇن.
ناسىھا، ئايتغىلكى ئول قىلسۇن بىرى لۇتفۇ كەرەم،
جەۋر - زۇلمى قەتل ئىشىغە ئۆزىنى كۆيدۇرمەسۇن.
تاپماغاي ھەرگىز شەرابى ئەنتەھۇرنىڭ لەززەتىن،
بىر پەرى پەيكەر لەبىدىن بىرگىنە سۆيدۇرمەسۇن.
قىلماغاي ئېرشادنى ھېچكىم جەھاندا ئېئتىبار،
تاپماغاي ئىشقى مۇھەببەت خەتغە قوقادۇرماسۇن.
ئەي مۇسۇلمانلار، ئاڭا ئايتىڭ قەلەندەر ھالىنى،
شۇم رەقىبغە لۇتف ئېتىپ، بىچارەسىن ئۆلتۇرمەسۇن.

* *

ئەي پەرى پەيكەر، ساڭا تا ئاشنا بولدۇم بۇ كۇن،
مېھنەتۇ جەۋرۇ جەفاغە مۇبتەلا بولدۇم بۇ كۇن.
گۇلشەنۇ گۇلزارى ۋەسلىڭنى تاماشا قىلغالى،

پەيرەۋى ھەم ھەمدەمى بادى سەبا بولدۇم بۇ كۈن.
تا سىنىڭ دەردۇ غەمىڭنى ھەق ماڭا قىلدى نەسىب،
ئەيشۇ ئىشرەت بىرلە راھەتدىن جۇدا بولدۇم بۇ كۈن،
كۆرۈپ، ئەي خۇرشىدى تابانى جەھان ئارا يۈزۈڭ،
بارچە خوبلاردىن ئۆزۈپ كۆڭۈل سىۋا بولدۇم بۇ كۈن.
شۇم رەقىبى سەگكە قىلدىڭ تا سەن، ئەي گۈل، ئىلتىفات،
ئۆلمەكىمگە رەشكىدىن، جانا، رىزا بولدۇم بۇ كۈن.
ئەي پەرىزادى زىمانىم، تا ماڭا مەيل ئەيلەدىڭ،
فەخر ئېتىپ دەرمەن بۇ دەم: «ئاھەگرەبا بولدۇم بۇ كۈن».
مەن سىنىڭ ئىشقىڭدا، ئەي لەيلىيۇ شىرىن كارى دەھر،
مەجنۇن ئوخشە سۆزلەمەككە بىنەبا بولدۇم بۇ كۈن.
تاكى بولدۇم، ئەي قەلەندەر، ئۇل پەرىۋەشنىڭ قۇلى،
بۇ شەرەفدىن ساھىبى تاجى قەبا بولدۇم بۇ كۈن.

* *

بۇ نە يۈزدۇركىم كۆرەرگە مىڭ قىلۇرمەن ئارزۇ،
مىڭ ئەگەر كۆرسەم يەنە يۈز مىڭ قىلۇرمەن ئارزۇ.
سەنسىزىن گەر بارچە ئالەم ئۆزرە بولسام پادىشاھ،
قۇللارىڭغە قۇل بولارنى مەن قىلۇرمەن ئارزۇ.
سالسە فۇرقەت دەشتىدە بۇ گەردۇنى دون رەشكىدىن،
گۈلشەنى ۋەسلىڭنى ھەردەم مەن قىلۇرمەن ئارزۇ.
ئۆزگەلەر گەر تالىبى ۋەسلىڭدۇرۇر، ئەي دىلرەبا،
دەۋلەتى ھەجرىڭ سىۋەرنى مەن قىلۇرمەن ئارزۇ.
تا مىنى ئىشقىڭدا، ئەي گۈلرۇخ، قەلەندەر ئەيلەدىڭ،
بۇلبۇلىدۇرمەن چەمەننى مەن قىلۇرمەن ئارزۇ.

* *

كۆيدى جانىم فۇرقەتىڭدىن يۈرەكىم ھەم بولدى سۇ،
يەتمەدى زۇلفۇڭ نەسىمىدىن دىماغىم ئىچرە سۇ.
مۇددەتىدۇركىم فىراقىڭ دەشتىدە ئاۋارە مەن،
نى بولۇر قىلساڭ بىرەر يۈتكەن قۇلۇڭنى جۇستىجۇ.
سەگ رەقىبنى قانچە باقساڭ كۆرمەس ئادەم سانىدا،
ئاقارارمۇ گەر قارا كىگىزنى قىلساڭ شۇستىشۇ.
مەقبۇل ئولماي قالماغاي ھەرگىز خۇدايىم ئالدىدا،
كۆز ياشىڭ بىرلەن ئىبادەتغە ئەگەر قىلساڭ ۋۇزۇ،
زەررەچە ئىلماس كۆزىگە، ئەي قەلەندەر، ئۇل قۇياش،
دىلبەرىڭ ۋەسفىدە قىلساڭ نەچچە دەفتەر گۇفتىگۇ.

* *

هيچ كىشىنى قويماغىل، يا رەب، غەمى ھىجران بىلە،
يۇسۇفى كەنئانى ئوخشە مىھنەتى زىندان بىلە.
كۆرسەلەر گەرخانۇ شەھلەر بەلكي سۇلتانى زەمان،
قىلغۇدەكدۇر خىزمەتىڭنى، ئەي پەرىۋەش، جان بىلە.
كۆرمەدىم لەئلى لەبىڭنى يا تىشىڭدەك گەۋھەرى،
قانچە ئاختاردىم جەھاننى بەھر ئىلەيۇ كان بىلە.
بىرگىنە كۆرمەي يۈزۈڭنى دەھر ئارادا ئۆلگۇچە،
كەتكۇدەكمەن ئاقىبەت بۇ ئارزۇ ئەرمان بىلە.
ئول گۈلى جەننەت فىراقىدا، قەلەندەر، سۇبھۇ شام،
ئۆلگۇدەكمەن بۇلبۇل ئوخشە نالەيۇ ئەفغان بىلە.

* *

ياكى بۇ تۈننى يىبەردى ھەقتەئالا بۇ كېچە،
مىھنەتۇ غەم قىلدىلار جانىمنى مەئۋا بۇ كېچە.
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ ۋەسل ئىلە رەھـم ئەيلەگىل،
قىلماغىل، يا رەب، مېنى ئالەمدە رەسۋا بۇ كېچە.
كەلمەسەڭ ئۆزۈڭ ئەگەر تۈشۈمدە ھەم كۆرسەم يېتەر،
ئەيلەمە، ئەي بىۋەفا، بۇ قۇلنى شەيدا بۇ كېچە.
قالماغاي تىرىك قەلەندەر تاڭغىچە باردۇر مەھال،
بەندە بولساڭ ھەقغە ئەيلە زۇھدۇ تەقۋا بۇ كېچە.

* *

ماڭا باردۇر ھەۋەس ئەللاھ ـ ئەللاھ!
دېسەم مەن ھەر نەفەس ئەللاھ ـ ئەللاھ!
تەمامى فۇھش، لەغۋۇر ھىرزلىقدا،
ئۆتۇپ ئۆمرۈم ئەبەس، ئەللاھ ـ ئەللاھ!
مېنى ۋەسۋاسى شەيتانى لەئىندىن،
ئەمان بەر بىر نەفەس، ئەللاھ ـ ئەللاھ!

بۇ كۆڭلۈم تۇرفە ئېردى ئاسمان سەير،
بولۇپدۇر تەن قەفەس، ئەللاھ ـ ئەللاھ!
سېنىڭدەك يوق جەھانى فانى ئىچرە،
ماڭا فەريادرەس، ئەللاھ ـ ئەللاھ!
قەلەندەر بولماغىل غافىل زەمانى،
دېگىلسەن ھەر نەفەس ئەللاھ ـ ئاللاھ!

* *

يا قىيامەت كېچەسىدۇر ياكى زۇلمەت بۇ كېچە،
يا غەزەبى خەلق قىلغان ھەجرۇ فۇرقەت بۇ كېچە.
يا ماڭا زۇلم ئەتكەلى خەلق ئەتتى خەللاقى جەھان،
كىمىيا بولدى كۆزۈمگە خابى غەفلەت بۇ كېچە،
يولۇڭە تارتىپدۇرۇر ئەز بەسكى بىھەد ئىنتىزار،

ئاچغۇچە قالماپدۇرۇر كۆزۈمگە قۇدرەت بۇ كېچە.
يا مېنى ئۆلتۈرگەلى كەلدى سىپاھى غەم چېكىپ،
ياكى زۇلمەتدىن تۇغۇلغان قەھرۇ ئافەت بۇ كېچە.
بارچە ئەلگە بارمۇدۇر بىلمەم مېنىڭدەك دەردۇ داغ،
يا مېنىڭ جانىمغە بولمىشدۇر قىيامەت بۇ كېچە.
گەر مونىڭدەك بارمۇدۇر ھەجرۇ فىراقىڭنى تۈنى،
بىر كىشى قالماپدۇرۇر ھەرگىز سەلامەت بۇ كېچە.
مەن ئۆزۈمدىن چاغلادىم بۇ كېچەنىڭ شىددەتلەرىن،
كۆرمەگەندۇر ھېچ كىشى ھەر گىز فەراغەت بۇ كېچە.
مېڭىدىن بىرنى دېدىم ئەل بولماسۇنلار دەپ مەلال،
شەرھ ئەگەر قىلسام، مۇسۇلمانلار، قىيامەت بۇ كېچە.
يا دېنىڭ بەختىم قاراسى يا ئەجەلنىڭ يەتكەنى،
يا مېنىڭ جانىمغەدۇر ھەجرى جىھافەت بۇ كېچە.
ساڭا بولدى شامى ھەجرىڭ ئاقىبەت سۇبھى ۋىسال،
گەرچە تارتتىڭ، ئەي قەلەندەر، رەنجۇ مېھنەت بۇ كېچە.

* *

ئايتىڭ ئۇل دىلبەرغە كىم رەھم ئەيلەسۇن بۇزارغە،
يۈرەكى يۈز پارەۋۇ بۇ كۆزلەرى خۇنبارغە.
باش قويۇپ يىغلاڭ ئاياغىغە، مېنىڭ ئەرزىمنى دەڭ،
بولماسۇن غافىل مېنىڭ ھالىمدىن ئۇل دىلدارغە.
ياپمايىن ئايتىڭ سۆزۈمنى، گەر مۇسۇلمانزادە سىز،
تۇتىدەك ئەفغان قىلۇرمەن لەئلى شەككەر بارغە.
قىلدۇرۇڭ يانە بۇ ئەرزىمنى سىز، ئەي ئەھبابلار،
جەۋر-زۇلمى بىرلە ئاسۇن شۇم رەقىبنى دارغە.
كېچەيۇ كۈندۈز قەلەندەرنىڭ مۇرادى بۇدۇرۇر،
قىلماسۇن لۇتف تەرەھھۇم ئۇل پەرى ئەغيارغە.

* *

قاچىپ بولماس ئېكەن ھەرگىز سېنىڭ قىلغان جەفايىڭغە،
نەچۈنكىم باغلانىپ ئېركەن كۆڭۈل بەندى قەبايىڭغە.
قولۇڭغە ئالساڭ ئايىڭنى نىگارا تۇرفە قورقارمەن،
يۈزۈڭ كۆرۈپ مېنىڭدەك تۈشمەگەيسەن ئۆز بەلايىڭغە.
قىلا ئالمان سىفاتىڭنى نەچۈنكىم ئەقل يەتمەسدۇر،
ھەببە شەھلەر ئېگەر باشىن سېنىڭ بولغان گەدايىڭغە.
تىلەرمەن كېچەۋۇ كۈندۈز خۇدايى لامەكانىمدىن،

سىنى يەتكۇزسە پات ۋۇرسەت مۇرادۇ مۇددەئايىڭغە.
ياراتىپدۇر خۇداۋەندىم سىنى ھۇسنۇ لەتافەتدىن،
خىجالەتدە قالۇر يۇسۇف ئەگەر باقسە چىرايىڭغە.
نەھەددى كىمسەنىڭ باردۇر بىلىشدە ساڭا تەڭ ئۇلغاي،
فلاتون ئافەرىن ئەيلەر سىنىڭ ئەقلى رەسايىڭغە.
ساڭا بەرگەن بۇ دەۋلەتنى خۇدا ھىچكىمگە بەرمەپدۇر،
بىھىشتنى ئارزۇ قىلماس كىشى كىرسە سەرايىڭغە.
نې بولۇر ئىركىن، ئەي دىلبەر، سىنىڭ ھالىمغە رەھم ئەتسەڭ،
كىچە ـ كۇندۇز قولۇڭدۇرمەن ھەمىشە ھەم دۇئايىڭغە.
قەلەندەرنىڭ باشى ئاشەكى ئەرشىدىن ئەجەب ئىرمەس،
مۇيەسسەر بولسا گەر سۇرتسە كۆزنى خاكپايىڭغە.

* *

مۇسۇلمانزادە گەر بولساڭ، مىنى، ئەي يار، يىغلاتمە،
فىراقۇ ھەجر ئوتىدا كۆيدۇرۇپ سەن زار يىغلاتمە.
سىنىڭ ۋەسفىڭدىن ئۆزگە يوقتۇرۇر ھەرگىز خەيالاتىم،
جەفاۋۇ جەۋردىن، ئەي زالىمى خۇنخار، يىغلاتمە
گۇلى گۇلزارى جەننەتسەن بۇ دەمدە، ئەي پەرى پەيكەر،
غەرىبدۇر بۇلبۇلۇڭ، ئەي گۇل، ئانى بىسيار يىغلاتمە.
كۆرۈپدۇر بۇ خۇتەندە ئاي يۇزۇڭنى، ئەي مەھى تابان،
فىراقۇ ھەجرىڭە، ئەي دىلرەبا خۇنخار، يىغلاتمە.
نىگارا، تا تىرىك بولساڭ بارادۇرۇر دۇئا گويۇڭ،
تەئەددى بىرلە زۇلم ئەيلەپ ئانى بىكار يىغلاتمە.
ئەگەر ئۇچراپ كىلۇر بولسە، پەرىيۇ ھۇر باقماسدۇر،
ئاڭا لۇتفۇ كەرەم ئەيلەپ پەرى رۇخسار يىغلاتمە.
بولۇپ بۇلبۇل كەبى ئاھۇ فىغانۇ، نالەيۇ زارى،
تەرەننۇم ئەيلەگىل، ئەي گۇلشەنۇ گۇلزار يىغلاتمە.
كۆرۈپدۇر ئارەزىڭنى ئول قۇياش سارىغە باقماسدۇر،
بىرەر كۆرسەت يۇزۇڭنى، ئانى، ئەي دىلدار، يىغلاتمە.
ئەگەرچە ئول يامان بولسا، خۇدانىڭ بەندەسىدۇر ئول،
ئانى سەن قۇللۇغىڭدىن ئار ئېتىپ، زىنھار يىغلاتمە.
ئىرۇر بىچارە ئى خارۇ زەئىفۇ ئاجىزۇ مەھرۇم،
ئاڭا رەھم ئەيلەگىل، ئەي ساھىبى ئەسرار، يىغلاتمە.
ياتىپدۇر ئىشىكىڭنى ياستانىپ، شامۇ سەھەر يىغلاپ،
يۇرەكىن قان ئېتىپ، كۆزلەرىنى خۇنبار يىغلاتمە.
ئۆلەرمەن فۇرقەتىڭدە، گەر خۇدانىڭ بەندەسى بولساڭ،

لەبی لەئلىڭنى قىلغىل ماڭا شەككەر بار، يىغلاتمە.
قارىپدۇر خىزمەتىڭە ئۆلگۈدەك بولۇپدۇرۇر ئەمدى،
مۇرۇۋۋەت ئەيلە سەن، ئەي نەرگىسى بىچارە، يىغلاتمە.
قەلەندەردۇر غەرىبۇ بىكەسۇ بىچارەئى مەھزۇن،
رەقىبى رەھم ئىتىپ زۇلم ئىلە سەن ئەغيار، يىغلاتمە

* *

بىر گۈلنى، كۆرمەدىم بۇلبۇلنى دىلشاد ئەيلەسە،
فۇرقەتۇ ھىجرانىدىن بىر لەھزە ئازاد ئەيلەسە.
تا قاچانچە ئول قىلۇر جەۋرۇ جەفاۋۇ زۇلمىنى،
نى بولۇر ئەمدى بىرەر رەھمىنى بۇنياد ئەيلەسە.
كۆرگۈسىدۇر بىستۇن تاغىدا كۆپ جەۋرۇ جەفا،.........
ھەر كىشى شىرىن ئۈچۈن ئۆزىنى فەرھاد ئەيلەسە.
يوقتۇرۇر كۆڭلىدەكىم بۇلبۇلغە قىلماي ئىلتىفات،.........
مەقسەدىدۇر كىچە - كۈندۈز زۇلمى بىداد ئەيلەسە.
تاڭ ئەمەسدۇر دىسەلەر ئانى سۇلەيمانى زەمان،
كىمنىكىم بىر دىلبەرى لۇتف ئىلە ئىمداد ئەيلەسە.
دەۋزەخ ئوتىدا ئانىڭ جىسمى، قەلەندەر، كۆيمەگەي،
ئىشق ئوتىدا ھەر كىشى ئۆزىنى مۇئتاد ئەيلەسە.

* *

ئەگەر بوينۇمغە زەنجىرى قولۇمغە يۈز كەمەند ئولغاي،
بەناگاھ دەردىمەندىغە تەرەف نادەردمەند ئولغاي.
جەھان لەززەتىدىن ئۆزگە كۆڭۈلنى قىلماي ئەندىشە،
قايۇ بىچارە بىر مەھۋەش پەرى زۇلفىغە بەند ئولغاي.
كۆڭۈل بەرسە بىرۇر بىر مەھۋەشى شوخىغە تاڭ ئىرمەس،
مىنىڭدەك ئاجىزۇ زارۇ زەئىفۇ مۇستەمەند ئولغاي.
بىھىشت ئىچرە ئەگەر ئولسام ئانىڭسىز، دەۋزەخىم ئولدۇر،
ئەگەر دەۋزەختە بولسام ئول بىلە نى غەم گەزەند ئولغاي.
ئەگەر بوينۇمغە ئاسسە زەنجىرى زۇلفى سەمەنسانىن،
دىمەڭكىم كەئبە قەندىلى تەنابىدىن كەمەند ئولغاي.
جەفاۋۇ جەۋرۇ مىھنەت بىرلە ئۆمرى خىزمەتىن قىلسام،
نى بولغاي ئىلتىفاتىدىن ماڭا بىر نۇش خەند ئولغاي.
يامان كۆز تەگمەسۇن ھەسنۇ جەمالىڭگە دەپ ئەي دىلبەر،
جانىم ئوت مەجمەر ئىچرە ئەي پەرىزادىم پىسەند ئولغاي.
كىشى بەرسە كۆڭۈل بىر مەھۋەشى نامىھرىبانىغە،

تاڭ ئېرمەستۇر مېنىڭدەك ئەلگە گەر خارۇ نەژەند ئولغاي.
قەلەندەردەك قۇلۇڭ يوقتۇر جەھاندا، ئەي پەرى پەيكەر،
.بىرەر لۇتفۇ كەرەمدىن نې بولۇر ئول مېھرەمەند ئولغاي.

* *

سېنىڭ ھۇسنۇڭ مېنىڭ ئىشقىم بىرى بىرگە كېلىشىپدۇر،
ئىكى گەۋھەرنى بىر ئىققە خۇدا ۋەنددىم تىزىشىپدۇر.
دىلئارامىم پەرى دېسەم، پەرىلەر ئوخشەماس ھەرگىز،
مەگەر بىلقىس بىلە يارىم بىر ئەمچەكدىن ئېمىشىپدۇر.
كۆرۈڭ ئىككى ۋەفالىق ئىشقىنىڭ دېھقانىنىڭ ھالىن،
مۇھەببەت دانەسىن ئىككى كۆڭۈللەرگە تېرىشىپدۇر.
①..............................................................

* *

②.........................................................
ئۆرتەشىپدۇر داغى ئىشقىڭ بۇ قەلەندەر كۆڭلىدە،
يوق ئانىڭ ئوخشە يەقىنراق تەندە جانۇ گۆلدە بۇي.

* *

ئىلتتى كۆڭلۈمنى خوتەندە بىر ئەجايىب دىلبەرى،
ئول پەرۋەش نازەنىن بىر باقمادى ئاشىق سارى.
كىم كۆرۈپدۇر بۇ جەھان ئىچىندە مەندەك زارنى،
يۈرەكى، باغرى كەبابۇ كۆزلەرى خۇنبارنى.
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈلنى، ئەي مەھى نامېھرىبان،
كۆرمەدى ھېچكىم بۇ ئالەم ئىچرە مەندەك خارنى.
نې بولۇر قەتل ئەيلەسەڭ سەن ھەيدەرى كەرراردەك،
شۇم رەقىبى زالىمى خۇنخارەئى بەدكارنى.
نې ئىلاج ئەيلەي، مۇسۇلمانلار، مەن ئول سەييادغە،
جان قۇشۇمغە دام ئېتىپدۇر تۇررەئى تەررارنى.
نې بولۇركىم ماڭا ھەم بىر ئىلتىفاتى ئەيلەسەك،
لۇتفۇڭ ئىلە قول قىلىپسەن مۇئمىنۇ كۇففارنى.
قىلمادى جەمشىدۇ ئىسكەندەرگە بۇ دۇنيا ۋەفا،
چالغىل، ئەي مۇترىب، رەبابۇ قانۇنۇ سەتارىنى.
دەۋر ئەگەر سۇرسەڭ سۇلەيماندىن سەن، ئەي ئالىي گۆھەر،

---

① بۇ يەردە مەزكۇر قول يازمىنىڭ بىر نەچچە ۋارىقى كەم.
② بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى قول يازمىنىڭ يوقالغان بەتلىرىدە.

قىلدۇرۇر ئاخىر سېنى، بۇ چەرخى ناھەمۋارنى.
تاپمادىم ئىستەپ، قەلەندەر، دەھر ئارا باشدىن ئاياغ.
دېگەلى رازى دىلىم بىر ساھىبى ئەسرارنى.

*　　　　*

ئۆرتەدى ساۋۇغلىغىدىن جىسىم ئىلە جانىمنى دەي،
تۇت ماڭا بىر جامى مەي، ئەي ساقىئى فەرخۇندە پەي.
ھېچ تاپىلماسدۇر جەھان ئىچىندە بىر ئەھلى ۋەفا،
سەئيىنلە قىلساڭ ئەگەركىم بۇ فەلەك ئاستىنى تەي.
باغلاغىل رەختى سەفەر بارماق ئۈچۈن ئامادە بول،
قالماغاي ئۇشبۇ جەھان ئىچىندە ئاخىر ھېچ شەي.

*　　　　*

نې بولغايكىم بىرەر كۆرسەم نىگارى مېھرىبانىمنى،
فىدا ئالدىدا قىلسام زەۋق ئىلە جانۇ جەھانىمنى.
مۇيەسسەر بولسا ئۇمرۇمغە ئەگەركىم بىر يۈزىن كۆرسەم،
تەسەددۇق ئەيلەسەم ئول سەرۋىگە بۇ تەندە جانىمنى.
نېدىن فەرھاددەك بولماي جەھاندا، ئەي مۇسۇلمانلار،
كۆڭۈل مىرئاتىدا كۆردۇم ئۇشۇل شىرىن زەبانىمنى.
دېمەي ئادەمنى يالغۇز بەل يالاڭ ھەم چىدايا ئالماس،
چىقارسام گەر ئىچىمدىن نالەۋۇ ئاھۇ فىغانىمنى.
تاڭ ئېرمەسدۇر، زىلەيخادەك قارىلىق چاغدا ياش ئولسام،
كۆرەر بولسام ئەگەر كىم دىلبەرى يۇسۇف نىشانىمنى.
تاپائالماي يۈرۈپدۇرمەن جەھاندا بىسەرۇ سامان،
سوراي كىمدىن ئۇشۇل گۈل چېھرەئى ئەبرۇ كەمانىمنى.
غەمۇ دەردۇ ئەلەمدىن قورقۇشۇپ جان بەرسە تاڭ ئېرمەس،
ئىشىتۇر بولسا گەر فەرھادۇ مەجنۇن داستانىمنى.
قەلەندەر، ئازدۇرۇر ئول دىلبەرى نا مېھرىبانىمغە،
فىدا قىلسام ئەگەر كىم جان بىلە ھەم خانۇمانىمنى.

*　　　　*

شەككەرىن لەئلى لەبىڭنى تۇشدە كۆرسەم كاشكى،
شۇم رەقىبىنىڭ رەشكىدىن كۆزىنى ئويسام كاشكى.
يەتتە ئىقلىمنىڭ شەھى بولغۇنچە، ئەي ساھىب جەمال،
قۇللارىڭدەك ئىشىكىڭدە دەۋر سۈرسەم كاشكى.
تا قاچانچە كۆڭلۈمە ۋەسلىڭنى قىلغۇمدۇر خەيال،

ئارەزى خۇرشىد تاباننىڭنى كۆرسەم كاشكى.
بۇدۇنيا ئۇشبۇ جەھاندا مەقسەدىم، ئەي دىلرەبا،
خىزمەتىڭگە، ئەي پەرى، ئۆلگۈنچە يۈرسەم كاشكى.
كېچەيۇ كۈندۈز تىلەكىم ھەقتەئالادىن مۇراد،
شەككەرى لەئلى لەبىڭنى تۇشدە كۆرسەم كاشكى.

* *

ھېچ كىشى مەندەك سىينىڭ ئىشقىڭدا شەيدا ئولمادى،
چىقتى. مەجنۇن مەندەكۇ ئول ئەلگە رەسۋا بولمادى.
تاپمادى ھەرگىز سەلامەتلىك مۇھەببەت شەھرىدە،
كىمگەكىم مۇلكى مەلامەت ئاڭا مەئۋا بولمادى.
تالىبى راھەت دېسەڭ تەركى مۇھەببەت ئەيلەگىل،
كەچمەيىن جان نەقدىنى ھېچكىمگە شەۋدا بولمادى.
گەۋھەرى مەقسۇدىنى ئول تاپمادى بۇ بەھر ئارا،
كىمگەكىم ئىشقى مۇھەببەت دەردى پەيدا بولمادى.
ئاھ ئوتىدىن تولدى ئالەم بولماسا يوق ئېردى ئوت،
كۆز ياشىم تا قۇيمادىم ھەجرىڭدە دەريا بولمادى.
تاپغۇسىدۇر ھۇسن ئېلى ئىشق ئېلىدىن فەيزۇ فۇتۇھ،
تا قانىمنى تۆكمەدى، ئول لەئل گويا بولمادى.
كەچمەدى تا نەگكۇ ناموسدىن قەلەندەر دەھر ئارا،
سىككەئى ئىشقى مۇھەببەت نەقشى بەرجا بولمادى.

* *

كۆرمەدىم سەندەك جەھاندا مەھۋەشى دىلدارنى،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ شوخ گۇل رۇخسارنى.
بىر سېنىڭدەك يوقتۇرۇر دۇنيادە ئىززەت تەختىدە،
ھەم مېنىڭدەك كىم كۆرۈپدۇر ساھىبى ئازارنى.
مەن ياماندىن قاچسە كىم ئول خالىقى پەرۋەردىگار،
گۇلغە قىلدى ھەمنىشىن گۇلشەن ئىچىندە خارنى.
ئەي پەرىزادى زەمانىم يوقتۇرۇر قەدرىڭ سېنىڭ،
تاجى سەر قىلسام ياراشۇر ساڭا ئۇخشە يارنى.
تا قاچانچە سەن قىلۇرسەن نازۇ ئىستىغنا ماڭا،
بىرگىنە سۆزلەت، قۇلۇڭگە لەئلى شەككەر بارنى.
گەرمۇسۇلمانزادە بولساڭ، قىل قەلەندەرغە كەرەم،
جەۋرۇ زۇلمۇڭ بىلەسەن ئۆلتۈرمەگىل بۇ زارنى.
ئاشىق ئېرسەڭ، ئەي قەلەندەر، كېچە ـ كۈندۈز دەرد ئىلە،
بۇلبۇل ئۇخشە قىل ئۇشۇل گۇل ۋەسفىغە گۇفتارنى.

بىر پەرى پەيكەر مېنى ھىجرانىڭدا زار ئەيلەدى،
يۈرەكۈ باغرىمنى قان، كۆزۈمنى خۇنبار ئەيلەدى.
مەقسەدى نې ئېردى بىلمەم ئۇل پەرىزادى زەمان،
خەنجەرى خۇنرىز ئىلە سىينەمنى ئەفگار ئەيلەدى.
ئۇل پەرى ئوخشە بولۇر دۇنيا ئىچىندە كامران،
كىمگەكىم بەختۇ سەئادەتنى خۇدا يار ئەيلەدى.
شۇم رەقىبىمنى ئۆزىگە مەھرەمۇ قىلدى ئەزىز،
مەن غەرىبى ئاجىزى بىچارەنى خار ئەيلەدى.
كۆزلەرىمنى قان ئېتىپ قىلدى يۈرەك ـ باغرىم كەباب،
بۇ جەفانى ماڭا ئۇل شوخى سىتەمكار ئەيلەدى.
شەيخ سەنئاندەك ماڭا ئۇل مەھۋەشى تەرسا سىفەت،
قاشلارىنى بۇت قىلىپ زۇلفىنى زۇننار ئەيلەدى.
دەھر ئارادە، ئەي قەلەندەر، بۇ ئىشىدىن شادمەن،
شۇم رەقىبىمنىڭ باشىنى لايىقى دار ئەيلەدى.

* *

نې ئىلاج ئەيلەيكى، قەدرىمنى نىگارىم بىلمەدى،
فۇرقەتۇ دەردۇ غەممنى گۈلئۇزارىم بىلمەدى.
يوقتۇرۇر بىرەھم، زالىم بىر ئانىڭدەك دەھر ئارا،
يولىدا ئاقاردى كۆزۈم ئىنتىزارىم بىلمەدى.
قان يۇتارمەن ھەر زەمانى مېھنەتى ھىجرانىدا،
ئۇل غۇرۇرى ھۇسنىدىن بۇ كار بارىم بىلمەدى.
تۇتمادى بۇ دەردلىقدىن، ئەي قەلەندەر، جۇرئەئى،
ياكى ياشلىقدىن مېنى ئۇل گۇل خۇمارىم بىلمەدى.

* *

ئېرۇرسەن بارچە دىلبەرلەرنى خانى، ئېرۇرسەن بائىسى ئەمنۇ ئەمانى،
مېنىڭدەك يوقتۇرۇر يۇسۇف نىشانى. خەيالىڭ باردۇرۇر ئىچىمدە ئانداق،
سۆچۆك سۆلۈك بولۇپ خويۇڭنى تۆزگىل، سەدەف قۇرساقىدۇر گەۋھەر مەكانى.
بېرىپدۇر ساڭا تەڭرىم كامرانى. قارىلىق چاغىدۇر رەھم ئەيلەگەيسەن،
سەلامەت بولغىل ئافاتى زەماندىن، قەلەندەرغە سەن ئەي جانى جەھانى.

* *

نې كۆنى بولغايكى كۆرسەم ئۇل پەرىۋەش يارنى،
يۈزىدىن قىلسام مۇنەۋۋەر دىيدەئى خۇنبارنى.

جان تاپار بولسام تاڭ ئىرمەسدۇر يۈزۈڭ كۆرگەن زەمان،
نې ئۇلۇر بۇلبۇل كۆرەر بولسە گۇلى گۇلزارنى.
گەردىسەڭكىم ئۆلمەسۇن تۇتى فىراقىمدىن مېنى،
سۆزگە كەلتۇرگىل بىرەر ئول لەئلى شەككەر بارنى.
ئارەزى خۇرشىد، تىشىڭ باردۇرۇر دۇررۇ گۇھەر،
كىم كۆرۈپدۇر دەھر ئارا سەندەك پەرى رۇخسارنى.
بۇلبۇلى شىرىن زەباندەك، ئەي قەلەندەر، ھەر زەمان،
قىلغىل ئول گۇل ۋەسفىغە سەن بىر نەچە گۇفتارنى.

* *

بىر پەرى پەيكەر مېنى ئىشقىدا ھەيران ئەيلەدى،
يۈرەكىمنى كۆيدۈرۈپ، كۆزۈمنى گىريان ئەيلەدى.
نى ئۈچۈن مەن بولمايىن ئالەم ئىچىندە پادىشاھ،
لۇتفى ئېتىپ ئول دىلرەبا ئۆزىنى مېھمان ئەيلەدى.
بىردەمى راھەت يۈزىنى كۆرمەدىم، ئەي دوستلار،
تاكى باغرىمنى نىگارى نازەنىن قان ئەيلەدى.
قانچە قىلدى جانىمە ئول دىلرەبا جەۋرۇ جەفا،
شۇكرىلىللاھ! ئاقىبەت دەردىمگە دەرمان ئەيلەدى.
بارچە شەھلەرنى شەھى بولۇپدۇرۇر ھۇرى زەمان،
تا قەلەندەرنى ئۆزىگە بەندە فەرمان ئەيلەدى.
قۇدرەتى باردۇر ئەجايىپ ئەقل قاسىردۇر ئاڭا،
تەن ئىچىندە ھېكمەت ئىلە جاننى پىنھان ئەيلەدى.

* *

ھېچ كىشى مەندەك ساڭا، ئەي شوخ، مەقبۇل ئولمادى،
بولمادى ھەرگىز شەھىدكىم ساڭا مەقتۇل بولمادى.
بۇ جاھان ئىچىندە ھەرگىز بولماغاي گەۋھەر نىشان،
ئول كۆڭۈل ئىشقىڭ بىلەن دۇنيادا مەشغۇل ئولمادى.
①......................................................

* *

.......................................................
دېمە بولدى دەھر ئارادە ئەيش بىرلەن كامران،
كىم پەرى پەيكەر نىگارى بىلە مەۋسۇل بولمادى.
ئۆتكەرەي دېسەڭ گۇناھىنى سەن ئەي ساھىب خىرەد،
گەر قەلەندەر بولسا ھاجەت ئاڭا مەنقۇل ئولمادى.

① بۇ يەردە قول يازمىنىڭ تەخمىنەن بىر ۋارىقى كام.

*

بۇلبۇل ئوخشه ئەل تىلەر ۋەسلىن گۈلۈ گۈلزارنى،
مەن تىلەرمەن كېچە۔كۈندۈز فۇرقەتۇ ھىجراننى.
ئەي مۇسۇلمانلار، كېتەرمەن ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە،
تۆكمەسەم تا شۇم رەقىبى بەد دىيانەت قاننى.
ئارەزى بولدى خەزاندەك ئول پەرىنىڭ زەئىفدىن،
بۇ كەسەلنى سەن كۆتەرگىل، يا رەب، ئانىڭ ھارىنى.
كۆڭلۈمە قالماپدۇرۇر دۇنيادە ھەرگىز ئارزو،
يانە بىر كۆرسەم ئەگەر ئول غۇنچەئى خەندانىنى.
سەن بولۇپ دېگىل ئانى، ئەي ئاقىلى جەننەت ئاسان،
جان بېرۇر چاغدا، قەلەندەر، كۆرسە گەر جانانىنى.
ئاجىزۇ بىچارەيۇ دەرماندەۋۇ زارۇ غەرىب،
سەن ئاخىر دەمدە ئەتا قىلغىل ئاڭا ئىمانىنى.
كۆيسە گەر دەۋزەخ ئوتىدا، ئەي قەلەندەر، تاڭ ئەمەس،
تۇتماسا ئەمرى بىلەن ھەركىم ئەگەر فەرمانىنى.

*　　　　*

گەر سېنى كۆرسەم، نىگارا، باشىمە ئەفسەر قىلاي،
ھەم نىسار، ئەي دىلرەبا، باشىڭغە سىيمۇ زەر قىلاي.
قۇللۇغۇڭ قىلسام مۇيەسسەر بولساڭ، ئەي سۇلتانى ھۇسن،
خىزمەتىڭنى جان بىلە، ئەي شوخ، سىيمىنبەر قىلاي.
ماڭا گەر قىلساڭ سەن، ئەي خۇرشىدى تابان، ئىلتىفات،
گەر تىرىك بولسام سېنىڭ ۋەسفىڭدە يۈز دەفتەر قىلاي.
كىمكى ۋەسفىڭنى ئىشىتتى، ئەي پەرىزادى زەمان،
كېچەۋۇ كۈندۈز خەيالى بۇ ئانى دەربەر قىلاي.
لۇتۇف ئېتىپ كىرسەڭ ئەگەر بۇ كۇلبەئى ۋەيرانىمە،
گەر غىزا دېسەڭ مۇيەسسەر شەھد ئىلە شەككەر قىلاي.
تاپماسۇن يول دەپ كويۇڭغا شۇم رەقىبى بەدنەژاد،
تاش بىلەن ئىشلەپ ئانى مەن قەلئەئى خەيبەر قىلاي.
باغى ۋەسلىڭنى قەلەندەرغە بىرەر كۆرسەتمەسەڭ،
كۆز ياشىمنى فۇرقەتىڭدىن لالەئى ئەھمەر قىلاي.

*　　　　*

①..........................................

ماڭا لۇتۇف ئەتكەلى ئول دىلبەرى شوخى پەرىزادىم،
رەقىبنى جەۋر۔زۇلم ئىلە ئىكى كۆزىنى ئويدۇردى.

---

① قول يازمىدا بۇ شېئىرنىڭ باش تەرەپى كۆچۈرۈلمەي قالغان.

نې ئىردى تەگرىمە بىلمەم گۇناھىم، ئەي مۇسۇلمانلار،
بەھىشتي قۇيدۇزۇمدىن بۇ خوتەن سارىغە كەلتۇردى،
ئىلاھا، بەرگەسەن رەھمى ئۇشۇل شۇخى ستەمگەرگە،
جەفايۇ جەۋر زۇلمىنى ماڭا ئول ھەددىن ئاشۇردى،
نىدىن ئۆلمەي قەلەندەر بۇ سەبەبدىن زارلىق بىرلە،
مىنى يىغلاتتى قانۇ شۇم رەقىبىنى تۇزفە كولدۇردى.

*

بارۇر ئىردىم ئاتلانىپ يولدا نىگارىم ئۇچرادى،
بىلقىسۇ ھۇرۇ پەرى ئول گۇلئۇزارىم ئۇچرادى.
باش ئاياغىغە قويۇبان دىدىم: ئەي سۇلتانى ھۇسن،
دەۋلەتىم قىلدى مەدەد كىم شەھسەۋارىم ئۇچرادى.
بۇدۇرۇر گەردۇنى دونۇ چەرخى ۋاژۇنى ئىشى،
مەن خەزان بولغان چاغىمدا نەۋبەھارىم ئۇچرادى.
تاۋۇس ئوخشە بار ئىدى ھەر داغىم ئۆززە نەچچە داغ،
داغلىغ كۆڭلۇمگە شوخى لالە زارىم ئۇچرادى.
ئۆزنى باردۇر گەر دىسەم بولدۇم، قەلەندەر، پادشاھ،
تا ماڭا ئول نازەنىنى بەختى يارىم ئۇچرادى.

*

سەندىن ئۆزدۇم كۆڭلۇم، ئەي ھۇرۇ پەرى، گەر شەرافەت تەختىنىڭ سەن مەھتەرى.
سەن بىل ئەمدى كىمنى بولساڭ دىلبەرى. چاغلادىم يوقتۇر ساڭا مىھرۇ ۋەفا،
كەچتىم ئەمدى سەندىنۇ ئۆزدۇم كۆڭۈل، قىلدىم ئاخىر سەندىن ئۆزۈمنى بەرى.
گەرچە ھۇسنۇڭ باردۇ مىھرى خاۋەرى. چىقىپ ئىردى ياخشىلىق بىرلەن ئاتىڭ،
دىمەكىم ياشلار ئاڭا بەرمەس كۆڭۈل، قىلمادي ئاخىردە بەختىڭ ياۋەرى.
ياشى ئاتمىشكە يىتىپ بولغان قەرى. ساڭا چاپىتىم كەتمەن، ئەي ھۇرى زەمان-
جان بىرىپدۇر ھەقتەئالا، سۆزۈمە، غەيرى يىدى مۇۋەسى بىرلەن بەرى.
جان تاپار ئىشتىسە مەھۋەشلەر بارى. بىلمەدىڭ قەدرىم مىنىڭ، ئەي گۇلئۇزار،
يانغان ئولسا بەختى مەندەك كىمسەنىڭ، بولۇپ ئىردىڭ بارچە خوبلار سەرۋەرى.
ساڭا بىرۇر كۆڭلىن، ئەي ھۇرۇ پەرى. بۇ سۆزۈمدىن يانماقىم مۇمكىن ئەمەس،
بىر كۆرەرنى قىلمام ئەمدى ئارزۇ، بولسا ھەم ئەسلىڭ سىنىڭ ئىسكەندەرى.
گەرچە شەھلەر تاجىنىڭ سەن گەۋھەرى. يانما سۆزۈڭدىن، قەلەندەر، ئەر ئىسەڭ،
سەندىن ئۆزدۇم مەن ئۈممىدىمنى تەمام، قىلسا ساڭا گەرچە سىھرى ساھىرى.

.........

*

نە ھەددى بار پەرىنىڭ ساڭا تەڭ، ئەي سىيمبەر، بولغاي،
لەبى گەر لەئل-ياقۇتۇ تىشى دۇررى گۆھەر بولغاي.

ئۆلۈمدىن يوقتۇرۇر باكىم ۋەلى قورقۇنچىم ئاندىندۇر،
سەفەر قىلسام بۇ دۇنيادىن مۇھەببەت دەربەدەر بولغاي.
پەرىلەرنىڭ ساڭا قۇل بولماقىدىن ئۆزگە يوق چارە،
ئەگەرچە قەدلەرى سەرۋى، يۈزى شەمسۇ قەمەر بولغاي.
مېنىڭدۇر كېچەۋۇ كۈندۈز مۇرادىم، ئەي پەرى پەيكەر،
كى قەددىڭ نەخلى ئۆمرۈك مىۋەسىدىن يارۋەر بولغاي.
ئۆلەر ھەجرۇ فىراقىڭدىن پەرىزادىم سېنى ئاخىر،
نە بولغاي بۇ غەرىبى ئاجىزىڭغە بىر نەزەر بولغاي.
سىنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدەك بولماغايمەن بىقەرار ھەرگىز،
ئەگەر دەۋزەخ ئوتىدەك ئىچىمە يۈزمىڭ شەرەر بولغاي.
بۇ ئۆمرۈڭگە، قەلەندەر، ئېتىتىمادى قىلماغىل ھەرگىز،
كېچە ھەر نىچەكىم بولسۇن ئۈزۈن ئاخىر سەھەر بولغاي.

* *

مېنى بىر مەھۋەشى دەردى غەممىدىن دەربەدەر قىلدى،
فىراقى دەردى ھىجرانى بىلە خۇنى جىگەر قىلدى.
نى ئېردى خىزمەتىندە تەقسىرىم بىلمەم، مۇسۇلمانلار،
مېنىڭ ئۆلتۈرمەكىمگە جىددۇ جەھدىن مۇختەسەر قىلدى.
ئوشۇل گۈلچېھرەئى زالىمغە، يا رەب، بەرگەسەن رەھمى،
جەفايۇ جەۋر-زۇلمىن جانىمە ئول سىيمبەر قىلدى.
بارى ئەلنىڭ تىلىنىڭ زىكرى ئول گۈلچېھرە بولۇپدۇر،
مەگەركىم ئول پەرىغە خىزر، پەيغەمبەر نەزەر قىلدى.
قاچار ئاندىن فىراقۇ مېھنەتۇ دەردى غەمى ھىجران،
كىشكىم ئىشق ئوقىغە سىينەيۇ جانىن سۇفەر قىلدى.
مۇرادۇ مەقسەدى ھاسىل بولالماي قالماغاي ھەرگىز،
ئوشۇل كىم نالەيۇ ئەفغانىنى ۋەقتى سەھەر قىلدى.
سېنى كۆردى تۈشىدە تا قەلەندەر، ئەي پەرى پەيكەر،
ۋەتەننى تاشلادى خوتەن سارى ئەزمى سەفەر قىلدى.

## مۇخەممەسلەر

بولماس ئېردى ئارەزىڭ خۇرشىدى تابان كاشكى،
قىلماس ئېردى مەن غەرىبنى مۇنچە ھەيران كاشكى،
كۆرمەس ئېردىم قامەتىڭ سەرۋى خىرامان كاشكى،

ئۆرتەمەس ئىردى كۆڭۈلنى داغى ھىجران كاشكى،
قىلماس ئىردىڭ بۇ قۇلۇڭغە لۇتفۇ ئىھسان كاشكى.

ئىرىتۇر كۆڭلۈمنىڭ ئوتى گەر ياۋۇتسە تاشنى،
قىلمادى كۆڭلىگە تەئسىر شوخ باغرى تاشنى،
ياكى ئاي كۆرسە ئىگىلۇر ناز ئىلە ئول قاشنى،
گەر مۇيەسسەر بولسا كۆرسەم ئول پەرىۋەش ياشنى،
قىلسام ئىردىم ئالدىدا جانىمنى قۇربان كاشكى.

دەرد ئىلە كويىدە ئۆلسەم دوستلار يوقتۇر غەمىم،
ھەجر ـ فۇرقەتدىن تەمامى سۆڭەكىم بولدى رەمىم،
سەن شىرىنىڭ ئىشقىدا فەرھاد، مەجنۇندىن كەمىم،
قۇللۇغۇڭغە مەن ئاقاردىم نۇن كەبى بولدى قەددىم،
نې بولۇر سورىساڭ بىرەر، ئەي ماھى دەۋران، كاشكى.

يوقتۇرۇر سەندەك جەھاندا دىلرەبايى سىيمبەر،
سالمادى ھېچكىم سىنىڭدەك دەھر ئارادە شۇرۇشەر،
تىشلەرىڭنىڭ ھەر بىرىسى گويىيا دۇررۇ گۆھەر،
سۆزلەرىڭدىن تامادۇر، ئەي دىلرەبا، شەھدۇ شەكەر،
بولماس ئىردى لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان كاشكى.

بولسا گەر ئاتا ـ ئانا ھەركىمسەگە ئايۇ قۇياش،
مۇمكىن ئىرمەسدۇر تۇغۇلسۇن ساڭا ئوخشە ئەگمە قاش،
فۇرقەتىڭدىن ئۆلدۇمۇ رەھم ئەتمەدىڭ، ئەي باغرى تاش،
كۇلبەمە كەلسەڭ نە بولۇر لۇتف ئېتىپ، ئەي شوخ ياش،
قىلماساڭ قارى قۇلۇڭنى دىيدە گىريان كاشكى.

بارچە مەھۋەشلەر ئارادە شوخ گۇلرۇخسار سەن،
نادىرى شىرىن زەبانۇ دىلبەرى تەررار سەن،
ئارەزىڭ شەمسۇ قەمەر ياكىم گۇلى گۇلزارسەن،
بىلقىسۇ ھۇرۇ پەرى يا نازەنىن دىلدارسەن،
مۇرنىڭ ھالىغە باقساڭ ئەي سۇلەيمان كاشكى.

دىلرەبالار يۇلدۇزۇ سەن ئوتراسىدا ئايسەن،
ھۇسنىنىڭ گۇلزارىدا تۇتىسى شەككەر خايسەن،
ئەھلى مەئنىلەر قاشىندە يالغۇز ئالىي رايسەن،
دەھر ئارا گۇل چېھرەۋۇ ئىيساۋۇ رۇھ ئەفزايسەن،
نې بولۇر بەرسەڭ ئۆلۈك جىسمىمگە سەن جان كاشكى.

تاكى كۆردۈم ئول لەبى لەئلى بەدەخشانى ئانىڭ،
ئالدى جانىمنى ئوشۇل خۇرشىد رەخشانى ئانىڭ،

چاچەدۇر شەھدۇ شەكەر سۆزى دۇر ئەفشانى ئانىڭ،
ئاتلانىپ چىققاندا كۆرسەڭ شان ئىلە شانى ئانىڭ،
جانغە بولسۇن قەلەندەر دەردى دەرمان كاشكى.

* *

تاكى كۆردۈم ئارەزىڭنى ئەي نىگار سىيمىن بەدەن،
بولدى جەننەت كۆزۈمە ھەر سارىغە باقسام خوتەن،
لەبلەرىڭدۇر لەئلۇ تىشىڭ گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن،
كۆزلەرىڭدۇر نەرگىسۇ بادام، زۇلفۇڭ ياسىمەن،
بارچە ئەل بۇلبۇل ساڭا، ئەي دىلرەبايى گۈل بەدەن.

يوق ئىكەن لەيلى سېنىڭدەك قامەتى شەمشاددەك،
مەجنۇن ئوخشە ماڭادۇر ۋەيرانەلەر ئاباددەك،
بىر مېنىڭدەك تاپماغايسەن خاتىرى ناشاددەك،
بىسۇتۇن بولدى مەكانۇ مەنزىلىم فەرھاددەك،
تائىشىتتىم بىر تەكەللۇم سەندىن ئەي شىرىن سۇخەن.

كىمكى كۆردى ئاي يۈزۈڭنى، ئەي مەھى زىيبا جەبىن،
تىشلەدى بارماقلارىنى قىلدى يۈز مىڭ ئافەرىن،
بارچە خۇبلارنى قىلىپسەن ھۇسن ئىلە زىرى نىگىن،
بۇ كەمەندى زۇلفۇڭ ئىلە، ئەي نىگارى نازەنىن،
تاڭ ئەمەسدۇر قۇدسى قۇشلار بوينىغە سالساڭ رەسەن.

باردۇرۇر زۇلفۇڭگە، ئەي گۈل، نەچچە تۇرلۇك تابلار،
بۇ كۆڭۈلنىڭ سەيدىغە ھەر تارىدۇر تۇللابلار،
خۇب ياراشىپدۇر قۇلاغىڭغە دۇرى سىرابلار،
بۇ دۇرۇر مەندىن نەسىھەت سىزگە، ئەي ئەھبابلار،
بۇ چۇرۇك پىراھەنىمنى ماڭا ئەيلەڭلەر كەفەن.

يوقتۇرۇر لەئلى لەبىڭدەك دەھر ئارا شەھدۇ شەكەر،
نې بولۇر قىلساڭ تەكەللۇم-تۇتىغە، ئەي سىيمىبەر،
سەن مېنىڭ ئاھىمدىن، ئەي سۇلتانى خۇبان، قىل ھەزەر،
تا جەمالىڭنى قەلەندەر كۆردى، ئەي ئالى گوھەر،
كەتتى ئەقلى ھۇشى ئانىڭ ئەيلەدى تەركى ۋەتەن.

* *

بىر پەرى پەيكەر ئۈچۈن كۆزۈمنى خۇنبار ئەيلەدىم،
يۈرەكىمنى ئۇرتەدى بەغرىمنى ئەفگار ئەيلەدىم،

تا ئانىڭ بىلەن ئۆزۆمنى دەھر ئارا يار ئەيلەدىم،
ئايۇ كۈن بىرلەن پەرىنى كۆرمەكىن ئار ئەيلەدىم،
ھەر نېكىم ۋەسفىن دېدىم بوينۇمغە تۇمار ئەيلەدىم.

كىم كۆرۈپدۇر بۇ جەھان ئىچىندە سەندەك كامران،
نادىرى گۈل چېھرەيۇ خۇرشىد تابانى زەمان،
بىلقىسى دەۋران سېنىڭدەك يوقتۇر، ئەي يۇسۇف نىشان،
تا كۆزۈم تۈشتى ساڭا، ئەي دىلبەرى ئالىي مەكان،
بۇ خوتەننىڭ شەھرىنى كۆزۈمگە گۈلزار ئەيلەدىم.

چاغلادىم يوقتۇر سېنىڭدەك دەھر ئارادە مېھرۇ ماھ،
باردۇرۇر خەلقى جەھان مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە گۇۋاھ،
كىم ساڭا بەردى كۆڭۈلكىم بولمادى ئول ئالى جاھ،
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل دەرمەن ئۆزۈمنى پادىشاھ،
سەن بىلە ئۆزۈمنى مەن تا ساھىب ئەسرار ئەيلەدىم.

يوقتۇرۇر مىسلىڭ سېنىڭ ھەرگىز بەنى ئادەم ئارا،
بارچە خۇبلاردۇر يوزۈك، سەن ئول نىگىن خاتەم ئارا،
تولا فەرقى باردۇرۇر جەمشىد بىرلەن جەم ئارا.
ھىچ تاپىلماسدۇر مېنىڭدەك ئىستەسەڭ ئالەم ئارا،
تا سېنىڭ بىرلەن ئۆزۈمنى ساھىب ئەسرار ئەيلەدىم.

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم ھېچكىم نىگارى بەركەمال،
دەۋلەتۇ ئىقبالۇ ھۇسنۇڭ تاپماغاي ھەرگىز زەۋال،
ئەلگە قىلغاي ھەق تەئالا دۇشمەنىڭنى پايمال،
مەقبۇل ئولدى تائەتىم تەڭرىمگە، ئەي تەرسا مىسال،
كاكۇلۇ زۇلفۇڭنى تا بوينۇمغە زۇننار ئەيلەدىم.

كۆرمەدىم ھەرگىز سېنىڭدەك دەھر ئارادە دىلبەرى،
دىلبەرى شېرىن زەبانۇ مەھۋەشى سىيمىنبەرى،
كىمكى كۆردى ئارەزىڭنى دېدى شەمسى خاۋەرى،
سەن قەلەندەردىن ئىشىتىپ مەقبۇل ئەتكىل، ئەي پەرى،
نەچچە سۆزنى قان يۇتۇپ ۋەسفىڭگە گۇفتار ئەيلەدىم.

* *

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب،
ئىككى زۇلفۇڭ سايەسىغە ئاي يوزۈڭدۇر ئافتاب،
بەزمىمە كىرگىل سەن، ئەي گۈلچېھرەئى ئالىي جەناب،

كۆز ياشىمدىن بار شەرابىم، بار يۈرەكىمدىن كەباب،
ئاتلانۇر بولساڭ قىلاي كۆزۈم چەناقىنى رىكاب،

ئارەزىڭدەك يوقتۇرۇر گۈل دەھر باغىدا دېدىم،
جان بېرۇرمەن ئۇل پەرى پەيكەر ئاياغىدا دېدىم،
كىپچەۋۇ كۈندۈز يۈرۈپدۇرمەن سۇراغىدا دېدىم،
تۇغنى پىشانەڭگە كۆرگەچ سەجدە چاغىدا دېدىم،
ھەسرەتى بىھەد بىلە، «يالەيتەنى كۇنتۇ تۇراب».

تاكى كۆردۈم ئاي يۈزۈڭنى، ئەي مەھى ساھىب جەمال،
يوقتۇ سەندەك بۇجەھان ئىچىندە دېدىم بەركەمال،
تاپماسۇن تا رۇزى مەھشەر دەۋلەتى ھۇسنۇڭ زەۋال،
تەۋسىغى ھۇسنۇڭ تۈگەتمەكلىك مەھال ئېرمىش مەھال،
مىڭدىن بىرنى دېسەم تاڭ يوق بولۇر يۈز مىڭ كىتاب.

ئۇل پەرىزادى زەمانىم تاكى تەۋسىفىدىن تۈشەر،
كىم يۈزىن كۆرگەن زەمانى ئەت بىلە تەندىن تۈشەر،
دېمە يالغۇز تەندىن ئانى جاھى مەسكەندىن تۈشەر،
زەررە ئېرمەسدۇر قۇياش ئەجزاسى رەۋزەندىن تۈشەر،
ئۇل پەرى پەيكەر يۈزىدىن ئەتكەلى نەۋۋا كىتاب.

* *

ئاجىزۇ بىچارەدۇرمەن، ئەي سىتەمگەر، رەھم قىل،
قىلماغىل جەۋرۇ جەفا، ئەي شوخ دىلبەر، رەھم قىل،
قارىلىق چاغىدۇرۇر، ئەي شەمسى خاۋەر، رەھم قىل؛
زەر خەرىدە قىلدۇرۇر مىسكىن قەلەندەر، رەھم قىل،
دەۋزەخى ھەجرىڭدە قىلمە مۇندىن ئارتۇقراق ئەزاب.

* *

ئىلتىفاتى كۆرمەدىم ئۇل دىلبەرى تەررارىدىن،
كەلمەدى رەھمى ئانىڭ بۇ دىيدەئى خۇنبارىدىن،
كىم مېنىڭدەك زۇلم كۆردى زالىمى كۇففارىدىن،
كۆرمەدى مەندەك جەفا ھېچكىم جەھاندا يارىدىن،
ئۆتكىل ئەمدى ئەي قەلەندەر ئۇل پەرى رۇخسارىدىن.

* *

كىمكى ئۇل گۈلنى كۆرۈپدۇر لالە زارى باغ ئارا،
قالدى جىسمى كەئىبەتەينى نەرد ئۇخشە داغ ئارا،
بار تەنى ئەز بەس نەزاكەتدىن لەتىف بۇ چاغ ئارا.

تاش يۇرەكى كۆرۈنۈر ئۇل شوخنىڭ قورساغ ئارا،
دەردى ئىشقى بىر تىكەندەك باردۇرۇر تىرئاغ ئارا.

بولمادى ئۇل شوخ زالىم بىر زەمانى ھەمدەمىم،
ئۇل شىرىننىڭ ئىشقىدا فەرھاددىن يوقتۇر كەمىم،
فۇرقەتۇ ھەجرىدە بارچە سۆڭەكىم بولدى رەمىم.
..............................................①
تۇشمەدى دەۋلەت بىلىقى نىگە بۇ قارماغ ئارا.

تاكى كۆردۇم خالۇ زۇلفى بىلە قاشى قارەنى،
جان بىلە بولدۇم قۇلى ئۇل شوخ گۇلرۇخسارەنى،
جىسمىمە كۆرۈڭ مېنىڭ ھەجرىدە يۈز مىڭ يارەنى،
كىمكى فەرھاد ئىلە كۆردى مەجنۇنى بىچارەنى،
ئازىقىپ يولدىن تۇشۇپدۇر دىيدىلەر بۇ تاغ ئارا.

شەككەرىن لەئلى لەبىڭنى، ئەي پەرىۋەش، شورمادىم،
سۇنبۇلى زۇلفۇڭنى، ئەي سۇلتانى خۇبان، ئۆرمەدىم،
ئىشقىڭ ئوتىدا ئۆزۈمنى نىگە مەن كۆيدۈرمەدىم،
ھەسرەتىدە ئۆلدۈمۇ ئۇل تار ئاغزىنى كۆرمەدىم،
غۇنچە ئاغزىنى كىشى كۆرمەيدۇرۇر ياپراغ ئارا.

* *

لۇتف ئېتىپ گەر كىرمەسەڭ بۇ كۇلبەئى ئەھزان ئارا،
قالغۇدەكدۇر كۆز ياشىمدىن بۇ جەھان تۇفان ئارا،
ياندۇرۇپ مېھرىمنى ئالۇرمەن دىمە ھىرمان ئارا،
ئاچقۇسىز بىر قۇفلدۇركىم بەركىشىپدۇر جان ئارا،
فەرق قويمايدۇر نىگارىم دەرد ئىلە دەرمان ئارا.

تاكى كۆردۇم ئەي پەرىزادى زەمانىم سۇرەتىڭ،
بىردەمى تىندۇرمادى ھىجرانۇ دەردۇ فۇرقەتىڭ،
ئالغۇدەك جانىمنى، ئەي سۇلتانى خۇبان، كۇلفەتىڭ،
ئۆلگۈچە چىقمايدۇ كۆڭلۈمدىن خەيالى قامەتىڭ،
سەرۋ يەڭلىغ بىر ئەلىفدۇركىم پۈتۈپدۇر جان ئارا.

ھىچ ئىشىم دۇنيا ئىچىندە دوستلار ئەۋج بەرمەدى،
ھەسرەتىدىن ئۆلدۈمۇ ئۇل دىلرەبا مەۋج بەرمەدى،
ئىلتىفات ئەيلەپ قۇلغە رەھم ئېتىپ قوچ بەرمەدى،

① قوليازمىدا بىر مىسرا كەم كۆچۈرۈلگەن.

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم يا ياشلىغىم كۆچ بەرمەدى،
قىلمادى رەسۋا مېنى سەندەك كىشى دەۋران ئارا.

نې بولۇركىم رەھم ئېتىپ ئول دىلرەبا سورسە مېنى،
ئۆزگەلەردىن لۇتف ئېتىپ ئول ياخشىراق كۆرسە مېنى،
سۆيۈنۈرمەن ئول پەرى ئاچچىغلاپ ئۆلتۈرسە مېنى،
رەھم ئېتەر ھالىمنى ئول زالىم ئەگەر كۆرسە مېنى،
خەم قەدىم ئىكىن ئارادە «با» كەبى «قۇربان» ئارا.

ساقىا بولدى تەكرىدىن، ئەي دىلرەبا، فەرمانى ھۇسن،
ئىشق ئېلى ئەيلەر ئۆزىنى ھەر زەمان قۇربانى ھۇسن،
كىم يۈزۈڭنى كۆردى دېدى باردۇرۇر بۇكانى ھۇسن،
مەھرۇمى ۋەسلىڭ مېنىڭدەك يوقتۇر، ئەي سۇلتانى ھۇسن،
قويماغىل مۇندىن زىيادە مېھنەتى ھىجران ئارا.

ئۆز قۇلىغە زۇلم قىلماق ھۇسن ئېلىدىن خۇب ئەمەس،
ئەل ئارادە ئۇشبۇ ئىش ھېچ كىمسەگە مەرغۇب ئەمەس،
سەن پەرى ئالدىدا مەندەك ھېچ كىشى مەغزۇب ئەمەس،
دېمە مەن شاھ، سەن قەلەندەر، ئار قىلماق خۇب ئەمەس،
ئىشق شاھى فەرق قويمايدۇر گەدايۇ خان ئارا.

* *

بارۇر ئېردىم ئاتلانىپ يولدا نىگارىم ئۇچرادى،
بىلقىسۇ ھۇرۇ پەرى ئول گۇلئۇزارىم ئۇچرادى،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ نامدارىم ئۇچرادى،
ئارەزى شەمسۇ قەمەر، كۆزى خۇمارىم ئۇچرادى،
پادىشاھى ھۇسن شۇخى كامكارىم ئۇچرادى.

تا سېنى كۆردۈممەن، ئەي گۇلچېھرەئى نا مېھرىبان،
جەننەتۇ باغى ئىرەمدەك بولدى كۆزۈمگە جەھان،
دەفتەرى ھۇسنۇڭنى قىلدىم نەچچە تۈرلۈك داستان،
باش ئاياغىڭغە قويۇپ دېدىمكى، ئەي ھۇرى زەمان،
دەۋلەتىم قىلدى مەدەدكىم شەھسەۋارىم ئۇچرادى.

ئارەزى خۇرشىد تابانىمنى كۆردى ھەر كىشى،
دېدى، يوقتۇر ساقىا ئۇخشە دەھر ئارادە مەھۋەشى،
زالىمۇ بىرەھم ھەم خۇنخارە شوخى دىلكەشى،
بۇدۇرۇر گەردۇنى دونۇ چەرخى ۋاژۇنىنىڭ ئىشى،
مەن خەزان بولغان چاغىمدا نەۋبەھارىم ئۇچرادى.

تەۋسەنى نازىڭ مىنىپ تا قىلدىڭ ئەزمى سەيرى باغ،
بولدى گۈللارنىڭ يۈرەكى لالە ئوخشە داغ ـ داغ،
رەھم ئېتىپ تۇتقىل ماڭا، ئەي خانى دەۋرانىم ئاياغ،
تاۋۇس ئوخشە باردۇرۇر ھەر نەچچە داغىم ئۈزرە داغ،
داغلىغ كۆڭلۈمگە شوخى لالەزارىم ئوچرادى.

تارتادۇرمەن فۇرقەتىڭدىن ھەردەم، ئەي گۈلچېھرە ئاھ،
قىلغۇدەكدۇر ئۇشبۇ ئاھىم ئاقىبەت ھالىم تەباھ،
بىلمەدىم قۇل بولماقىم ساڭا بولۇر ماڭا گۇناھ،
ئورنى باردۇر گەر دېسەم بولدۇم قەلەندەر پادشاھ،
تا ماڭا ئول نازەنىنى بەختىيارىم ئوچرادى.

*

مۇسۇلمانزادە گەر بولساڭ مېنى، ئەي يار يىغلاتمە،
فىراقى ھەجر ئوتىدا كۆيدۇرۇپ سەن زار يىغلاتمە،
فىراقى ھەجرىڭە، ئەي دىلرەبا، خۇنبار يىغلاتمە،
غەرىبدۇر بۇلبۇلۇڭ سەن، ئەي گۈلى گۈلزار يىغلاتمە،
ئاڭا لۇتفۇ كەرەم ئەيلە سەن، ئەي دىلدار يىغلاتمە.

نەچە ۋەسفىنى قىلسام ئول پەرى پەيكەرگە ياقماسدۇر،
كەمەندى زۇلفىنى قەرى قۇلى بويىنغە تاقماسدۇر،
غەمىڭدىن يىغلاغاچ ئەمدى كۆزۈم يا مېنى ئاقماسدۇر،
ئەگەر ئوچراپ كېلۇر بولسە پەرىيۇ ھۇر باقماسدۇر،
ئاڭا رەھم ئەيلەگىل ئەي شوخ گۈلرۇخسار يىغلاتمە.

گۈلى گۈلزارى جەننەتسەن بۇدەمدە، ئەي پەرى پەيكەر،
لەبىڭ لەئلى بەدەخشانى ۋەيادۇر شەھد ئىلە شەككەر،
يۈزۈڭ خۇرشىد تاباندۇر ۋەيادۇر لالەئى ئەھمەر،
قەدىڭ سەرۋى خىرامانى، تىشىڭدۇر دۇر ئىلە گەۋھەر،
قىل ئاڭا ئىلتىفاتىڭنى ئانى بىسيار يىغلاتمە.

بولۇپسەن سەن بۇدەمدە نازەنىنى ئافەتى دەۋران،
نى بولۇر لۇتفى ئېتىپ بولساڭ مېنىڭ كۇلبەمگە سەن مېھمان،
ئەگەر ئۆلتۈرمەسۈن دېسەڭ فىراقۇ مېھنەتى ھىجران،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل ھالىمغە سەن، ئەي نادىرى دەۋران،
مېنى سەن قۇللۇغۇمدىن ئار ئېتىپ زىنھار يىغلاتمە.

* *

قەدىـگىدۇر كۆزۈمە ھۇرۇ پەرىزاد، غەمۇ دەردىدىن ئۇلدى يۈرەكىم خۇن،
ئەلىفدەك جان ئىچىندە سەرۋى ئازاد، بولۇپدۇر ئىكى كۆزۈم ياشى جەيھۇن،
كۆڭۈلنى ئالدىڭۇ سەن قىلمادىڭ ياد، ۋەفاسىزدۇر جەھان ئىشىت بۇ مەزمۇن،
نى ئىركىن مەقسەدىڭ، ئەي شوخ جەللاد، تېگەر ھەر كۈن بىراۋگە زالى گەردۇن،
بىرەر قىل لۇتف ئىلە سەن خاتىرىم شاد. ③.....................

غەمىڭ بىرلەن كۆڭۈلنى شاد ئېتەرمەن،
جەھانىڭ ئەيشىنى بەرباد ئېتەرمەن، سېنىڭچۈن، ئەي مەھى شىرىن زەبانىم،
قۇلۇڭدىن تەگرىمە فەرياد ئېتەرمەن،① بولۇپدۇر بىسۇتۇن ئەمدى مەكانىم،
مېنى سەن قىلمادىڭ ئۆمرۈڭدە بىرياد. نى غەم تۆكسە رەقىب يولۇڭدا قانىم،

نەچە قىلدىم ئۇشۇل گۇلرۇخ رىزاسى، قەلەندەرغە سەن، ئەي جانۇ جەھانىم،
ۋە لىكىن كۆرمەدىم ھەرگىز ۋەفاسى،② مۇسۇلمانزادە بولساڭ قىلمە بىداد.

* *

ھەر كىشىنىڭ ماڭا ئوخشە بىر پەرىۋەش يارى بار،
ھۇرى جەننەت سارى باقماقلىقگە ئانىڭ ئارى بار،
ۋەسلىنىڭ ئىقبالى باردۇر، ھەجرىنىڭ ئىدبارى بار،
قىش مەھەلدە قارۇ يازنىڭ گۇلشەنى - گۇلزارى بار،
ئاشىقۇ مەئشۇق ئاراسىندە نىھان ئەسرارى بار.

بىر نەزەر سالغان كىشىنىڭ جانىغە ئوت ياندۇرۇر،
گەر پەرىغە ئاشىق ئولسا شول زەمانى قاندۇرۇر،
چەشمەئى ھەيۋانىدىن مىڭ تەشنە لەبنى قاندۇرۇر،
دېمەگىزكىم دىلبەرىمدەك بۇ جەھاندا باردۇرۇر،
لەيلىيۇ شىرىنىغە ئوخشە نەچچە خىزمەتكارى بار.

كويىنى كۆرگەن كىشى تۇرماس ئىرەمنىڭ باغىدا،
فۇرقەتىدە قورۇلۇرمەن مەن ئۆزۈمنىڭ ياغىدا،
كۆرەدۇر رويى زەمىننى دىلبەرىم تىرناغىدا،
بىر گۇلى نەۋرەس قۇلى بولدۇم قەرىلىق چاغىدا،
ھەق تەئالانىڭ، كۆرۈڭلەركىم، ئەجايىب كارى بار.

①.....................

رەھم ئېتىپ جانىمغە زۇلمىن ئول ستەمگەر قىلماسۇن،
شۇم رەقىب ئەيلەر جەفا ئانىڭگە دىلبەر قىلماسۇن،
جەۋر، سەركەشلىك كىتابىن مۇنچە دەربەر قىلماسۇن،

① ② قول يازمىدا ئالدىنقى كۆپلەتتىن بىرا مىسرا، كېيىنكى كۆپلەتتىن ئۈچ مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.
③ بۇ مىسرالار قول يازمىدا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

ئې ئۈچۈن ئالەمنى خۇشبۇيۇ مۇنەۋۋەر قىلماسۇن،
ئەنبەر ئاسا زۇلفى مۇشكىنۇ قۇياش رۇخسارى بار.

تۇغمادى ھەرگىز ئانادىن بىر ئانىڭدەك ئافەتى،
تا كۆرۇۋپمەن ئاي يۈزىنى تىنمادىم بىر سائەتى،
ھەق نەسىب قىلماپ ئىكەن ماڭا ئەزەلدە راھەتى،
ئەيب ئەمەسدۇر سەرۋدىن ئار ئەتسە مەۋزۇن قامەتى،
جىلۋەئى تاۋۇس ئاڭاۋۇ كەبكىنىڭ رەفتارى بار.

كۇھى غەم ئاستىدا قالساڭ سەن تەھەممۇل ئەيلەگىل،
دەردۇ مىھنەت لەشكەرى بىرلەن تەجەممۇل ئەيلەگىل،
تاپساڭ ئانداق گۇلنى سەن ئۆزۈڭنى بۇلبۇل ئەيلەگىل،
ئىشق ئارا قويساڭ قەدەم سەبرى تەئەممۇل ئەيلەگىل،
گۇلنى خارى باردۇرۇر ھەم يارنىڭ ئەغيارى بار.

كىمسەكى ئىشقى مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇر،
خالىقى بىچۇن ئالىندا ھەر ئىشى لايىق بولۇر،
بولسا مەئشۇقى ئەگەر ئۇزرا ئاڭا ۋامىق بولۇر،
يوقتۇرۇر شەك ـ شۇبھەئى كىم مەئشۇقۇ ئاشىق بولۇر،
كىمنىكىم گىريان كۆزىيۇ سىينەئى ئەفگارى بار.

ھەر جەفالارغە ئىلاھا بىر مۇرۇۋۋەت بەرگەسەن،
بىزگە دەردىنى كۆتەرمەكلىككە قۇۋۋەت بەرگەسەن،
قورقمايىن ئىشق يولىدا ماڭماقغە قۇدرەت بەرگەسەن،
ئەي خۇداۋەندا، سەن ئاڭا مىھر ـ شەفقەت بەرگەسەن،
كىمنى ھەسرەتلىق مىنىڭدەك بىر قارى قۇل زارى بار.

كۆرمەدىم ئالەمدە سەندەك بىر مەھى شىرىن كەلام،
ھىچ تاپىلماس ئىستەسەم مىسلىڭ ئىلا يەۋمۇلقىيام،
قۇللۇغۇڭغە فەخر ئېتەر شاھۇ گەدايۇ خاسۇ ئام،
شەھددىن ئاغزىڭ تولار قىلساڭ سىفاتىن سۇبھۇ شام،
دىلبەرىڭنىڭ، ئەي قەلەندەر، لەئلى شەككەر بارى بار.

* *

①.................................

بەرسە ئۇمر دەۋلەتىڭ ھەدسىز خۇداۋەندى كەرىم،
ئەيلەگەي لۇتفۇ كەرەم ساڭا ئۇشۇل ھەيیى قەدىم،
دۇشمەنىڭ ھەركىمكى بولسا ھەق نەسىب ئاڭا جەھىم،

① قول يازمىدا بۇ مۇخەممەسنىڭ بېشى كۆچۈرۈلمەي قالغان.

ئاسراغاي بارچە يامانلىقدىن سىنى رەببى رەھىم،
تەر چىكىپ ئۇتدەك يانىپ سەن مەي ئىچىپ مەستانەسەن.

يوقتۇرۇر ھۇسنى جەمالدا ساڭا ئوخشە بەركەمال،
ئەقلۇ دانىش بابىدا سەنسەن جەھاندا بىمىسال،
تاپماسۇن تا روزى مەھشەر دەۋلەتى ھۇسنۇڭ زەۋال،
گەر يىغىلسە يەر يۈزىدىن قالمايىن ساھىب جەمال،
بارچەسىن گويا سەدەفدۇر سەن ئارادا دانەسەن.

گەر سۇلەيمان ئەيلەسەڭ لۇتف ئىلە شەك يوق مۇرنى،
سالمادى ھىچ مەھۋەشى ئالەمدە سەندەك شورنى،
نى بولۇر سورساڭ بىرەر سەن ئاجىزى مەھجۇرنى،
ساڭا تەڭ بولماق مەھال ئىرمىش پەرىيۇ ھۇرنى،
پادىشاھلار تاجىدا سەن گەۋھەرى يەكدانەسەن.

ئايەتى رەھمەت سىنىڭ ۋەسفىڭدە قىلغاندۇر نۇزۇل،
مەقبۇل ئەلگە يوق سىنىڭدەك دەر ئىمىش ئەھلى قەبۇل،
چىندۇرۇر ئۇشبۇ سۆزى بولسا كىمى ئەھلى قەبۇل،
شۇكرىلىللاھ، ئەي قەلەندەر، ۋەسلىغە تاپساڭ ۋۇسۇل،
دىلبەرىڭ خۇرشىدى مەجلىس سەن ئاڭا پەرۋانەسەن.

* *

ۋەئدەئى ۋەسل ئەتتى دىلبەر ھەجر بىپايانىغە،
قالمادى ھەرگىز ئىشەنچىم ئەھد ئىلە پەيمانىغە،
لەبلەرىڭدەك لەئل يوق ئىرمىش بەدەخشان كانىغە،
ھەددى يوق كەلگەي قۇياش شىرىن زەبانىم يانىغە،
سۇرەئى «ۋەششەمس» گويا كەلدى يۈزى سانىغە.

يوقتۇرۇر مىسلىڭ جەھاندا، ئەي نىگارا، گۇل ئۇزار،
بولمادى ئالەمدە سەندەك ھىچ كىشىگە بەخت يار،
كۆرسە بىلقىس ھەسرەتىڭدىن يىغلار ئىرمىش زار-زار،
قىلماس ئىردى ھەجر-فۇرقەت دەۋزەخىنى ئىختىيار،
بولسا ئىردى ئىشق ئىلىنىڭ كۆڭلى ئۆز فەرمانىغە.

باردۇرۇر سۆزۈڭ سىنىڭ، ئەي دىلرەبا، ئابىھەيات،
سەرۋ، تۇبى يوق قەدىڭدەك، لەبلەرىڭ كانى نەبات،
سۆزلەرىڭدىن گەر تىرىلسۇن يوقتۇ شەك بولغان مەمات،
شۇم رەقىبى سەگ سىفەتىغە ئەيلەمىش سەن ئىلتىفات،
ئۆلمەيىن نىتەي مىنى كۆرمەيسەن ئادەم سانىغە.

يۇسۇفى مىسىردىن ئوبدان دىسەم ھۇسنۇڭ، ئورنى بار،
دەۋزەخى ھەجرىڭگە تا ئۆلگۈنچە كۆيسەم، ئورنى بار،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت كۆزىن ئويسام، ئورنى بار،
بىئەدەپلىك بولسا ئەرزىم سەن كەچۇركىم، ئورنى بار،
زۇلم ھەدسىز يەتسە قۇلغە ئەرزىن ئايتۇر خانىغە.

يوق سىنىڭدەك ئىزدەسەم جەننەت ئارا بىر ھۇر ئەيىن،
ھەركىشى يۈزۈڭنى كۆرسە ئەيلەمىش يۈز ئافەرىن،
كويۇ كوچاڭ كۆرسە كىمسە دەركىم ئېرۇر خۇلد بەرىن،
پاكلىك بابىدا يوقتۇر بىر سىنىڭدەك نازەنىن،
مەنسىيەت گەردىنى يۇقتۇرماپدۇرۇر دامانىغە.

سوردۇرۇڭ ئۇشبۇ جەھان ئىچىندە شادى باردۇرۇر،
غەمدە قالغان ماڭا ئوخشە نامۇرادى باردۇرۇر،
ئەرز ئېتىڭ دىلبەرغە مەندىن ساڭا دادى باردۇرۇر،
ھەر كىشىنىڭ بۇ جەھاندا بىر مۇرادى باردۇرۇر،
بارچەنى يەتكۈر، ئىلاھا، مەقسەدۇ ئەرمانىغە.

يۈرەكىم جەۋر ئىلە تىلماقدىن نە ئېركىن مەقسەدىڭ،
شادلىق ئۆيى يىقىلماقدىن نە ئېركىن مەقسەدىڭ،
قەھرى ئاچچىغ بىرلە چىقماقدىن نە ئېركىن مەقسەدىڭ،
مۇنچە جەۋرۇ زۇلم قىلماقدىن نە ئېركىن مەقسەدىڭ،
قايسى زالىم يەتكۈرۈپدۇر زۇلمىنىڭ پايانىغە.

ئەي پەرىزادى زەمانۇ گۈلرۇخى ساھىب كەرەم،
ساڭا كۆيمەكلىك ئەزەلدە يازىپ ئېركەندۇر قەلەم،
بارچە مەھۋەشلەر سىنىڭ ئالدىڭدا باردۇرلار ئەدەم،
قارىلىق چاغىدۇرۇر قىلمە قەلەندەرغە سىتەم،
ئۆلگۈسىدۇر فۇرقەتىڭدىن زامىن ئولغۇڭ قانىغە.

* *

ئەي پەرىزادى زەمانىم بولسۇن ھەق يارىڭ سىنىڭ،
ئۆتكەرۇر شەمسۇ قەمەردىن نۇر ئەنۋارىڭ سىنىڭ،
ئۆرگەتۇر ئىيساغە ئەفسەھلىكنى گۇفتارىڭ سىنىڭ،
ئۆزگەلەرنى لۇتفىدىن ئوبداندۇر ئازارىڭ سىنىڭ،
ئەۋلىياۋۇ ئەتقىيا بولسۇن مەدەدكارىڭ سىنىڭ.

ھەركىشى كۆرسە جەھاندا بىر قۇياش ئېرمىش يۈزۈڭ،
ئېرۇتۇر تاشنىڭ يۈرەكىن، ئەي پەرى پەيكەر، سۆزۈڭ،

سەن تۇرۇپ ھۇرۇ پەرىغە باقسام ئەر تۇتسۇن تۇزۇك،
كۆرسە ئېردى بۇ قەدۇ رۇخسار ئىلە قاشۇ كۆزۈك،
بولۇر ئېردى يۇسۇفى مىسرى خەرىدارىڭ سېنىڭ.

دەھر ئارا ھەركىمكى كۆرسە ئاي يۈزۈك، ئەي گۇلئۇزار،
جانىغە تۈشمىشدۇرۇر دەۋزەخ ئوتىدەك مىڭ شەرار،
كىم يۈزۈكنى كۆردى تاپماس ئۆلگۈچە ھەرگىز قەرار،
تۈگەر ئېركەنمىز ئىكەۋ دەپ يىغلاشۇرلار زار-زار،
تاۋۇسۇ كەبكى دەرى كۆرسە بۇ رەفتارىڭ سېنىڭ.

ئەي بۇتى شىرىن زەبانۇ مەھۋەشى ئارامى جان،
يۈرەكىم داغ ئۆرتەدىڭ ھەم ئەيلەدىڭ باغرىمنى قان،
سەندىن ئايرىلماقىغە مەندە يوقتۇ تاقەت بىر زەمان،
ھەركىشى كۆرسە يۈزۈك بىئىختىيار ئەيلەر فىغان،
ئۆزۈك ئىنساف، ئەتكى، نېتكەي ئاشقى زارىڭ سېنىڭ.

كۆرسە بىلقىس دەۋلەتى ھۇسنۇكنى ھەسرەتدە قالۇر،
ئەيلەمىش زەۋقۇ تەئەججۇب بەلكى ھەيرەتدە قالۇر،
كۆرسەلەر جەمشىدۇ ئىسكەندەر بۇ فۇرقەتدە قالۇر،
شىرىنۇ لەيلى تۈشىدە كۆرسە مېھنەتدە قالۇر،
كۆرسەلەر ھۇرۇ پەرى بۇ فېئل-ئەتۋارىڭ سېنىڭ.

يوقتۇرۇر ھۇسنۇكدە ئەي مەھۋەش سېنىڭ ھەرگىز قۇسۇر،
دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت سەندە باردۇر ھەم ھۇزۇر،
تاڭ ئەمەس ئىشقىڭ سۇلەيمانى زەماننى قىلسە مۇر،
ئاتلانىپ چىقساڭ خەلايىقدىن بولۇر يەۋمۇننۇشۇر،
جان نەچۈك بەرمەس قەلەندەر كۆرسە دىيدارىڭ سېنىڭ.

*　　　*

ئەگەر مىڭ تىل بىلە ۋەسف ئەيلەسەم كۆڭلگە ياقماسدۇر،
كەمەندى زۇلفىنى قارى قۇلى بويىنغە قاقماسدۇر،
ئەبرۇ سۇنبۇل ئاسا ساچىنى ھەرگىز تاراغماسدۇر،
غەرىبى مۇستەمەندىدىن بىھەمدىللاھ يىراقماسدۇر،
غەمۇ دەردىدىن ئۆلدۈم ئول پەرى ھالىمغە باقماسدۇر.

يۈرەكىم قان بولۇپدۇر بىر پەرى پەيكەر فىراقىدا،
جەھاننى كەزدىمۇ مەن كۆرمەدىم ئانىڭ سىياقىدا،
بارۇرمەن سەن شىرىنىڭ ھەجرىدە فەرھاد تاقىدا،
غەمىدىن يىغلاغاچ سۇ قالمادى كۆزۈم بۇلاقىدا،
نەچەكىم يىغلاسام ئەمدى كۆزۈمنىڭ ياشى ئاقماسدۇر.

جەھاندا يوقتۇرۇر سەندىن يەنە بىر گۈلغە دىلبەندىم،
ماڭادۇر لەبلەرىڭ بەزمىمدە جانا شەككەرۇ قەندىم،
كى سەندىن ئۆزگەگە، ئەي دىلرەبايىم، يوقتۇ پەيۋەندىم،
بۇ ھۆسنى بىمىسالىكىم ساڭا بىرىپ خۇداۋەندىم،
مۇھەببەت تەبلىنى كىمدۇر سىنىڭ سارىغە قاقماسدۇر.

خىجالەتتە قالۇر يۈزۈڭنى كۆرسە يۇسۇفى كەنئان،
سىنىڭدەك كۆرمەدى ھۆسن ئەھلى ئىچرە بىر مەھى تابان،
قىلىپدۇر ئاشكارا قۇدرەتىنى ھەزرەتى سۇبھان،
نىكىم مەخلۇقدۇرۇر ھۆسنۈڭگە دوستدۇر، ئەي شەھى دەۋران،
يىلان ھەرگىز سىنى زۇلفۇڭنى دوست تۇتقاننى چاقماسدۇر،

بۇدۇر رەھمىڭ رەقىبىمنى مىنى زىنداندىغە ئىزدەرسەن،
مىنى گەر ئىزدەسەڭ جەۋرۇ جەفا قىلماققە ئىزدەرسەن،
بەناگاھ ئۇچراساڭ كۆزۈمگە سەن قاچماقنى ئىزدەرسەن،
ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت زالىمدىن رەھم ئىزدەرسەن،
فىراقىدا ئۆلۈپ كەتسەڭ، قەلەندەر، ساڭا باقماسدۇر.

* *

مۇرادىم بۇدۇرۇر مەن بەندەئى ئول كۆزۈ قاش ئولسام،
بۇدۇر مەقسۇدۇم، ئەي جانا، سىنىڭ ئالدىڭدا كاش ئۆلسەم،
ماڭا دەۋلەتدۇرۇر گەر ئىتلارىڭ بىرلەن قاياش ئولسام،
سىنىڭدەك نازەنىنغە ئاشىق، ئەي زىبىبا قۇياش، ئولسام،
زىلەيخادەك ئەجەب ئىرمەس قارىلىق چاغدا ياش ئولسام.

رەقىبىم جانىغە ھىجران ئوتىنى تولا ياقغايسەن،
غەزەب بىرلەن ئانىڭ سۆڭەكلەرىنى پارچە چاقغايسەن،
تۆمۈردىن مىخ ئىتىپ ئانىڭ ئىكى كۆزىگە قاقغايسەن،
بىرەر لۇتفىڭ كەرەمدىن رەھم ئىتىپ ھالىمغە باقغايسەن.
ئىچىڭ ئاغرىپ قالۇر ھىجرانىڭا، ئەي باغرى تاش، ئۆلسەم.

خەيالىم باردۇرۇر تا ئۆلگۈچە ھۆسنۈڭ سىفات ئەيلەپ،
سىنىڭ ھەجرىڭدە مەن ئۆلدۈم، نە بولۇرسەن خەيال ئەيلەپ،
ماڭا لۇتف ئەيلەگىل تاتلىق سۆزۈڭنى سەن نەبات ئەيلەپ،
نە بولۇر كۈلبەمە كەلسەڭ مەسىھىم ئىلتىفات ئەيلەپ،
نەچە دەردى فىراقۇ ھەجرىدىن ساھىب فەراش ئولسام.

ساڭا قۇل بولغانىغە فەخر ئىتەلەر پارچە سەرۋەرلەر،
تىشىڭنى ھەسرەتىدىن قان يۇتارلار دۇررۇ گەۋھەرلەر،

ئەدەمدۇرلار لەبىڭ ئالىدا، جانا، شەھدۇ شەككەرلەر،
قىلۇرلار خىزمەتىڭنى لەيلى ئوخشە بارچە دىلبەرلەر،
فىراقىڭ تاغىدا تاڭ يوق جۇنۇن ئەھلىغە باش ئولسام.

نەچە داد ئەيلەدىم ئالدىڭدا ھەرگىز تاپمادىم دادىم،
بۇ قۇمرىدىن خەبەر ئالمايدۇرۇر ئول سەرۋى ئازادىم،
مېنى ھىجرانىدا كۆيدۇردى، سەھۋەن قىلمادى يادىم،
جەھان شوخىنى شوخلايدۇ، كۆرۈڭ، زالىم پەرىزادىم،
ئىشىكىدە تاپارمەن يول، قەلەندەر، گەر ياۋاش ئولسام.

*　　　*

كۆرسە يۈزۈڭنى كىرەر قاچىپ بۇلۇت ئىچرە قۇياش،
نې ئۈچۈنكىم يوق قۇياشغە ئاڭا ئوخشە كۆزۈ قاش،
سۆزلەرىڭدىن تامادۇر لەئلۇ جەۋاھىر چاش - چاش،
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈلنى زەھرى غەم بولدى مەئاش،
بۇ قىلىشدا نېدۇرۇر مەقسەد ساڭا، ئەي شوخ ياش.

جەننەتى ئەئلادۇرۇر كۆزۈمگە مەئۋايىڭ سېنىڭ،
تۇبىئى سەرۋى بىھىشتدۇر قەددى رەئنايىڭ سېنىڭ،
گۇلشەنى باغى ئىرەمدۇر مەنزىلۇ جايىڭ سېنىڭ،
نۇرى رەھمەتدىن ياراتتى بارچە ئەئزايىڭ سېنىڭ،
بۇلئەجەب ئىشكىم قىلىپدۇر كۆڭلىڭى باغرىڭنى تاش.

مۇنچە زۇلم نېدۇر جانىمغە دوستلار ئاندىن سورۇڭ،
ئول سىتەمگەر جەۋرۇ زۇلمىن، ئەي مۇسۇلمانلار، كۆرۈڭ،
كىم قەدەم قويسە مۇھەببەت سارى ئانى كۆيدۇرۇڭ،
زۇلفى ئايتۇر باغلا ئانى، كۆزى ئايتۇر ئۆلتۇرۇڭ،
بىر ئەسىر ئۈزرە ئىكى بۇلانچى قىلغاندەك تالاش.

شۇم رەقىبغە لۇتف ئېتىپ ئولتۇرغۇزۇپدۇر يانىدا،
نې ئىلاج ئەيلەي مېنى كۆرمەيدۇر ئادەم سانىدا،
ئاشىق ئولسا ھەر كىشى قانى ئۆزىنىڭ بوينىدا،
ئوت تۇشەر رەھمى كېلىپ كىم كۆرسە ئانىڭ جانىدا،
دەئۋىئى ئىشق ئەيلەبان ھەر كىمسەگە كۆتەرسە باش.
①......................................

① قول يازمىنىڭ ۋارىقى يوقالغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇخەممەسنىڭ ئاخىرى، كېيىنكىسىنىڭ بېشى يوقە

* *

.....................................................

تەڭ بولالماس هوُسنىُڭە مىلڭ بولسالار هوُرو پەرى،
كوٚرمەگەن دەۋرانو بەهرو بەر سىنىڭدەك گەۋهەرى،
سەن توُروُپ باقماس كىشى گەر چىقسە شەمسى خاۋەرى،
دىسەلەر كىم گەر بولاي ئىككى جەهانىڭ سەرۋەرى،
رىشتەئى مىهرى موُهەببەتنى رەقىبلەردىن ئوٚزوٚڭ.

كىم كوٚروُپدوُر بىر سىنىڭدەك دىلبەرى يوُسوُف نىشان،
هەركىشى كوٚرسە يوٚزوٚڭنى قوُل بولوُر ئول شول زەمان،
لايىقى ئىلزەم ئىرروُر قىلسام سىفاتىڭنى بەيان،
بىر سىنىڭدەك يوقتوُروُر گوُلچىهرەئى شىرىن زەبان،
شوُم رەقىبى بەد دىيانەت ئوُچراسە كوٚزىن ئويوُڭ.

يوٚرەكىڭدەك بوُ جەهان ئىچىدە سەندەك قارە يوق،
بارچە ئەل دەرلەر سىنىڭدەك دىلبەرى مەه يانە يوق،
بىر مىنىڭدەك خىزمەتىڭگە يوٚرەكى سەد پارە يوق،
توُتىدەك جانىن فىدا قىلماقدىن ئوٚزگە چارە يوق،
ئىشتوُر بولسا قەلەندەر، دىلرەبا، شەككەر سوٚزوٚڭ.

* *

كوٚرسە يوٚزوٚڭنى خوُدايىم هەشرىدە، ئەي نازەنىن،
ئەيلەر ئىردى قوُدرەتىگە هەر زەمان يوٚز ئافەرىن،
مەن ساڭا فەرهادمەن، ئەي دىلرەبا، سەنسەن شىرىن،
گەر موُسوُلمانزادە بولساڭ قىلماغىل كوٚڭلوٚم هەزىن،
كوٚيوٚنوٚر بولسە كويوُڭ دەيرى ئىرروُر خوُلدى بەرىن.

گەر توٚزەر بولساڭ مەجالىس بوُ گوُلى روُخسار ئىلە،
تاڭ ئەمەسدوُر سەيد قىلساڭ ئەلنى بوُ گوُفتار ئىلە،
ئىلتىفات ئەتكىل قوُلوُڭغە لەئلى شەككەر بار ئىلە،
چىقساڭ ئوٚيدىن گەر خىرامان بوُ قەدوُ رەفتار ئىلە،
شەيخ سەنئان بولغوُسىدوُر زاهىدى خىلۋەت نىشىن.

ئار ئىتەر كوٚرسە قوُياشنى ئارەزىڭ، ئەي گوُلئوٚزار،
سەن قوُياش كوٚزىگە بار مەن زەررەدىن بىشىُمار،
قان بولوُپدوُر يوٚرەكىم هەجرىڭدە يوق بىردەم قەرار،
تاكى خەلق ئەتتى جەهاننى خالىقى پەرۋەردىگار،
كەلمەدى هەرگىز ۋوُجوُدغە ساڭا ئوخشە مەه جەبىن.

دەردی ئىشقنىڭ دىلرەبا كۆڭلۈمگە بولدی تا نەسىب،
قىلىمادىنىڭ لۇتفۇ كەرەم قالدی فىراقىڭدا قارىب،
قىلدی جەۋرۇ زۇلمىنی جانىمغە شۇم بەدرەك رەقىب،
نەقش باغلادی قەلەندەر كۆڭلىگە داغی نەسىب،
هەر كىشی كۆرسە گۇمان ئەيلەر ئىرۇر نەقشی نىگىن.

*　　　*

ئىلاها، بەرگەسەن رەھم، مۇرۇۋۋەت پۇر جەفالارغە،
ۋەفاۋۇ مېهر - شەفقەت هەم ئەتا قىل بىۋەفالارغە،
مۇهەببەت ئوتىنی سالغىل سىتەمگەر دىلرەبالارغە،
خەبەر يەتكۇر بۇ هالىمدىن، كۆڭۈل نائاشنالارغە،
ئىلاها، سەبىر - تاقەت بەر بىزىڭدەك مۇبتەلالارغە.

ياراتماپدۇر ئانىڭدەك بۇ جەهاندا سانىئی قۇدرەت،
نەسىب ئەتكىل، ئىلاها، ئول پەرىغە ئەيش ئىلە ئىشرەت،
ئانىڭ هەققىدە نازىل بولدی گويا ئايەتی رەهمەت،
بىرىپدۇر پاكدامانىم شەرىئەت گۇلشەنی زىينەت،
ئىلاها، ئۇمر دەۋلەت بەر ئانىڭدەك پارسالارغە.

باری ئىلمی فۇزۇلدا بۇ جەهاندا باردۇرۇر يەكسان،
پلاتون ئەقل بابىدا ئەگەر كۆرسە قالۇر هەيران،
تاڭ ئىرمەسدۇر فىراقىدا، بەرادەر، ئەيلەسەم ئەفغان،
مېنىڭدەك تارتماغان هىچكىم فىراقۇ مېهنەتۇ هىجران،
گىرىفتار ئولماسۇن، يا رەب، كىشی قاشی قارالارغە.

ئەگەر هىجرانىدا ئۆلسەم، نىگارىم بىر نەزەر قىلماس،
فىراق ئۆتتی مەگەر بۇدۇر تىنىمدىن هىچ ئەسەر قىلماس،
يۈزىن كۆرگەندە خۇرشىدی جەهانغە زىيبۇ فەر قىلماس،
غەرىبۇ مۇستەمەندىدىن پەرىۋەشلەر خەبەر قىلماس،
ئىلاها، مەرهەمەت بەر گۇلگۇنۇ ئاللىق قەبالارغە.

ئەگەر بۇيی ماڭا يەتسە، پەرىزادىمنی خالىدىن،
مەسىهادەك كىچەرمەن ئۇشبۇ ئالەم مۇلكۇ مالىدىن،
خەبەر ئالمايدۇر ئول زالىم مەنی بىچارە هالىدىن،
گۇلىستانی جەمالىدىن، بىهىشت ئاسا ۋىسالىدىن،
نەسىب ئەتكىل گۇلی، يا رەب، قەلەندەر بىنەۋالارغە.

*　　　*

ساڭا ئوخشە دىلبەری شىرىن زەبانی كۆرمەدىم،
تەختی دەۋلەت ئۈزرە بىر ساهىب قىرانی كۆرمەدىم،

لەبلەرىڭدەك بۇ جەھاندا لەئل كانى كۆرمەدىم،
كويۇڭ ئوخشە ئۆزۈمە ھۆرى زەمانى كۆرمەدىم،
قامەتىڭدەك باغ ئارا سەرۋى رەۋانى كۆرمەدىم.

سەن جەھاندا ھۆسنۇ خۇلقىنىڭ بابىدا يەگانە تاق،
ھەر يامانلىق باردۇرۇر بارچەسى سەندىن يىراق،
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ بۇ قارى قۇلۇڭغا باق،
بىر - بىرىن كۆردۇم جەھاننى سەير ئېتىپ باشدىن ئاياق،
بىر سىنىڭدەك مەھۋەشى ئارامى جانى كۆرمەدىم.

ماڭا ئوخشە يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر شەيدايى ئىشق،
بولماغان مەندەك كىشى دۇنيادا بىر رەسۋايى ئىشق،
شۇكرىللىلاھ، ئىشقىڭە دەرلەر مىنى دانايى ئىشق،
تاكى قىلدىم بۇ خوتەندە سەن بىلەن سەۋدايى ئىشق،
سۇد كۆردۇم ھەدسىز ئەمما بىر زىيانى كۆرمەدىم.

تا سىنىڭ يۈزۈڭنى كۆردۇم تاپمادىم بىردەم قەرار،
تۈشتى ھىجرانىڭ ئوتىدىن ئىچىمە يۈزمىڭ شەرار،
ھۆسنۈڭ ئەتتى بۇ جەھان ئىچرە قىيامەت ئاشكار،
گەرچە كۆردۇم ھىندۇ، سىند، تۇرانۇ ئىرانۇ بۇخار،
مەھۋەشى دىلكەش سىنىڭدەك دىلىستانى كۆرمەدىم.

بىر سىنىڭدەك كۆرمەدىم ئالەمدە شوخى سىيمتەن،
سەرۋ بويلۇق، گۈل مەڭىزلىك شىرىنۇ نازۇك بەدەن،
لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان، تىشلەرىڭ دۇررى ئەدەن،
سەير ئېتىپ كۆردۇم جەھاننى بەھرۇ بەر بىرلە يەمەن،
ساڭا ئوخشە دىلبەرى يۇسۇف نىشانى كۆرمەدىم.

بارچە ۋەسفىنى قىلۇرلار نازەنىنىم سۇبھۇ شام،
بىر سىنىڭدەك ھىچ تۇغۇلماسدۇر ئىلا يەۋمۇلقىيام،
ياخشى ئات بىرلە سىنى ياد ئەيلەمىشلەر خاسۇ ئام،
ئەي قەلەندەر، دىلكەشۇ خاتىرنىشىن شىرىن كەلام،
دىلبەرىڭنىڭ ۋەسفىدەك بىر داستانى كۆرمەدىم.

* *

لەبلەرىڭنىڭ يولغە لەئلى بەدەخشانىم فىدا،
تىشلەرىڭنىڭ ھەر بىرىغە گەۋھەرى جانىم فىدا،
تەرلەگەن گۈلدەك يۈزۈڭە ئابھەيۋانىم فىدا،

بەلكى ئەنجۇمى فەلەك خۇرشىدى تابانىم ئىدا،
بىر تۆكەر بولساڭ قانىمنى ساڭا مىڭ جانىم ئىدا.

يوقتۇرۇر مىسلىڭ جەھاندا، ئەي مەھى يۇسۇف نىشان،
ئۆرتەدىڭ جانىمنى ھەدسىز، ئەيلەدىڭ باغرىمنى قان،
بەرمەدى ھەجرىڭ ئوتى بىر لەھزە جانىمغە ئەمان،
سەرۋ، توبى بولسا قەددىڭغە تەسەددۇق ھەر زەمان،
تۆتىدەك شەككەر سۆزۈڭگە شەككەرىستانىم ئىدا.

لەيلىيۇ شىرىن سىنىڭدەك يوق ئىكەن ساھىب جەمال،
مەجنۇنۇ فەرھاد مەندەك بولماقى باردۇر مەھال،
تاپماسۇن دۇنيادا ھەرگىز دەۋلەتى ھۇسنۇڭ زەۋال،
ئەنبەرى مۇشكىن خوتەن خالىڭغە بولمىش پايمال،
كاكۇلۇ زۇلفۇڭغە جانا سۇنبۇلىستانىم ئىدا.

چىقمادى سەندەك جەھاندا دىلرەبايى نازەنىن،
ھەر كىشى كۆرسە يۈزۈڭنى شۇل زەمان دەر ئافەرىن،
سۇرەتىڭ تاتاردا ھەيرەتدە قالۇر نەققاشى چىن،
مەقسەدىم بۇدۇر مىنىڭ، ئەي دىلبەرى ھۇرى جەبىن،
مەشرەبىڭگە ئەيلەسەم شەمئى شەبىستانىم ئىدا.

شەھدۇ شەككەردىن ماڭا تاتلىق ئىرۇر شەككەر سۆزۈڭ،
ھەجرىڭگە قايداغ چىدارمەن، كەل باقىپ ئايغىل ئۆزۈڭ،
ساڭا داد ئەيلەيكى ئۆلتۈردى مىنى كافىر كۆزۈڭ،
ئايتادۇر يىغلاپ قەلەندەر تا كۆرۈپ ئايدەك يۈزۈڭ،
خانىمانىم بىرلە ساڭا باغۇ بوستانىم ئىدا.

* *

گۇلشەنۇ گۇلزار باغىمنىڭ گۇلى تا باردى تاغ،
قويدى فۇرقەتدىن مىنىڭ جانىمغە يۈزمىڭ دەردۇ داغ،
بىلمەدىم كۆڭلۈمدە بار ئىركەن جۇدالىقدىن ساناغ،
سەنسىزىن يالغۇز باشىمغە بولدى دەۋزەخدەك ئۇ تاغ،
نى گۇناھىم بار ئىدى تۈشتۈم نىگارىمدىن يىراغ.

ئوت تۇتاشتى فۇرقەتىڭدىن جانىمە، ئەي گۇل بەدەن،
لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر، تىشلەرىڭ دۇررى ئەدەن،
كۆرمەدىم ئالەمدە سەندەك دىلبەرى شىرىن سۇخەن،
بولدى كۇلبەم سەنسىزىن يەئقۇبدەك بەيتۇل ـ ھەزەن،
سەن بارىپ يۇسۇفكە ئوخشە ئەيلەمىشسەن سەيرى باغ.

بولسا ئىردى ئىختىيارىم گەر ئۆزۈمنىڭ قولىدە،
تۇرمايىن ماڭار ئىدىم مەن ئاقسايىنىڭ چۆلىدە،
يەتكۈرۈر ئىردىم ئۆزۈمنى نازەنىنىم كويىدە،
ئەيشۇ ئىشرەت بىرلە راھەتدۇركى تاغنىڭ يولىدە،
گاھ - گاھ ماڭسام باشىم بىرلەن گەھى ماڭسام ياياغ.

كىمسەگە ھىجرانى دەۋراندىن ھەلاۋەت ئىستەمەك،
سۇسساغان گۇلزاردىن رەڭگۇ تۇرابەت ئىستەمەك،
باغۇ بوستاندىن خەزان ۋەقتى نەزاكەت ئىستەمەك،
مەندىن، ئەي ئەھباب، ئەمدى ئەيشۇ راھەت ئىستەمەك،
بۇلبۇل ئايرۇر بولسا گۇلدىن ئاڭا نې بولغاي فىراق.

تا سېنىڭ بىرلەن ئىدىم مەن بۇلبۇلى خۇشخان ئىدىم،
ئەيشۇ ئىشرەت تەختى ئۆزرە گويىيا سۇلتان ئىدىم،
دېمەيىن سۇلتانكى يەتتە ئىقلىم ئۆزرە خان ئىدىم،
رۇستەمى داستان ئىلە ئىسكەندەرى دەۋران ئىدىم،
بۇلبۇل ئىدىم سەندىن ئايرىلغاچ بولۇپمەن ئەمدى زاغ.

سەندىن ئايرىلدىم تىرىكلىك ماڭا كۆپ دىشۋاردۇر،
نې ئۆچۈنكىم ئىككى لەئلىڭ تۇرفە شەككەر باردۇر،
سەن تۇرۇپ ھۇرۇ پەرى سارىغە باقماق ئاردۇر،
غۇنچە ئاغزىڭ ئالىدا، ئەي شوخ، بىمىقداردۇر،
بىر سېنىڭدەك ھېچ تاپىلماس يەر ئۆزرە سالسام سوراغ.

تا جۇدا سەندىن بولۇپمەن مېھنەتۇ غەمدۇر ئىشىم،
دەردۇ مېھنەت بىرلەن ئۆتتى سەنسىزىن يازۇ قىشىم،
كۆڭلۈگىمىزگە رەھىم يوقتۇرمۇ مەگەر، ئەي مەھۋەشىم،
كېچەۋۇ كۈندۈز قۇرۇمايدۇر كۆزۈمدىن ھېچ ياشىم،
زەھرى قاتىل توشقارىپ، ساقى، ماڭا تۇتغىل ئاياغ.

تۇرمايىن تاغ يولىدا ماڭماقغە باردۇر ئارزۇم،
كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇنچە يەتمەكلىككە باردۇر ئارزۇم،
كەلمەسەڭ تاغدىن بارىپ تۇرماقغە باردۇر ئارزۇم،
ھەر زەمانى مىڭ يولى كۆرمەككە باردۇر ئارزۇم،
نې ئىلاج ئەيلەيكى باردۇر تاغنىڭ يولى يىراغ.

كۆيمەسۇن فۇرقەت ئوتىدا ماڭا ئوخشە ئادەمى،
مەن كۆيەرمەن ھەجر ئوتىدا، سەندە يوقتۇر ھېچ غەمى،
سەن ئىدىڭ ئەي دىلرەبايىم، داغلارىمنىڭ مەرھەمى،

كۆرمەدىم تۇشۇمدە هەم سەندىن يارۇغلۇق بىردەمى،
تۇن قاراڭغۇ كۇلبەم ئىچرە سەن ئىدىڭ شەمئى - چىراغ.

كاشكى، ئەي نازەنىنىم، سىزنى مەن كۆرمەس ئىدىم،
دانەئى خالىڭ كۆرۇپ دامىڭغە مەن تۇشمەس ئىدىم،
هەسرەتىڭدە كېچە - كۇندۇز قان ياشىم قۇيماس ئىدىم،
ئەي گۇلىستانى زەمانىم، مۇنچە مەن بىلمەس ئىدىم،
بۇلبۇلى كۆڭلۇمگە ئېركەن زۇلفى مۇشكىنىڭ تۇزاغ.

ئەي مۇسۇلمانلار، مېنى تاشلاپ بارىپدۇر دىلبەرىم،
مەن تىلەرمەن ماڭا يەتكۇرگەي ئانى هەيىيى قەدىم،
سەن شىرىنىڭ ئىشقىدا فەرهاددىن يوقتۇر كەمىم،
گەر فىراقى هەجر ئارا ئۆلسەم مېنىڭ يوقتۇر غەمىم،
هەر نە بولسام مەن بولاي، تۇتسۇن خۇدايىم سىزنى ساغ.

كىمگە ئايتاي مەن جەفايى چەرخى كەجرەفتارنى،
بىر - بىرىدىن ئاجراتۇر ئىككى رەفىقۇ يارنى،
كۆيدۇرۇر فۇرقەت ئوتىدا ئاشىقى ئەفگارنى،
زەررەچە چىقمايدۇ دەردىم شۇم رەقىب ئەغيارنى،
قەهر - ئاچچىغ بىرلە سوقسام كۇندە ئانى يۇز تاياغ.

بىر سېنىڭدەك دىلبەرى شىرىن زەبانى كۆرمەدىم،
سەرۋ بويلۇق، گۇل مەڭىزلىك دىلىستانى كۆرمەدىم،
هۇسن دەۋلەت تەختى ئۆزرە كامرانى كۆرمەدىم،
مەهۋەشۇ دىلكەش بۇتى قۇياش نىشانى كۆرمەدىم،
گەرچە كۆردۇم هىندۇ، سىند، ئىرانۇ، تۇرانۇ قازاغ.

سەن بىلەن دەۋزەخدە بولسام ئۆلدۇرۇر خۇلدى بەرىن،
قاشۇ كۆزۇ كىرپىكۇ زۇلفۇڭغە يۇزمىڭ ئافەرىن،
نې ئۇچۇن ئولماي يىراق مەن، شۇم رەقىب ساڭا يەقىن،
رەشكىدىن ئۆلمەككە يەتتىم ئەي مەهى هۇرى جەبىن،
مېنى ئۆلتۇرمەك ئۇچۇن ئەغيارىمە تۇتتۇڭ ئاياغ.

رەهم ئېتىپ باقغىل بىرەر هالىمغە زەئىفىمدىن قويى،
فەرق ئېتە ئالمان فەلەكدۇر يوقارى يا يەر قويى،
قىلدى ئاشىقغە خۇدايىم دەردۇ رەنج كۆيمەك كويى،
تىنمايىن هىجرانىڭا ئاقار كۆزۇمنىڭ گەر سۇيى،
هەر كىشى كۆرسە گۇمان ئەيلەر ئېرۇر ئىككى بۇلاغ.

ئايتۇر ئېردىم ئاشىق ئولسام ۋاسىل ئولغۇم بىر كۇنى،
ئەيشىدە ئۆزۇمنى مەن جەمشىد دەرمەن ئول كۇنى،

نەچچە ئەرز ئەتسەم كېلۇر ئاچچىغى چىقماسدۇر ئانى،
زۇلم ئىلە ئۆلتۈرمەكى ئول شوخنىڭدۇر ئويۇنى،
بىلمەدىم بولماس ئىكەن كۆڭۈل بىلە قىلغان سىناغ.

گەر ئاتاڭ بولسۇن قۇياشۇ بولسا ئاناڭ تولۇن ئاي،
مۇمكىن ئېرمەسكىم تۇغۇلغاي ساڭا ئوخشە دىلرەباي،
كىم يۈزۈڭگە باقسا جانا رەشكىدىن كۆزىن ئويای،
ئۆلگۈدەكمەن بۇ سەبەبدىن ئاقىبەت، ئەي مەھلىقاي،
ئەھلى دانىش مەھرۇمۇ نادان ئېرۇر ساڭا ئاتاغ.

ئېرۈتۈر كۆڭلۈمنىڭ ئوتى گەر ياۋۇشسە تاشنى،
قىلمادى كۆڭلىگە تەئسىر شوخ باغرى تاشنى،
ياڭى ئاي بىرلەن ئېگىلۇر كۆرسە يا ئول قاشنى،
رەھم ئېتىپ سەن تاشلاما بىچارەئى قەللاشنى،
گەر يامانۇ گەر قارىمەن لېك باردۇرۇر سىناغ.

تاغقە بارىپ كۆرمەس ئېردىم سەن مەھى تابانىنى،
كۆرمەسەم كۆيمەس ئېدىم سەن ئافەتى دەۋرانىنى،
كىم سېنى كۆرسە فىدا ئەيلەر جەھانۇ جانىنى،
ۋەسل ئۈچۈن قۇيدى كۆزۈم دەرياغە ئوخشە قانىنى،
بىلمەدىم ئاشىقغە كۆپ ئېركەن بەلاۋۇ دەردۇ داغ.

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم بىلقىس سۇرەتلىك سەنەم،
گەر پەرىيۇ ھۇر بولسا سېنىڭ ئالدىڭدا ئەدەم،
تىرگۈزۈر بولساڭ نىگارا كۇلبەمە قويغىل قەدەم،
كويىڭا باقسام ئېرۇر كۆزۈمگە گۇلزارى ئەدەم،
ئول زەمانى سەندىن ئايرىلدىم ئۆلۈكمەن تا بۇ چاغ.

ھەر زەمان يۈز ناز ئىلە، ئەي شوخ، جەۋلان ئەيلەمە،
ئىشق ئېلىنى دەھر ئارا رەسۋايى دەۋران ئەيلەمە،
بۇلھەۋەس بىرلە جەھاندا ئەھدۇ پەيمان ئەيلەمە،
بۇ كۆڭۈل مۇلكۇڭدۇرۇر زۇلم ئىلە ۋەيران ئەيلەمە،
مۇلك ئولۇر ئاباد ئەگەر بولسا ئەدالەتلىغ سۇراغ.

بىلمەدىم نېدۇر مۇرادىڭ مۇنچە كۆڭلۈم بۇزماغىڭ،
گەر يانىپ كەلسەڭ بۇدۇر ئۆلۈكنى سەن تىرگۈزماغىڭ،
مەقسەدىڭ نېدۇر ماڭا دەۋزەخلەرىن كۆرگۈزماغىڭ،
مۇمكىن ئېرمەسدۇر سېنى ئەمدى كۆڭۈل ئۈزگۈزماغىڭ،
ئۆلگۈچە كەتمەس كۆڭۈلدىن ئىشقىدىن تۇرغان قاداغ.

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر يامۇدۇر كانى نەبات،
يوقدۇرۇر شەھدۇ شەكەر، بەلكىم ئىرۇر ئابەھەيات،
سۆزلەرىڭدىن گەر تىرىلسە تاڭ ئەمەس بولغان مەمات،
نې بولۇر قىلساڭ قەلەندەرغە، نىگارا، ئىلتىفات،
بولسا مۇددەتلەر كۆيەر ھەجرىڭ ئوتىدا لاغ ـ لاغ.

*　　　*

ھەر كىشىنى بىر پەرى ئىشقىدا شەيدا ئەيلەسە،
تاڭ ئەمەسدۇر گەر مېنىڭدەك ئەلگە رەسۋا ئەيلەسە،
نې بولۇر ئەمدى مۇھەببەت رەسمى بەرپا ئەيلەسە،
كۆزۈمە گەر جىلۋەئى ئول قەددى رەئنا ئەيلەسە،
يوق بولۇپ كەتكەن كۆڭۈلنى يانە بەرجا ئەيلەسە.

تاكى كۆردۈم ئارەزى ئول دىلبەرى شىرىن شىئار،
بىستۇنىڭ تاغىدا فەرھاددەك تاپتىم قەرار،
ئىشقىنىڭ تەبلىنى چالدىم ئەل ئارادە ئاشكار،
بولغۇسىدۇر ماڭا ئوخشە خەلق ئارا ئول خارۇزار،
كىم ئۆزىنى چاغلاماي قۇياشغە سەۋدا ئەيلەسە.

سەنسىزىن شەھدۇ شەكەر كامىمگەدۇر گوياكى زەھر،
فۇرقەتىڭدە ئۆتتى ئۆمرۈم كۆرمەدىم بىر زەررە بەھر،
بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم، كۆردۈم ئەگەرچە نەچچە شەھر،
ئاقىبەت مەندەك بولۇر شەك يوقتۇكىم رەسۋايى دەھر،
كىم قارىلىق چاغىدا گەر ئىشق دەئۋا ئەيلەسە.

يوقتۇرۇر بۇ يەر ئۆزە سەندەك يەنە ئەي دىلرەبا،
مەھۋەشى خاتىر كەشۇ شىرىن سۇخەن نازۇك ئەدا،
پاكلىق بابىدا مەريەم، ھۇسن ۋەششەمسۇ زۇھا،
لايىقى ئىلزەم بۇدۇر كىم قىلسە تەركى ماسىۋا،
ھەر كىشىكىم ئارزۇيى جامى سەبھا ئەيلەسە.

ئەي پەرىزادى زەمانىم، مەھۋەشى ئالى جەناب،
ئىككى زۇلفۇڭ ئوتراسىدا ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب،
لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب،
بەختى دەۋلەتدىن بولۇپ ئىكى جەھاندا كامياب،
كىم قەلەندەردەك ئەگەر گۇلخەننى مەئۋا ئەيلەسە.

*　　　*

بۇلبۇلى شىرىن زەبانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر،
تۇتىئى شەككەر فىشانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر،
ھۇر سۇرەت كامرانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر،
نادىرى ئەبرو كەمانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر،
گۇلشەنۇ گۇلزارى جانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

ئىنتىزار ئېرۇر ئانىڭ ھۇسنىغە دايىم خاسۇ ئام،
بارچە ئەل ۋەسفىن قىلۇرلار كېچە ـ كۈندۇر سۇبھۇ شام،
يەر يۈزىنىڭ دىلرەباسىنى يۈرۈپ كۆردۈم تەمام،
تۇغماس ئەمدى ئانادىن سەندەك ئىلا يەۋمۇلقىيام،
مەھۋەشى قۇياش نىشانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

ياخشىلارنىڭ سۆزىگە بىر زەررەئى يوقتۇر سەبات،
باغلاساڭ كۆڭۈل ئولارغە تاپماغايسەن سەن نەجات،
نازەنىنلار سۆزى ئېرۇر شەككەرۇ قەندۇ نەبات،
گەرچە ئىسكەندەرغە بەردى زۇلۇمات ئەينى ھەيات،
مېنىڭ ئۇمرۇم جاۋىدانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

ھېچ تۈگەنمەسدۇر ئانىڭ ۋەسفىنى قىلسام ماھۇ سال،
ھەق بېرىپدۇر بىنىھايەت دەۋلەتى ھۇسنۇ جەمال،
تاپماسۇن تا روزى مەھشەر دەۋلەتى، ھەرگىز زەۋال،
تىرگۈزۈرۈر ئۆلۈكنى سۆزگە كىرسە ئول ساھىپ جەمال،
ئىيسائىي ئالىي مەكانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

دۇنيادا كۆڭلۈمچە ھەرگىز بىر زەمانى يۈرمەدىم،
تەۋسەنى مەقسۇدنى مەن ھەر تەرەفكە سۈرمەدىم،
شەككەرۇ قەندۇ ئەسەلدەك لەبلەرىڭنى شورمادىم،
ئول مەھى تابان بىلەن ھەم بىردەمى ئولتۇرمادىم،
نازەنىنىم، مېھرىبانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

مېھرۇ مەھ بىلگىل مېنىڭ يارىمغە بىر تىمسالدۇر،
گۈل جەبىنلەر يۈزىدە زىينەتكە تۈشكەن خالدۇر،
سەرۋ بويلۇق، گۈل مەڭىزلىغلەر ئاڭا پامالدۇر،
ئۆزگەلەر ۋەسفى ئانىڭ ئالدىدا قىيلۇ قالدۇر،
گەۋھەرى دۇررى مۇغانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

كۆز ئاچىپ باقماس ماڭا ھەر نەچچەلەر قىلسام سەلام،
مەن نەچۈك تۇتسام ئۇمىد ئاندىن ئىبەرىپھۇر پەيام،
مېھنەتۇ جەۋرۇ جەفادۇر ماڭا ئىشى ھەر دەۋام،
ئاشىقى بىچارەلەرنى ئەيلەمىشدۇر قەتلى ئام،
سەفدەرى ساھىب قىرانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

غۇنچەئى خەندان بولۇر ئولدەم ئەگەر ئىچسە شەراب،
ئىككى زۇلفى سايەسىغە ئاي يۈزىدۇر ئافتاب،
كىم يۈزىنى كۆرسە تۈشمىش رىشتەئى جانىغە تاب،
مەستى جادۇ كۆزلەرى ئالەمنى ئەيلەپدۇر خەراب،
فىتنەئى ئاخىر زەمانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

بولدى ئۇل نازۇك قەدىنىڭ ئاشىقى سەرۋى رەۋان،
نەرگىسى، چولپان كۆزىنىڭ ھەسرەتىدىن يۇتتى قان،
يېڭى ئاينىڭ قەددى ئېگىلدى قاشىن كۆرگەن زەمان،
مەن نەچۇك بۇلبۇلغە ئوخشە قىلمايىن ئاھۇ فىغان،
گۇلشەنۇ گۇلزارى جانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

نى ئىلاج ئەيلەيكى كىرمەس ئۇل پەرىۋەش سۆزۈمە،
شادلىق يوقتۇر، يارانلار، ئۈمىد كىم نەۋرۇزۇمە،
مەن نەچۇك كۆرسەم كىشىدىن قىلدىم ئۆزۈم ئۆزۈمە،
ھېچ كۆرۇنمەس تاشچە ھەم دۇررۇ جەۋاھىر كۆزۈمە،
مېنىڭ ئۇشۇل لەئل كانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

ئۇندا بەسدۇر دېيدىمە قويغىل ...... ①
زالىمۇ بىرەھىملىقدە گويىيادۇر مۇغبەچە،
قىلمايىن ئىشقىنى دېسەم ئۇل قىلۇر تارلىق قاچە،
گەر يۈزىنى كۆرمەسەم كۈندۈز ماڭا ئېرۇر كېچە،
ئافتابى خاۋەرانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

سىنەمۇ جەۋرۇ جەفادۇر ئۇل پەرىۋەشىنىڭ ئىشى،
كۆڭۈل ئازارلىقدىن ئۆزگە ئۆتمەدى يازۇ قىشى،
خانىېكەدۇر گويىيا تەمكىن بىلە ئولتۇرۇشى،
ھەر سۆيەرى باردۇركىم بۇ جەھاندا بىركىشى،
مېنىڭ ئۇل ئارامى جانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.


بەختىجانىم ئوخشە يوقتۇر دىلبەرى سىيمىن بەدەن،
ساچى- زۇلفى ئەنبەر ئەفشان سۇنبۇلۇ ھەم ياسۇمەن،
خالىنى تاكۆردى قان يىغلايدۇرۇر مۇشكى خوتەن،
تا ئانىڭ يۈزىنى كۆردۈم ئەيلەدىم تەركى ۋەتەن،
دېدىم ئەمدى خانىمانىم بەختى جان ئاغاچەدۇر.

تىشلەرى دۇردانە ئېرۇر لەبلەرىدۇر لەئل كان،
بارچە ياخشىلىقدا باردۇر ئۇشبۇ ئالەمدە ئەيان،
بەختىجانىمسىز، نى لازىم ماڭا بۇ جانۇ جەھان،
②.......................................................................
ئەمدى ئۇل جانۇ جەھانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

بەختى جان ئاغاچە ئوخشە بۇ جەھاندا قايدادۇر،
دانىشۇ فەھمۇ فەراسەتلىك نىگارى قايدادۇر،
سۆزى شىرىن مەھۋەشى بىرگۇلئۇزارى قايدادۇر،
تا بارىپدۇر كەربەلاغە يىغلاپ. قەلەندەر، ئايتادۇر:
بائىسى ئاھۇ فىغانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر.

---

① قول يازمىدا بۇ ئورۇن پەرىشدە بولغان.
② بۇ شېئىرنىڭ بىر مىسراسى قول يازمىدا چۈشۈپ قالغان.




(داستان)

ئابدۇرېھىم نىزارى①

بۇرۇن كەچكەن شاھلاردىن بىر سۇلتانى ئەدالەت مەئاب ھىكايەتى ئاڭلادىكىم، مەئرىفەت ئامىز ۋەئزىيەتى بىرلە دەۋلەت شۇڭقارى شۇبان بەچچەئىنىكى تەقرەئ باشىغە قونۇپ، تەقدىر رىشتەسى بانۇيى ئىسمەتكە بەند ئەتكەننى ۋە ئول پەرىۋەش مەنكوھەسى ئىستەھان بەيابانىغە سالىپ، مەقسەد مۇنارىدىن خەبەر ئالغانى

قەلەم نەۋكى بىرلە رىۋايەت قىلاي،
بۇرۇنقى زەماندىن ھىكايەت قىلاي.
شەھىنشاھى بار ئېردى ئالىي نەژاد،
ئاڭا بار ئىدى دۇختەرى خانزاد.
يوق ئېردى ئاڭا بىر ئوغۇلدىن نىشان،
بولۇپ بىر ۋەقتىكى شەھى كامران.
يىغىپ بىر كۈنى جۇملە ئەركاننى،
ھەممە مەملەكەتلەرنىڭ ئەئيانىنى.
زىھى كۆرگۈزۈپ ئول كۈنى جەشن ئام،
زىيافەت قىلىپ چوڭ - كىچىك بەتەمام.
ۋەسىيەتنەما سۆزنى ئاغاز ئېتىپ،
ۋەزىرنى ئۆزى بىرلە ھەمراز ئېتىپ.
دېدى: «ئەي خەلايىق، سۆزۈم باردۇر،
ھېلى كۆرگەلى بۇ كۆزۈم باردۇر.
بەناگاھ قەزادىن يۇمۇلسە كۆزۈم،
قەزارەن ئارادىن يوق ئولسە ئۆزۈم.
شەھىنشاھلىق تەختى خالى بولۇر،
كى سىزلەرگە شاھنىڭ مەلالى بولۇر.
قاچانكىم ماڭا بولسە مېھنەت تۇشى،
رەھا ئەيلەگىز ئاندا دەۋلەت قۇشى.
قويۇڭ ئۆز ھەۋاسىغە شۇڭقارنى،
سۈرۈپ كەينىدىن بەرمەڭ ئازارنى.
كىم ئول بەختىيار ئولسە باشىغە قەنار،
ئۇلۇس خەيلىغە بولغاي ئول شەھرىيار.
قىزىمنى بېرىڭ، بىزگە ئېيلەڭ ئوغۇل،
ئانىڭ ئەمرىنى بارچە تۇتغاي قەبۇل.
خۇدا كىمنى خاھىش قىلۇر، ئول بولۇر،
ھۆكۈمەت ئۆزۈكىن قولىغە سالۇر.
چىقىپ تەخت ئۆزرە، قىلىپ شاھلىق،
قىلۇر، مەملەكەتلەرغە ئاگاھلىق».
تۈگەتتى سۆزىن شاھى فەرخۇندە فال،
يېقىن بولدى بولغاي قۇياشى زەۋال.
خەلايىقنى تارقاتتى رۇخسەت بىلە،
ئۆزى گۇشەگە كىردى ھەسرەت بىلە.
ۋۇجۇدىغە يەتتى كەسەلدىن نىشان،

① بۇ ئەسەر نىزارى داستانلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1982 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان. ئەمما، ئاپتونوم رايونلۇق مىزۇبېيدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىغا كىرگۈزۈلمىگەن. شۇڭا تولۇقلاپ ئېلان قىلىندى — مۇھەررىردىن.

كى ئۇمرى دەرەختىغە يەتتى خەزان.
قەزا شىھنەسىغە دۇچار ئولدى شاھ،
نەدامەت بىلە ئول زەمان چىكىپ ئاھ.
داغى تاپشۇرۇپ جاننى جانانەگە،
كى باقماي كېتىپ، تەختى شاھانەگە.
ئەدالەت بىلە قىلدى ئاگاھلىق،
بەقا شەھرىدە ئىستەدى شاھلىق.
خەلايىققە بولدى مۇسىبەت چاغى،
يېتىپ خانىدانلارغە فۇرقەت چاغى.
ئەكابىر، ئەساغىر يىغىلدى ھەمە،
بۇ ماتەم ئىشىدە قىلىپ زەمزەمە.
بۇ شاھ جىسمىنى تاپشۇرۇپ دەخمەگە،
نە دەي، دەخمە ئاتلىغ چوقۇر لەھمەگە.
مۇسىبەت ئىشىدىن فەراغەت تاپىپ،
كى شاھ سۆزلەرىنى ئامانەت تاپىپ.
چۇ دەۋلەت قۇشىنى رەھا ئەيلەدى،
بۇ شۇڭقار ئەۋجى ھەۋا ئەيلەدى.
خەلايىق يىغىلدى بەسى فەۋج-فەۋج،
تولۇپ جۇملە سەھرا نە پەستۇ نە ئەۋج.
يۇرۇپ ئارقاسىدىن تەمەئ بىرلە ئەل،
دەبان قىچقىرۇر ئېردى:«ئىندەككە كەل!»
يۇرۇر ئېردى قۇش، ئانچە پەرۋاز ئېتىپ،
پەلەند ئۆزرە قونماقنى ئاغاز ئېتىپ.
ئىرادەت ئانى سۈردى سەھرا سارى،
نە سەھرا سارى، بەلكى دەريا سارى.
چۇ پەرۋاز ئېتىپ كەلدى بىر بىشەگە،
كېلىپ قونغالى تۈشتى ئەندىشەگە.
قارادى تۇرۇپدۇركى جايى بەلەند،
ياتىپ ئاندا بىر شەخسى خارۇ نەژەند.
كېلىپ قوندى قۇش شەخسىنىڭ باشىغە،
سەنالار دەبان سۈنئى نەققاشىغە.
نە كۆردى! شۇبان بەچچەئى تاز ئېرۇر،
سۇرۇك چارۋا بىرلە... ئېرۇر.
ئىرادەت ئاڭا قوندۇرۇپ بەختنى،
ئەتا ئەيلەدى تاج ئىلە تەختنى.

بۇ كەلگەن خەلايىق قىلىپ غۇلغۇلە،
ئەلالا سالىپ ئەيلەدى زىلزىلە.
«بۇ تاز ئەسلى شاھلىققە لايىق ئەمەس،
بۇ قۇش پەيلى ھېكمەتكە سادىق ئەمەس.
مۇنى شاھ قىلماق رەۋا بولماغاي،
ھەرەم بىرلە بۇ كەدخۇدا بولماغاي».
خەلايىق ئارا ئانچە بولدى جەدەل.
قىلىپ گۇفتىگۇ رەڭ بەرەڭ بارچە ئەل.
بۇلار ئىچرە بار ئېردى ساھىب دۇئا،
ھەمە خەلققە مۇرشىدى رەھنەما.
خەلايىققە ئۆلدەم خىتاب ئەيلەدى،
بۇ رەڭ سۆزلەرىغە ئىتاب ئەيلەدى:
«بۇ تازغە بۇ دەۋلەت خۇدادىن ئەتا،
ئانى مەنئ قىلغان قىلىپدۇر خەتا.
ئانىڭ باشىغە قوندى تەقدىر ئىلە،
كى مەنئى ئەمەس ھىيلە-تەدبىر ئىلە.
نە تازۇ نە تازە — خۇدا بەندەسى،
كى شاھۇ گەدا — ئەل سەرئەفكەندەسى.
چۇ كەۋنەيىن ئۆزى مۇلكىدۇر ئوڭۇ سول،
ئەتا قىلسە كىمگە، بولۇر شاھ ئول.
سىنىڭ نە ئىشىڭ بار خۇدا كارىغە،
تىلىڭنى ئېچىپ ئىشىنىڭ ئىنكارىغە؟
قىلىپ تەۋبە يانغىل بۇ ئىنكاردىن،
يىغىڭ قولنى بۇ تازغە ئازاردىن!»
خەلايىق ھىدايەت تاپىپ پىردىن،
قۇتۇلدى ھەمە مەكر تەدبىردىن.
بۇ تازنى ھەمە قىلدىلار ئېھتىرام،
ئانى كەلتۈرۈپ جايى ئالىي مەقام.
ياساپ تازنى شاھانە خىلئەت بىلە،
كى ئوردىغە كەلتۈردى ئىززەت بىلە.
چۇ ئەند ئەيلەبان شاھنىڭ دۇختەرىن،
مەلىكە جەنابىغە قىلدى قەرىن.
بۇ تاز داڭ قاتىپ قالدى ھەيرەت بىلە،
ئۆزىن توختاتىپ ئانچە غەيرەت بىلە.
كۆڭلىگە كېچىپ: «تۇشمۇ، يا خۇد خەيال؟

بۇ ئىشلار ماڭا ئىردى ئەمرى مەھال».
كۆزى تۈشتى تازنىڭ، ئەجەب مەنزەرى،
بولۇپ جىلۋەگەر ھۇر يەڭلىغ پەرى.
يېقىن بارغالى ئوغرادى ئول زەمان،
دېدى ئول: «يېقىن كەلمە، ئارقاڭغە يان!»
خىجالەتتە، ھەيرەتتە قالدى بۇ تاز،
پەرى چېھرەگە قىلدى ئەرزۇ نىياز:
«ئايا گۇل ئۇزارىم، گۇناھىم نەدۇر؟
مەلالەتتە بۇ چېھرەگە ھەم نەدۇر؟
چۇ مەن بىر بەيابانى چوپان ئىدىم،
نە چوپان، ۋەھشى بەيابان ئىدىم.
خۇدا ئەيلەدى سەلتەنەتكە قەرىن،
خەلايىق ئارا قىلدى ساھىب نىگىن.
ئۆزۈمچە بۇ ئىش تەۋرىگە يەتمەدىم،
كى تەخت ئۆزرە چىقماقغە سەئىي ئەتمەدىم.
ئاتاڭنىڭ قۇشى قوندى تاز باشىمە،
ماڭا بولدى ئۇلفەت، كېلىپ قاشىمە.
ئانى قوندۇرۇپ بىزگە تەقدىرى ھەق،
كى شاھلىق ھۇرۇفىغە بەردى سەبەق.
ئەزىز قىلدى ھەق مەن كەبى خارنى،
چىرا قوندۇرۇپ باشغە شۇڭقارنى.
مېنى خار تۇتماڭ، ئىجازەت بېرىڭ،
كېتەي، باش ئالىپ، ئەمدى رۇخسەت بېرىڭ.
يېقىن بولماغانىدىن ئۆلۈم ياخشىراق،
كى بولسۇن ماڭا ئەينى ھازەلفىراق».
دېدى ئول پەرىۋەش: «سۆزۈم بار، ئىشىت!
سېنىڭ مەن، مېنىڭ سەن، كى نادان يىگىت.
ئىككىمىز ئاراسىدا بىر شەرت بار،
ئانى مەن ساڭا ئەيلەيىن ئاشكار.
ئەدا ئەيلەگىل شەرتىنى، قىل نەشات،
مېنىڭ بىرلە بول بەئىدەزان ھەمبىنسات.
بۇ ئالەم ئارا بىر شەھەر باردۇر،
ئىرۇر ئاندا بىر ئىش — ئەجەب كاردۇر.
بار ئىرمىش شەھەردە ئۇزۇن بىر مۇنار،
مۇئەززىن ئانىڭ باشىدا باڭ ئۇرار.
ئوقۇپ ياندۇرۇپ باشىدە ئۈچ ئەزان،
تۈشۈبان تۆبىگە ئوقۇر بەئىدەزان.
دەۋامەت ئەزاننى مۇقەررەر قىلۇر،
ئىكى - ئۈچنى مۇندا مۇقەررەر قىلۇر.
ئانىڭ مەئنىسى نە ئىكەن سور، بارىپ،
بارىبان جەۋابىن، ماڭا بول قەرىب.
ھەلى چىق بۇ ئۆيدىن، بارىپ سور ئانى،
بۇ ئىشنى تۈگەتكىل، كېلىپ كۆر مېنى،
كېچە چىق، كېچە كەل، كىشى كۆرمەسۇن،
بۇ ئەسرارنى غەيرى جان بىلمەسۇن!»
بۇ تاز چىقتى يولغە، تەۋەككۇل قىلىپ،
باشىنى ئالىپ كەتتى، ھەيران قېلىپ.
يۈرۈپ كېچە - كۈندۈز بەيابان ئارا،
ئۆتۈپ قىرىق كۈن، ئاندىن ئالدى قارا.
شەھەرنىڭ قاراسىن ئالىپ بولدى شاد،
كۆرۈندى كۆزىگە مۇنارى مۇراد.
مۇنار باشىدە چىقتى باڭى نەماز،
قۇلاق سالدى بىردەم تۇرۇبان بۇ تاز.
كى تەكرار ئېتىپ ئۈچ قاتار ئوقۇدى،
كى ئاندىن كېيىن سائەتى توختىدى.
تۆبىگە تۈشۈپ باشلادى ھەم ئەزان،
ئوقۇپ ئۈچ قاتار ئۆيگە بولدى رەۋان.
بۇ تاز ئارقاسىدىن دەمادەم بارىپ،
داغى ئەرگەشىبان ئۆيىگە كىرىپ.
تەۋەللا قىلىپ تۇردى ھۇرمەت بىلە،
مۇئەززىنگە بىسيار ئىززەت بىلە:
«كېلىپ ئالدىڭە مەن مۇسافىر غەرىب،
تۇرۇپمەن تەۋازۇئ بىلەن سارغارىب.
چېكىپ نەچچە كۈن رەنجۇ مېھنەت بەسى،
كۆرۈپ يولدا ۋەرزۇ مەشەققەت بەسى.
سەۋال ئەتكەلى ھاجەتىم باردۇر،
كى سىزدىن ماڭا لۇتف ئىزھاردۇر.
كېلىپمەن جەنابىڭغە مەن نامۇراد،
ماڭا لۇتف قىلساڭ، تاپارمەن مۇراد.

سۇئالىم ئەزاندىن: «مۇقەررەر دېدىلىڭ،
دەبان ئۇچتىن ئالتە مۇقەررەر دېدىلىڭ.
بۇ يەڭلىغ ئەزانغە سەبەب نە ئىكىن؟
دېگىل سىرنى، بولسۇن كۆڭۈل مۇتمەئىن»
مۇئەززىن ئايىتتى: «مۇسافىر ئاداش،
بۇ ئەسرارنى قىلماغۇم ساڭا فاش.
بۇ سىر فاشغە سەن ھېلى ئۇرما دەم،
يەنە ئىش ساڭا بار قويغىل قەدەم.
يەنە قىرىق كۈن يولدا قىلغىل گۇزەر،
كۆزۈڭگە نەمايان بولۇر بىر شەھەر.
بار ئېرمىش شەھەردە ئەجايىب كىشى،
ئانىڭ ھەر كۈنى يەرنى قازماق ئىشى.
قېزىپ كەچكىچە يەرنى بۇ ناتەۋان،
ھېرىبان قوپالماي ئۇيانىدىن بۇيان.
بىرەر كەلسە، بەرگەي ئاڭا تۆرت دىرەم:
«تەپىپ تۆرتنى ئال دىرەم، ئۇرما دەم!
تەپىپ ئۆشنىگە تۆرتنى ئول كىشى،
كېچەر ئۇشبۇ ھالەتتە يازۇ قىشى.
بارىپ سور بۇ ئەسرارنى، كەل بۇيان،
قىلاي ئاندىن ئەسرارنى مەن ئەيان».
بۇ تاز باشغە يۈزلەنىپ كوھى غەم،
كى ئول يارى يادىدا قويدى قەدەم.
بۇ يولدا رىيازەت چېكىپ سۇبھى - شام،
كى فۇرقەتتە ئول سارى قىلدى خىرام.
مەسافەت كەزىبان ئۆتۈپ قىرىق كۈن،
گى تىنماي يۈرۈبان نە كۈندۈز، نە تۈن.
يېتىپ كەلدى ئول مۇلكىگە ئاقىبەت،
يۈرۈر بۇ شەھەردە سۈرۈك جەمئىيەت.
شەھەرنى تەماشا قىلىپ يۈردى تاز،
مۇرادى كۆزىگە بولۇپ جىلۋەساز.
تاپىپ ئىستەگەننى كېلىپ قاشغە،
كى پەرۋانەدەك ئەۋرۈلۈپ باشغە،
بۇ تاز كەچكىچە تۇردى ھەيرەت بىلە،
قېزىپ ئول كىشى يەرنى غەيرەت بىلە.
غۇرۇب ئولدى كۈن، يەتتى چۈن ۋەقتى شام،
كى ئول باركەش ئىشنى قىلدى تەمام.
بىرەۋنى تاپىبان قىلىپ ئىلتىجا:
«بېرەي پۇل، ئۇرۇك ئۆشنەمە مۇشتۇ پا».
ئۇچاسىغە تەپتى پۇلنى ئالىپ،
كېتىپ قالدى ئول ئىككى - ئۈچنى سالىپ.
بۇ ئادەم ئىلاندەك نەگۇنسار ئولۇپ،
يېقىلدى يانىغە، چۇ بىمار ئولۇپ.
ئىچى كۆيدى تازنىڭ بۇ ئەفئالغە،
قالىپدۇر بۇ ئادەم ئەجەب ھالغە.
يانىغە بارىپ ئولتۇرۇپ ئۇشبۇ ھال،
ئانىڭ فېئلىدىن ئەتتى ئولدەم سەۋال:
«نەدىن بۇ رەۋىشكە گىرىفتارسەن،
دەۋامەت بۇ مېھنەت بىلە خارسەن؟
بۇ ئەسراردىن بىزنى قىل با خەبەر،
سېنىڭ مېھنەتىڭ بىزگە قىلدى ئەسەر».
دېدى ئول ئەلەمكەش، چېكىپ ئاھى سەرد:
«قايانىدىن كېلىپسەن، ئايا رەھنەۋەرد؟
سوراپ نە قىلۇرسەن بۇ ئەسرارنى؟
كى جانىغە قويۇپمەنكى ئازارنى.
ساڭا فاش قىلماقىغە يوقدۇر مەھەل،
ھېلى قىلماغىل ئاڭلاماقىغە جەدەل.
شەھەرلەر ئارا بىر شەھەر باردۇر،
بىرەۋ فېئلىدە تۇرفە ئەسراردۇر.
ئىگەرچى بار ئېرمىش ھۇنەردە رەسا،
ھىجەزى ئېرۇر بەلكى مەجنۇننەما.
بىر ئاي كېچە - كۈندۈز قىلىپ بىر ئىگەر،
ئاڭا ئىشلەتىپ ئانچە نازۇك ھۇنەر.
كىرەر ساتقالى ئانى بازارغە،
پەسەند ئالغۇسى ھەر خەرىدارغە.
خەرىدار ئولۇر بىر كىشى ئول زەمان:
«قىلىڭ بۇ ئىگەرنىڭ بەھاسىن ئەيان!»
دېمىش ئول ئىگەرچى ئاڭا مىڭ دىرەم،
بېرۇر مىڭ دىرەم ئۇرمايىن ھېچ دەم.
كېتەر ئول زەمان ئول ئىگەرنى ئالىپ،

ئىگەرچى تۇرۇپ ئاندا باقىپ قالىپ،
تۇرۇپ بىر زەمانى پۇشەيمان بولۇپ،
كېلۇر ئارقاسىدىنكى ھەيران بولۇپ.
پۇلنى بېرىبان ئىگەرنى ئالۇر،
ئىگەرنى بۇزۇبان ئۇچاقغە سالۇر.
كۆلىن كۆككە ساۋرۇر، كېتەر باش ئالىپ،
چېكىپ ئاھلار، كۆزىگە ياش ئالىپ.
يەنە قىلغۇسىدۇر بۇ ئەفئالنى،
دەۋامەت قىلۇر ئۇشبۇ ئەھۋالنى.
بۇ ئىش مەئنەسىدىن كىشى بىخەبەر،
بارىپ سور، كېلىبان جەۋابىنى بەر.
ساڭا مەن دەيىن تۇرفە ئەسرارنى،
مۇرادىڭغا يەتكىل كۆرۇپ يارنى».
بۇ تاز بارغالى ئاندا جەزم بولۇپ،
تەۋەككۇل قىلىپ يولغە ئەزم بولۇپ.
نە كۈندۈز نە كېچە ئەمان ئالمايىن،
يۈرۇشتىن داغى بىر زەمان قالمايىن.
يەنە قىرق كۈن يولنى ئۇل قىلدى تەي،
شەھەرنىڭ مۇزافاتىدىن ئالدى پەي.
يېتىپ كەلدى ئۇل شەھر ئارا كەچقۇرۇن،
كى بىر گۇشەدە كېچە تۇتتى ئورۇن.
بولۇپ مېھر شەھبازى ۋەقتى ئەيان،
كېچە قوزغۇنى پەردە بولدى نىھان.
مۇسافىر قوپۇپ شەھرنى قىلدى سەير،
كېزىپ چۇست - چالاك مانەندى تەير.
بەناگەھ يېتىپ كەلدى بازارغە،
تەماشا قىلىپ يۈردى ھەر كارغە.
كۆزى تۈشتى ئۇلدەم سۇرۇك خەلق ئارا،
بۇلار ئىچرە بار بىر ئەجەب ماجەرا.
يېقىن كەلدى، كۆردى — ئېگەرچىدۇرور،
ئىگەر ساز قىلغان ھۇنەرچىدۇرور.
بىرەۋگە ساتىپدۇر ئىگەرنى بۇ دەم،
ئالىپ ياندۇرۇپ يۈزلەنىپ دەردۇ غەم.
قىلىپ تىمشە بىرلە ئىگەرنى ئوتۇن،
كى ئوتغە ياقىپ، ئەسلى قويماي پۈتۈن.

رەۋان بولدى جايغە ئۇل بىنەۋا،
بۇ تاز بارغالى ئەيلەدى مۇددەئا.
مەكانىغە يەتتى ھۇنەرچى غەرىب،
كى مېھنەتكە قالغان ئىگەرچى غەرىب.
كېلىپ ئارقاسىدىن كىرىپ كەلدى ئۇل،
كۆرۇشتى بېرىبان ئىگەرچىگە قول.
بۇ كۈن كېچە بولدى ئاڭا مېھمان،
ئاڭا ئەيلەدى ئەرزى ھالىن ئەيان.
دېدى: «ئەي مۇجاۋىر ئىگەرچى ئاداش،
بۇ ئەسراردىن ۋاقىف ئەت، قاتتى باش
چۇ مېھنەت چېكىپ بۇزماقىڭ نەدۇرور؟
داغى بۇ ھۇنەر قىلماقىڭ نەدۇرور؟
كېلىپمەن، بۇ مەئنىنى ئىزھار قىل،
ئۆزۈڭگە فەقىرنى ھەممەسرار قىل.
يىراقتىن كېلىپمەن بۇ ئۇممىد ئىلە،
قىل ئۇلفەت مەنى زارى تەجرىد ئىلە».
دېدى ئۇل ئىگەرچىكى: «ئەي رەھنەۋەرد،
بەيان ئەيلەسەم، يۈزلەنۇر ئانچە دەرد.
ھېلى مەن ساڭا قىلماغۇمدۇر بەيان،
يەنە بىر شەھەر بار، بولغىل رەۋان.
ئۇزاق يولدۇرور، يۈرگەسەن قىرق كۈن،
كى ئارام ئالماي نە كۈندۈز نە تۈن.
بار ئېرمىش شەھەر ئىچرە سەۋداگەرى،
كى بىسيار ئېمىش سىيمۇ زەر گەۋھەرى.
چۇ زايىئ قىلۇر تاپقان ئۇل مالنى،
ئاڭا سالمىش ھەق تۇرفە ئەھۋالنى.
جەۋاھىر ئالۇر ھەر كۈنى بىر ئېتەك،
چاقار تاش بىلە ھەر بىرىن يەك بەيەك.
بۇ ئەفئالى ھەر كۈندە ئىزھاردۇر،
دەۋامەت بۇ سەۋداسى تەكراردۇر.
كىشى تاپسە گەۋھەر، نىھان، ساقلاغاي،
كى زايىئ قىلىپ ئەسلە يوق قىلماغاي.
نەدىن بۇ كىشى مۇنچە زايىئ قىلۇر،
جەھان ئىچرە بۇ ئىشنى شايىئ قىلۇر.
بارىپ سور، ھەقىقەت كەلامى نەدۇر؟

بۇ يەكىلىغ ئۇنىڭ ئىزدىھامى نەدۇر؟
كېلىپ ئەيلە ئاللىمدە تەقرىر ئانى،
بارىپ سورغالى ئەيلە تەدبىر ئانى.
رەۋان بول يولۇڭغە، ئۇزاق قالماغىل،
كېلىپ مەندىن ئەسرارنى ئاڭلاغىل».
بۇ تاز كىردى يولغە قوپۇپ ماڭغۇلاپ،
شەھالى ئاقىپ، پوتلىسى ساڭگۇلاپ.
مېڭىپ قىرق كۈن بولدى دەرماندە تاز،
كېلىپ يارى يادىدە ئەرماندە تاز.
كېلىپ بۇ شەھەر ئىچرە داخىل بولۇپ،
يۈرۈپ كوچىلار ئىچرە سايىل بولۇپ.
شەھەرنى كېزەر ئېردى ھەسرەت بىلە،
كى تۇججارنى باقتى دىققەت بىلە.
بىرەۋنى تۇتۇپ سوردى: «بەرگىل خەبەر،
بىرەۋ مۇندا نابۇد قىلمىش گۇھەر.
چاقار ئېرمىش ئول ھەر كۈنى بىر ئېتەك،
ئانى كۆيدۈرۈپ سارۇغاي يەك بەيەك.»
چۇ بەردى نىشان ئول كىشى تازغە،
بۇ تاز ئول سايان تۇردى ئاغازغە.
يۈرۈپ تاپتى ئىستەپ بۇ تاز باينى،
ئەمەۋۋول بىلە دەۋلەت ئەفزايىنى.
كېلىپ ئاستانەغە ئۇردى باشىنى،
دەبان ئەرزى ھال، تۆكتى كۆزدىن ياشىنى.
نەۋازىش قىلىبان مۇسافىرغە ئول،
داغى مېھمانخانەغە بەردى يول.
زىيافەت قىلىپ نازۇ نېئمەت بىلە،
كى سوردى ئانى مېھرۇ شەفقەت بىلە:
«قايانىدىن كېلىپسەن، مۇرادىڭ نەدۇر،
كېلىپسەن سوراپ ماڭا دادىڭ نەدۇر؟
ئايىتغىل، مۇرادىڭ ئەدا ئەيلەيىن،
قولۇمدىن كېلىشچە دەۋا ئەيلەيىن.
ئەگەر ھاجەتىڭ بولسە دۇنيا ئۈچۈن،
گۇھەرلەر بېرەي ساڭا چاقماي پۈتۈن».
قىلىپ ئىلتىجا ئەيلەدى ئەرزى ھال،
دېدى ئول مۇسافىر: «مۇرادىم — سۇئال.
نە ئېركىن گۇھەر چاقماقىڭغە سەبەب؟
بۇ ئىش ئالەم ئەھلى ئارا بۇلئەجەب.
بۇ ئەسراردىن ۋاقىف ئەتسەڭ مېنى،
كى پىرى ھەقىقى بىلۇرمەن سېنى».
تەۋەللا قىلىپ تۇردى ئەيلەپ نىياز،
كى ئول باي بولۇپ دەردىغە چارە ساز.
دېدى: «ئەي مۇسافىر، ھېكايەت ئىشىت،
ماڭا كەلگەنىدىن، رىۋايەت ئىشىت.
ساڭا مەن دەيىن بارچە ئەسرارنى،
شېرىنىڭ قىلمە سىررىڭغە ئەغيارنى.
زەمانىدىكى ئانداغ ئاتام بار ئىدى،
ھەمە ئەھلى دۇنياغە سەردار ئىدى.
خەزايىن ئاڭا ئېردى قارۇن مىسال،
ئەدەتتىن فۇزۇن ئېردى مالۇ مەنال.
يۈرۈر ئېردىم ئانداغكى شاھزادەيى،
تەئەللۇق ئۇمۇرىدىن ئازادەيى.
كىرىپ كەينىمە ئىككى - ئۈچ يۈز كىشى،
پۈرسىتتىش مېنى قىلماق ئېردى ئىشى.
بېرىپ ھەر بىرىگە تۈمەن مىڭ دىرەم،
ۋە بەلكىم زىيادە قىلىپمەن كەرەم.
بولۇپ ھەربىرى زەر بىلە ئانچە باي،
خەلايىق ئارا بولدى ساھىب سەراي.
قەزارەن ئاتام ئانچۇنان بولدى پىر،
بۇ دۇنيا ئاڭا بولمادى دەستگىر.
ۋۇجۇدىغە يەتتى كەسەلدىن نىشان،
يېقىن بولدى بولغاي زەمىندە نىھان.
مېنى بىر كۈنى ئۆزگە ھەمراز ئېتىپ،
ۋەسىيەتنەما سۆزنى ئاغاز ئېتىپ.
دېدى: «ئەي بالام، ۋەقت يەتتى ماڭا،
دەيىن، ئاڭلاغايسەن سۆزۈم بار ساڭا.
ئۆلۈم ئىلكىدىن تاپماغۇمدۇر نەجات،
كى ئۇمرۇم تۈگەنسە، بولۇرمەن ۋەفات.
ساڭا ئۇشبۇ دۇنيا ۋەفا قىلماغاي،
قولۇڭدىن كېتىپ بىرسى تاپىلماغاي.
نە كۈن بولغۇسىدۇر ۋۇجۇدۇم ئەدەم،

ساڭا ئانچە نۇقسان يېتەر دەم بەدەم.
قاچار سەندىن ئادەملەرنىڭ ئول زەمان،
كېتەر ھەر بىرى تاشلاپان ھەر قايان.
ساڭا يەتكۈسى ئانچۇنان خارلىغ،
داغى قىلماغاي بىر كىشى يارلىغ.
باشىڭغە كېلۈر ئانچۇنان دەردۇ غەم،
كۆرۈرسەن جەھان ئەھلىدىن كۆپ ئەلەم.
ئۆلۈم ھالەتىگە يېتىپ ئاقىبەت،
ئۆزۈڭ ئۆلتۈرۈشكە قىلۇرسەن نىيەت.
ساڭا سۆز بۇ دۇر، تۇت كۆڭۈلدە ئانى،
بۇ مەئنىدىن ئاگەھ قىلۇرمەن سېنى.
تەۋلە ياساپمەنكى ئوردا مىسال،
ئانىڭ شەكلۇ دىۋارىغە ئەقل لال.
بۇ ئاتخانە كۇنجىدە بىر تۇپ چىنار،
تەۋلە ئارا شاخلارى سايەدار.
ئانىڭ شاخىدە ھەلقەئى بەند ئېرۇر،
كەمەندى ئاڭا بەندى پەيۋەند ئېرۇر.
سېنىڭ قىلمىشىڭنى كىشى كۆرمەسۇن،
بۇ ئەسرارنى ھېچكىم بىلمەسۇن.
ئاسىلغىل، بارىپ تەگرىنى ياد ئېتىپ،
زەبانىڭغە ئىماننى ئەۋراد ئېتىپ.
ۋەسىيەتنى كۆڭلۈڭدە تۇتغىل نىھان،
بىرەۋگە بۇ سىررىڭنى قىلمە ئەيان».
ئاتامنىڭ سۆزىدىن بولۇپ لال مەن،
چىقىپ ئالدىدىن تۇرفە بەدھال مەن.
نەچە ۋەقت كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى،
ئاتامنىڭ سۆزى دىلدا پىنھان ئىدى.
قەزارەن ئاتامغا يېتىپدۇر ئەجەل،
بولۇپ پىرلىق ئىللەتىدە كەسەل.
يېتىپ نەچچە كۈن ئەيلەدى ئىنتىقال،
بولۇپ چۇنكى ئۇمرى قۇياشى زەۋال.
شەرايىتلەرىنى بەجا ئەيلەدىم،
ئانى دەخمىدە جا بەجا ئەيلەدىم.
تەئەللۇق ئۇمۇرىدا قاتتى باشىم،
ئاتام ماتەمىدە ئاقىپ كۆز ياشىم.
پەدەرنىڭ سۆزى قىلدى ئۇلدەم زۇھۇر،
كى دۇنيا سىرىشتىغە يەتتى فۇتۇر.
ئاتام ئۆلگەنىدىن خەبەردار ئولۇپ،
گۇماشتىلەرى بارچە زەردار ئولۇپ.
خىيانەت قىلىپ مالىغە تاندىلار،
نىيەتنى بۇزۇپ ئارقىغە ياندىلار.
ئالىپ قاچتى ئەشيالارىم كارۋان،
كى قوينى شۇبان، تىۋەنى ساربان.
ئالىپ يولدا ئەشيالارىم راھزەن،
زەرەر بولدى ئۆيدە تۇمەندىن تۇمەن.
يېتىپ ھەر تەرەفتىن ماڭا رەخنە كۆپ،
يېتىم باشىمە يۈزلەنىپ فىتنە كۆپ.
قاچىپ ھەر تەرەفكە ھەۋادارلار،
ئۇلاردىن يېتىپ بىزگە ئازارلار.
ئۆتۈپ ئىككى-ئۈچ ئاي تەمام ئولدى پۇل،
كى قالماي قاشىمدا نە چۆرە، نە قۇل.
دەما دەم باشىمغە ئاشىپ مېھنەتىم،
ھەمە كەتتى، دۇنيادە قالدىم يەتىم.
ئاتام رۇھىنى ياد ئېتىپ يىغلاپان،
چېكىپ مەن نەدامەتتە ئاھۇ فىغان.
ماڭا يەتتى ئالەمدە دىشۋارلىق،
كى قەۋمۇ قېرىنداش ئارا خارلىق.
كىشى تاپمادىم ئايغۇدەك ئەرزى ھال،
بىرەۋ سورمادى مەندىن ئەسلا سۇئال.
ئاتامنىڭ زەمانىدە دەۋلەتتە مەن،
ئۆزۈمگە قېلىپ ئانچە مېھنەتتە مەن.
ئۆزۈمگە دېدىم بىر كۈنى: «ئەي جەسەد،
دەرىغاكى سەندە يوق ئېركەن خىرەد.
خىرەد بولسە ئەندىشە قىلغاي ئىدىڭ،
كى ئۇقبا ئىشىن پىشە قىلغاي ئىدىڭ.
ئۆتۈپ رۇزگارىڭ غۇرۇرەت بىلە،
ھەمە ۋەقت ئەيشۇ سۇرۇرەت بىلە.
ساڭا بىرسى ئەمدى ۋەفا قىلمادى،
ھەۋادارلار بىرسى تاپىلمادى.
جەھان كارىدە ئەمدى نەتكۈگدۇرۇر؟

كى جاندىن كېچىپ بەلكى كەتكۈگۈدۇرۇر.
تىرىك يۈرگەنگىدىن ئۆلۈم ياخشىراق،
جەھان خەلقىدىن ئەمدى بولغىل يىراق.»
زەھەر نوش قىلماققە قىلدىم خەيال،
ئاتام سۆزى خاتىرغە يەتتى بۇ ھال.
كۆڭۈل چۈن ئىچىلماققە راغىب بولۇپ،
كىرىپمەن تەۋىلگە تالىب بولۇپ.
چىنارنى ئاتام ئەيلەپ ئېردى نىشان،
كۆزۈمگە ئۇشۇلدەم بولۇپدۇر ئەيان.
شەجەر شاخىدە ھەلقەئى بەند ئېرۇر،
كەمەندى ئاڭا بەند-پەيۋەند ئېرۇر.
تۇرۇپ ئاندا تەلقىنى ئىمان بىلە،
تۇتۇپ ھەلقەنى خوپلاشىپ جان بىلە.
كەمەندنى بويۇنغە سالىپ مەن، نېتەي،
بۇ مېھنەتتە يۈرگۈنچە پاتراق كېتەي.
ئۆزۈمنى سالىپ شاخدىن ئول زەمان،
بولۇپدۇر كۆزۈمگە قاراڭغۇ جەھان.
يىقىلدىم زەمىنگە، ئۈزۈلدى تەناب،
سىقىلدى دەمىم، بولدى ھالىم خەراب.
قۇلاقىمغە ئاڭلاندى بىر غۇلغۇلە،
ھەۋا شەرفە بولدى، زەمىن — زىلزىلە.
زەمانى ياتىپ ھۇشىدىن بىخەبەر،
كېلىپ ھۇشۇمە تاپتىم ئۆزىن ئەسەر.
ئەجەب ۋاقىئەنى كۆرۈپمەن قاراپ،
كۆزۈمنى ئاچىپ ئەيلەدىم سەر ھىساپ.
تەۋىلە بىناسى يىقىلغاندۇرۇر،
كى بىر تامى ئۇلدەم سېرىلغاندۇرۇر.
جەۋاھىر تۆكۈلمىش بۇ تام قاتىدىن،
يورۇتتۇم كۆزۈم بەخت مىرئاتىدىن.
بولۇپمەن كۆرۈپ ئانچە ھەيرەتتە لال،
يەنە كىردى ئىلكىمگە مالۇ مەنال.
دەبان ئول زەمان ھەققە ھەمدۇ سەنا،
ئاتام رۇھىغە ئەيلەدىم ئىلتىجا.
تەۋىلە بىناسى جەۋاھىر ئىكەن،
كى دىۋارى بەتنى گەۋاھىر ئىكەن.

ئاتام بەند قىلمىش ئانى ياشۇرۇن،
بىلىپ ئېركەن ئۆلكىم بۇ ئىشنى بۇرۇن.
بۇ دۇنيا ئامالى ۋەفاسىز ئىكەن،
كى ئەيشۇ ھۇزۇرى بەقاسىز ئىكەن.
ئۆلۈم ھالىغە يەتكۈرۇر بەندەنى،
ئارالىقدە كىيدۈرگۈسى جەندەنى.
بىرەۋنىڭكى ئەۋجى ھەۋاغە چېكەر،
كى ئۇرماققە يەرگە سەماغە چېكەر.
بۇ دۇنيا بىلە كىمگە قىلسە ۋەفا،
كۆرۈر ئول كىشى ئانچە ئاندىن شىفا.
بۇ نەقدىنەگە ئەيلەدىم شادلىق،
يېتىپ ئاخىرى ئانچە بەربادلىق.
كىشىنى ئۆلۈم ھالىغە يەتكۈرۈر،
قاچىپ بۇ جەھاننىڭ بەلاسىن بېرۈر.
بۇ دۇنيا بىناسىكى ئاخىر فەنا،
تەئەللۇق سىرىشتى ھەمە بىبەقا.
مېنىڭ بۇدۇرۇر چاقماقىمغە سەبەب،
كى دۇشمەن تۇتۇبان قىلۇرمەن غەزەب.
بىرەۋگە بۇ دۇنيانى قىلسام ئەتا،
ئاڭا ھەم بۇ غەددار قىلماس ۋەفا.
مېنىڭدەك ئۆلۈمگە بېرۇر باشىنى،
ئاقىزغايكى مېھنەتتە كۆز ياشىنى.
ساڭا سۆز بۇدۇر، ئاڭلا، قىلغىل ئەمەل،
بۇ دۇنيا ئۆمۈرىدا قىلمە جەدەل.
ئەگەر كەلسە قولغە، كۆڭۈل بەرمەگىل،
ئانىڭ مېھرى-ھىرسىنى تەرك ئەيلەگىل.
يانىپ ئارقاغە ئەندى مەقسەدكە يەت،
تەمام ئولدى ئىش، ئەندى جايىڭغە كەت».
بۇ تاز ئاڭلادى سۆزنى، قىلدى خىرام،
كېچە-كۈندۈز ئۇيقۇنى ئەيلەپ ھەرام.
يانىپ ئارقەغە قىرق كۈن ماڭدى يول،
ئىگەرچى قاشىغە يېتىپ كەلدى ئول.
مۇلاقات ئولۇبان ئىگەرچى بىلە،
كۆرۈشتى كېلىپ ئول ھۇنەرچى بىلە.
سوراشتى ھەمە ھالۇ ئەھۋالنى،

فەلەكتىن يېتىشكەن ئەجەب ھالنى.
ئىگەرچى دېدى: «ئەي مۇسافىر ئاداش،
كى ئەسرارنى ئەيلەگىل ئەمدى پاش.
جەۋاھىرفۇرۇش ھالنى ئاڭلايىن،
كى ئاندىن كېيىن رازنى مەن دەيىن».
مۇسافىر ھەمە سىررىنى قىلدى پاش،
ئىشىتتى ئىگەرچى، كۆزى تۆكتى ياش.
دېدى: «ئەمدى ئەسرار قىلغۇم ئەيان،
ماڭا كەلگەن ئول ۋاقىئەنى بەيان.
ئاتام ئېردى تۇججارلىقدە غەنى،
شەھەردىن شەھەر يۈرمەك ئېردى فەنى.
ئاكام بار ئىدى ساھىبى مەملەكەت،
تەۋابىئلارى ئالدىدا يەكجەھەت.
ماڭا يوق ئىدى ئەسلە غەمدىن ئەسەر،
كى يەتمەس ئىدى دەھردىن دەردى شەر.
سەياھەت قىلىپ يۈرمەك ئېردى ئىشىم،
يوق ئېردى ماڭا مۇنىس ئولغان كىشىم.
شەھەردىن شەھەر يۈردۇم، ئەيلەپ ھەۋا،
كى مۇلكى ئەرەب ئىچرە تاپتىم نەۋا.
بولۇپ ئاندا ساكىن، تۇرۇپ نەچچە يىل،
رىيازەت بىلە بولدۇم ئىبنى سەبىل.
قەزارەن ئاتام ئەيلەمىش ئىنتىقال،
بىنايى ۋۇجۇدىغە يەتمىش زەۋال.
خەبەر يەتتى، ئاندىن داغى بارمادىم،
تەمەۋۋۇل خەيالىنى ئاختارمادىم.
ھەمە سىيم-زەر، نەقد ئىلە دارگىر،
بارىنى ئاغام ئەيلەمىش دەستگىر.
نەچە سال ئۆتۈپ بارمادىم ئالدىغە،
فەقىرلىق بىلە باقمادىم مالىغە.
ئاغام ھەم كېتىپدۇر جەھاندىن داغى،
قوشۇلمىش زەمىنگە بەدەن تۇپراغى.
ماڭا يەتتى بۇ ۋاقىئەدىن خەبەر،
قېلىپ مالۇ ئەمۋال ئىلە سىيۇ زەر.
ئاغام خاتۇنىدىن ماڭا كەلدى سۆز:
«ئەرەب مۇلكىدىن ئەمدى كۆڭلىڭنى ئۈز.
فەنا ئالەمىدىن كېتىپدۇر ئاتاڭ،
ئانىڭ كەينىدىن فانى بولدى ئاغاڭ.
چۇ نەقدىنە قالدى ئاغاڭدىن ماڭا،
بەھەر قالغان ئېردى ئاتاڭدىن ساڭا.
كېلىپ تېز ئالغىن قولۇڭغە ئانى،
كى ئىشكالدىن ئەيلە خالىس مېنى».
بۇ سۆزدىن كۆڭۈلگە چۈشۈپ ئىزدىھام،
قىلىپ زار، شەھرىمگە قىلدىم خىرام.
مەسافەت كېزىپ نەچچە كۈن، نەچچە تۈن،
كېسىپ يولنى كەلدىم، يېتىپ كەچقۇرۇن.
كېلىپ مۇلك-جايىمغە داخىل بولۇپ،
كۆرۈشتۈم بارى بىرلە سايىل بولۇپ.
ئاتامغە، ئاغامغە تۇتۇپ تەئزىيەن،
قىلىپ نالە-ئەفغان، يىغىپ جەمئىيەت.
مۇسىبەت ئىشىنى قىلىپ مەن تەمام،
قىلىپ خەيرى ئېھسانۇ خەتمى كەلام.
ئاتام مۇلكى ئىچرە ئىقامەت قىلىپ،
فەقىرلىق قىلىپمەن تىجارەت قىلىپ.
بەناگەھ ئۆتۈپ نەچچە كۈن، نەچچە ئاي،
بولۇپمەن تەئەللۇقتا ساھىب سەراي.
ئاغام خاتۇنى بىزگە يەڭگە ئىدى،
ئانىڭ جىلۋەسى رەڭگە-رەڭگە ئىدى.
قالىپ ئېردى ئىككى بالاسى بىلە،
تەئەللۇق-تەجەممۇل بىناسى بىلە.
بۇ مەزلۇم مېنى ئەيلەمىش ئىختىيار،
ئۆزى ئېردى گۈلچېھرەئى گۈلئۇزار.
ئارادە كىشى قويدى: «بولساق ئىكەۋ،
ماڭا ئەمدى، ئەي لولى، بولغىل كۈيەۋ.
نىكاھ بىرلە ئۆزىنى ماڭا جۇفت قىل،
گۆھەر يەڭگە رىشتەڭ بىلە سۇفت قىل».
بۇ سۆزدىن ماڭا ھەم يېتىپ شادلىق،
كۆڭۈلگە يېتىپ ئانچە ئابادلىق.
دېدىم: «بولسە يەڭگەم، ئەگەر بولسە تۇل،
ئانى ئەيلەدىم جۇفتلۇققا قەبۇل».
بولۇپمىز بىر ئاخشام ئىكەۋ رو بەرۇ،

مۇھەببەت بىلە ئەيلەدۈك گۇفتىگۇ.
مۇقەررەر بولۇپ ئەقد قىلماق ئىشى،
قىلىپ ئەقد ياندى بەش - ئالتە كىشى.
پەرىزاد بىرلە قىلىپمىز ئىكەۋ،
دېدى ئول ماڭا: «سۆز ئىشتىكىل، كۆيەۋ!
ئىكەمىز ئارا، ئاڭلاغىل، شەرت بار،
كى سىندۇرماغىل ئەھدنى زىنھار.
چۇ مەن ئەيلەسەم ھەر نېچۈك كارنى،
كى مەندىن داغى سورمە ئەسرارنى.
مېنىڭ قىلغانىمغە ئىشىڭ بولماسۇن،
ماڭا پۈتلاشىپ قالماشىڭ بولماسۇن.
چېپىلساڭ ئىشىمغە، ئۆزۈڭگە زىيان،
بولۇرمەن كۆزۈڭدىن نىھان ئول زەمان».
دېدىم: «ئەي پەرى، مەندە يوق ئىختىيار،
ئۆزۈڭ بىل، نە قىلساڭ ئايا گۈلئۇزار.
ماڭا سۇھبەتىڭ بەس غەنىمەتدۇرۇر،
غەنىمەت ماڭا ئەيشۇ ئىشرەتدۇرۇر».
چۇ ئالدىم ئانى ئەھدۇ پەيمان قىلىپ،
مېنى ئاسرادى لۇتف - ئېھسان قىلىپ.
ئۆزى خاھىشىچە يۈرۈپ ئول پەرى،
قىلۇر خەرج بېھۇدە سىيىمۇ زەرى.
خىرام ئەتكۈسىدۇر چىقىپ ھەر قايان،
كى سۆز بولدى ھەققىدە ياخشى - يامان.
كىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمادىم،
كۆڭۈلگە ئانىڭ ئىشلارىن ئالمادىم.
زەماندىن زەمان رۇزگار ئەيلەبان،
پەرىزادنى ئۆزگە يار ئەيلەبان.
دەۋامەت كۇنۇم ئەيشۇ ئىشرەت بىلە،
باقار ئېردىم ھەردەم مۇھەببەت بىلە.
قەزارەن كۇنى ئەزم قىلغان ئىدىم،
خەلايىق بىلە بەزم قىلغان ئىدىم.
يانىپ ئۆيگە ئول بەزمدىن شام ئارا،
كىرىپمەن كېلىپ قەسرى گۇلفام ئارا.
ماڭا تەشنەلىق رو بېرىپ ئول كېچە،
كى ھەلقىم قۇرۇپ سۇسادىم ئۆزگەچە.

دېدىم: «ئەي پەرى، تەشنە بولدۇم، ئەجەب،
كېلىپمەن سېنىڭ ئالدىڭە تەشنە لەب».
قوپۇپ دەرمەھەل مەرھەبا ئەيلەدى،
ماڭا جامى شەربەت ئەتا ئەيلەدى.
ئانى سىپقارىپ زەررەئى قويمايىن،
كى ئول جام بىرلە تېخى تويمايىن.
قۇرۇق جامنى قويدى ئول تاق ئارا،
ئەمەس خاب ئارا، ئېردىم ئويغاق ئارا.
يەنە تەشنە بولدۇم، دېدىم: «سۇ بېرىڭ»،
يەنە بەردى ئول جامنى: «سىپقارىڭ».
يەنە جام ئارا پۇر بولۇپ شەربەتى،....
ئىچىپمەن، يەنە ئانچە بار لەززەتى.
داغى جام ئارا قالمادى زەررە نەم،
قويۇپ جامنى تاق ئارا ئول سەنەم.
يەنە تەشنەلىك بولدى غالىب ماڭا،
ئۇچۇنچى بولۇپمەن كى تالىب ئاڭا.
يەنە سۇندى ئول جامنى ئول نىگار،
لەبالەب ئىچىدە داغى سۇيى بار.
تەئەججۇب قىلىپمەن بۇ ئەسرارغە،
قەزارەن تىلىم كەتتى ئىنكارغە.
بىناگەھ سوراپمەن بۇ ئەسرارنى:
«نىگارا! كۆرۈپمەن ئەجەب كارنى.
قۇرۇق جام ئارا شەربەت ئولدى ئەيان،
كى بۇ سىررنى ئەمدى ماڭا قىل بەيان».
بۇ سۆزنى ئىشتكەن زەمان ئول پەرى،
غەزەبدىن بولۇپ ئانچۇنان لاغەرى.
دېدى: ئادەمىزاد قىلماس ۋەفا،
بۇ ئىنسانىنىڭ ئەكسەرى بىۋەفا.
چۇ سەندىن ئۆزۈمنى قىلىپمەن ھەرام،
مېنى كۆرمەگىل تاكى رۇزى قىيام.
ئىكەمىزغە ئەمدى جۇدالىقدۇرۇر،
كى سەندىن ماڭا بىۋەفالىقدۇرۇر».
قىلىپ سۆزنى مەزمۇن ئەداسى بىلە،
چىقىپ كەتتى ئىككى بالاسى بىلە.
چىقىپ كەينىدىن مەن تەۋەللا قىلىپ،

ئانىڭ سۇھبەتىنى تەمەننا قىلىپ.
تۆشۈككە كىرىپ كەتتى، بولدى نىھان،
بولۇپدۇر كۆزۈمگە قاراڭغۇ جەھان.
بىلىپ مەن ئانىڭىم پەرىزاد ئىكەن،
كى شەكلى ئانىڭ ئادەمىزاد ئىكەن.
باشىمغە ئۇرۇپ ئەيلەدىم نالەئى،
ئۈزۈپ ئەتنى پەرگالە ـ پەرگالەئى.
تاڭ ئاتقۇنچە يىغلاپ فىغان ئەيلەدىم،
ساراڭلىقنى ھەردەم ئەيان ئەيلەدىم،
ئىشىككە چىقىپ ئۆيغە كىرمەك ئىشىم.
①..................................

ئانىڭ ھەجرى بىرلە قاتىپدۇر خەراب،
ئانىڭ ھەجرىدە ئۆزنى ئەيلەپ تۇراب.
يېتىپ ئىشقىدە ئانچە ئەۋۋارەلىق،
كى ئالەم ئېلى ئىچرە بىچارەلىق.
كېتىپمەن ئانىڭ دەردىدە باش ئالىپ،
كى يىغلاپ ئىكى دىيدەگە ياش ئالىپ.
چۇ دىۋانە بولدۇم سەياھەت ئارا،
كېزىپمەن شەھەردە مۇزافەت ئارا.
يۈرۈر ئېردىم ھەيرەت بىلە يول كېزىپ،
داغى ئەقلۇ ھۇشۇ خىرەدتىن ئېزىپ.
پەرىزاد ئىشقىدە دىۋانە مەن،
ئۇلۇس خەيلىدىن بەلكى بىگانە مەن.
قەزارەن گۇزەر ئىچرە قىلدىم نەزەر،
ياساپدۇر ھۇنەرسىز نەچچەند ئىگەر.
ئىگەرچى ھۇنەرمەند زاھىردۇرۇر،
ئەجەب پىرى ئۇستاد زاھىردۇرۇر.
چاپىپ ئولتۇرۇپدۇر ياغاچنى مۇدام،
تۇرۇپ ئالدىدە ئەيلەدىم ئېھتىرام .
مېنى سوردى شەفقەت بىلە ئول كىشى؛
كى: «ئاشۇفتەئى زار مەجنۇنۋەشى،
نەدىن ئانچە ھەيرەتتە كۆردۈم سېنى،
كى ھالىڭدىن ئەيلە [خەبەردار] مېنى.

بۇ ئەۋۋارەلىقتىن ھۇنەر ياخشىراق،
كى ئۆرگەنگەلى ئەيلەگىل ئىتتىفاق.
ئەگەر سەئيى قىلساڭ، ئىگەرچى قىلاي،
خەلايىق ئىچىدە ھۇنەرچى قىلاي».
ماڭا كەلدى خۇش سۆزى ئۇستادنىڭ.
كى بەھۇدە يادى پەرىزادنىڭ.
دېدىم: «ئەي ھۇنەرمەندى ساھىب دۇئا،
كۆڭلۈمدە ئېرۇر بىر ئەجەب مۇددەئا.
ئانى پاش قىلماققە يوقتۇر تىلىم،
تىلىمنى ئەگەر ئەيلەسەم مىڭ تىلىم.
ئۆزۈم غەفلەتىدىن بولۇپ بۇ بەلا،
سۆزۈم شۇملۇغىدىن تاپىپمەن جەزا.
ئەگەر لۇتف قىلساڭ، ئىگەرچى بولاي،
كى ھاجەتكە تۇشلۇق ھۇنەرچى بولاي».
مېنى قىلدى شاگىردلىككە قەبۇل،
ئانىڭ خىزمەتىگە قىلىپمەن شۇغۇل.
ئۈچ ئاي سەئيى قىلدىم ھۇنەرگە مۇدام،
چاپىپ مەن ياغاچ «ئاھ» دەپ سۇبھۇ شام.
كېچە ئۇيقۇ يوق كۈندۈز ئارام يوق،
غەرىب باشىمە سۇبھ ئىلە شام يوق.
ھۇنەرنى رەسا ئۆرگەنىپ ئاقىبەت،
كى ئۇستادلىقدە بولۇپ يەكجىھەت.
ھەمە كەسبنى ئەيلەدىم ھاسىلى،
كۆرۈپ پىرى ئۇستاد دەپدۇر بەلى.
دېدى پىرى ئۇستاد: «رۇخسەت ساڭا،
نە قىلساڭ، ئۆزۈڭ بىل، ئىجازەت ساڭا».
چۇ ئۇستاد ئىلە ئەيلەدىم ئەلۋىدا،
ئۆزۈمچە ھۇنەر ئەيلەدىم ئىختىرا.
ۋىساقىمغە ياندىم ھۇنەرچى بولۇپ،
كى ئۇستادلاردەك ئىگەرچى بولۇپ.
چۇ ئول يار يادىدە قىلدىم ھۇنەر،
بىر ئايدا ياساپ پۈتكەزىپ بىر ئىگەر.
كىرىپ ساتقالى ئانى بازارغە،
تۇرۇپ كۆرگۈزۈپ ھەر خەرىدارغە.
كىشى كۆردى ئانى، پىسەند ئەيلەدى،

① بۇ يەردە بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ئىگەرنىڭ بەھاسىن بەلەند ئەيلەدى.
بىرەۋ بولدى تالىب ئانى ئالغالى،
ئالىپ ئەسبىنىڭ پۇشتىغە سالغالى.
«بەھاسى نەدۇر؟ ئايتىڭىز قىيمەتىن،
ئانىڭ تەڭگەسىنىڭ قويۇپ بىر ئاتىن».
دېدىم: «ئالسە ھەركىم بېرۇر مىڭ دىرەم،
ئانى ئالماغاي، مىڭ دىرەم بولسە كەم».
دېدى ئول خەرىدار: «ئالدىم فەقىر،
مانا مىڭ دىرەم، ئەيلەگىل دەستگىر».
ئېتەككە سالىپ بەردى دىنارنى،
كۆرۈپمەن داغى تۇرفە ئەسرارنى.
بىر ئانچە ئۇزاتتىم خەرىدارنى،
بالاسى بىلە كۆردۇم ئول يارنى.
كېتىپ بارغۇسىدۇر ئاڭا چىرماشىپ،
بالاسى ئاياغى ئارا پۇتلاشىپ،
چۇنان رەشكتىن بولدۇم ئازۇردە جان،
كۆرۈندى كۆزۈمگە قاراڭغۇ جەھان.
يېتىپ ئارقاسىدىن باش ئايلاندۇرۇپ،
بۇزۇپمەن ئىگەرنى ئالىپ ياندۇرۇپ.
كۆزۈمنى ئاچىپ مەن، كى ئول يار يوق،
كى ئول يار يوق، ھەم خەرىدار يوق.
يەنە ئول پەرىنى سېغىنغۇمدۇرۇر،
يەنە بىر ئىگەر ساز قىلغۇمدۇرۇر.
يەنە ئول خەرىدار زاھىر ئىدى،
ئانىڭ بىرلە ئول يار ھازىر ئىدى.
ئىگەرگە يەنە ئول خەرىدار ئولۇر،
خەرىدار ئىلە يار زاھىر بولۇر.
يەنە ياندۇرۇپ بۇ دۇرۇر قىلمىشىم،
①.................................
بۇ سەۋدا بىلە بەلكى ئەۋۋارە مەن،
كى ئول يار يادىدە بىچارە مەن.
ئىشىتكىل، ئايا رەھنەۋەرد، بۇ مەقال،
تىرىكلىكتە باشقە كېلىپ ئۇشبۇ ھال.
جەھان خۇبلارىغە كۆڭۈل بەرمەگىل،
بەقا ئالەمىنىڭ غەممىنى يېگىل».
تۇرۇپ ئاڭلادى ئانى بىچارە تاز،
چۇنان يىغلادى دىلنى ئەيلەپ گۇداز.
ئىجازەت تىلەپ يانغالى ئول غەرىب،
كى پەدرۇد ئېتىپ ماڭدى يولغە كىرىپ.
يەنە قىرىق كۈن يولدا سايىر بولۇپ،
كېلىپ لەقمە قازغانىغە ھازىر بولۇپ.
تۇرار ئالدىدە، يەر قازار ئول كىشى،
مۇسافىر بىلە يوقتۇر ئانىڭ ئىشى.
كېچە بولدى فارىغ چۇ ئول كارىدىن،
مۇسافىر خەبەر بەردى ئەسرارىدىن.
ئىگەرچى سۆزىنى بەيان ئەيلەدى،
ئانىڭ ۋاقىئەسىن ئەيان ئەيلەدى.
تۇرۇپ ئاڭلادى لەقمىچى مەردى كار،
باشىنى تۇتۇپ يىغلادى زار-زار.
مۇسافىرغە ئايدى: «ئىشىتكىل سۆزۈم،
كى قىلغان كىشىمەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم.
بۇرۇنقى زەماندە ئېشەكچى ئىدىم،
ئېشەكنىڭ كىراسىن تىلەكچى ئىدىم.
شەھەردىن شەھەر يۈرمەك ئېردى ئىشىم،
كېچەر ئېردى مۇنداغكى يازۇ قىشىم.
قولۇمدا مېنىڭ قىرق ئېشەك بار ئىدى،
ئانىڭ ھەر بىرى تىز رەفتار ئىدى.
چۇ مەئۋا ماڭا ئېردى كارۋان سەراي،
ئېشەكلەرگە يۈك يۈكلەگەي نەچچە تاي.
تىلەپ كارۋان ئاندا ياتقان ئىدىم،
قولۇمدا بارىسىنى ساتقان ئىدىم.
ئۇزاق كۈن تۇرۇپ كۆڭلۈم ئېردى مەلال،
شەھەردىن چىقالمايكى بولدۇم ھەيال.
ئۇلاغلار ئورۇقلاپ غەزەبدە ئىدىم،
كى چىقماقىغە ئاندىن تەلەبدە ئىدىم.
قەزارەن نىدا ئاڭلادىم بىر سەھەر:
«ئۇلاغ بارمۇ؟ يۈكلەي ئاڭا سيمۇ زەر».

---

① بۇ يەردە بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

يۈگۈردۈمكى ئىسسىغ ئورۇندىن قوپۇپ،
يېتىپ ئالدىغە ئالدىراپ-ئاشۇقۇپ.
نە كۆردۈمكى بىر ئاقساقال باي ئېرۇر،
ئانىڭ شەكلىدىن دەۋلەت ئەفزاي ئېرۇر.
بارىپ ئالدىغە ئەيلەدىم ئەسسەلام،
دېدى ئول ماڭا ھەم ئەلەيكەسسەلام.
دېدىم: «ئەي خاجە، مەندە بار كۆپ ئۇلاغ،
ئۇلاغلارغە بار ھەم كېرەكلىك ياراغ.
مۇھەييا تۇرۇپدۇر ھېلى قىرق ئېشەك،
ئاڭا نەقدىنە يۈكلەمەكلىك كېرەك.
ئەگەر قانچە لازىمكى تەييياردۇر،
ئېشەكلەر بارى تىز رەفتاردۇر».
دېدى ئول كىشى: «بارچە لازىمدۇرۇر،
كىراكەش مېنىڭ بىرلە ئازىمدۇرۇر.
ئېشەكلەرنى ھازىر قىلىڭ بۇ سەھەر،
بارىسىغە ھەمل ئەتكەمەن سىيمۇ زەر».
ئۇلاغلارنى تەييار ئېتىپ ئول زەمان،
كى يۈكلەرنى يۈكلەپكى بولدۇم رەۋان.
خاجە ئالدىمە كىردى، يول باشلادى،
پىيادە ماڭىپ مەركەبىن تاشلادى.
نەچە كۈن بەيابان ئارا راھۋار،
ئېشەكلەر يۈرۈيدۇر قەتارەن-قەتار.
قېلىپ شاھراھ، يۈردى سەھرا سارى،
كى ۋادى ئارا مېھنەت ئەفزا سارى.
كېتىپ بارغۇچە ئەيلەدىم بىر خەيال:
«كۆپ ئېركەنكى ساھىبدا مالۇ مەنال.
ماڭا ئەيلەسە ئون ئېشەكنى ئەتا،
خۇدا كۆڭلىغە كىرسە، قىلسە سەخا.
بۇ مېھنەتتىن ئەمما قۇتۇلغاي ئىدىم،
كى دەۋلەت بىلە باي بولغاي ئىدىم».
ماڭا باقتى، ئايدى: «نە قىلدىڭ خەيال؟
ماڭا ئاشكار ئەيلەگىل ئەرزى ھال».
دېدىم مۇددەئالى: «خەيالىم بۇدۇر،
ماڭا قىل سەخا، ئەرزى ھالىم بۇدۇر».
بۇ فاسىد خەيال بولدى مەئلۇم ئاڭا،

دېدى: «ئون ئېشەك يۈكنى بەردىم ساڭا».
كۆڭۈل شاد بولدى بۇ ئىنئامغە،
كى تىنماي يۈرۈپ سۇبھدىن-شامغە.
بەش-ئون كۈن يەنە ئۆتتى ۋادى ئارا،
داغى ئەيلەدىم نىيەتىمنى قارا.
تۈشۈپ بۇ كۆڭۈل ئىچرە سەۋدايى خام:
«ماڭا بەرسە ئېردى بۇ زەرنى تەمام».
ئۆزى ئانچە ھاتەم سىفەت باي ئىكەن،
گۇمان ئەيلەدىم: «دەۋلەت ئەفزاي ئىكەن،
بۇ دۇنيا بىلە بولسام ئېردى غەنى،
داغى شادمان قىلسە ئېردى مەنى».
بۇ فىكرى مەھالىمنى كەشف ئەتتى ئول،
دېدى: «ئايت سىررىڭنى سەن، ئەي ئوغۇل.
نە كەچتىكى كۆڭلۈڭگە، قىل ئاشكار،
سېنى مەن قىلاي زەر بىلە كامكار».
ياشۇرغان بىلە بىزگە مەئلۇم ئېرۇر،
سېنىڭ ھالەتىڭ دىلغە مەفھۇم ئېرۇر.
سېنى قورشادى ھىرسۇ بۇغزى جەسەد،
ۋۇجۇدۇڭدە جۇنبىش قىلىپ نەفسى بەد».
ئايتتىم: «ئايا ساھىبى كەشفى ھال،
كۆڭۈلغە كېچىپدۇركى فاسىد خەيال.
بۇ يۈكنىڭ تەمامىن نىسار ئەيلەسەڭ،
جەھاندە مېنى كامكار ئەيلەسەڭ.
چىراكىم بۇ زەر سەندە بار، مەندە يوق،
بەشەر نەسلىدىن بەئزى ئاچ، بەئزى توق.
خەلايىق ئىچىدە كۆزى ئاچ مەن،
كى ھەسرەتتە دۇنياغە مۇھتاج مەن».
دېدى ئول كىشى: «ئال بۇ زەرنى تەمام،
بولۇپ شاد يۇرتۇڭغە قىلغىل خىرام.
ساڭا بەخش قىلدىم بۇ ئەمۋالىنى،
ئالىپ كەت يەنە سورمە ئەھۋالنى.
كىشىغە بۇ سىرنى بەيان ئەتمەگىل،
مېنىڭ ھالەتىمنى ئەيان ئەتمەگىل».
بەيابان سارى كەتتى باقماي ماڭا،
ئانىڭ ئارقاسىدىن قاراپ مەن ئاڭا.


يانىدا ئېسىلغىلىق بىلەۋ تاشى بار،
ئانى ئالغالى ئەيلەدىم ئىختىيار:
«ئانى ھەم تىلەپ ئالسام ئېردى كېرەك،
پىچاقىمنى قىلغاي ئىدىم تىزرەك.
ھېلىھەم يۈگۈرسەم يېتەرمەن ئاڭا،
ئانى ھەم دېسەم بەرگۈسىدۇر ماڭا».
يۈگۈردۈم ئانىڭ كەينىدىن ئول زەمان،
كى ئاھۇ كەبى تىز بولدۇم رەۋان.
يېتىپ ئارقاسىدىن دېدىم: «ئەي، كىشى،
بىلەۋ تاشىنىڭ سىزگە نەدۇر ئىشى؟
ئانى ھەم فەقىرغە كەرەم قىلساڭىز،
نە خۇشتۇر، بىلەۋنى ماڭا بەرسەڭىز.
كى سىزدىن داغى ئىلتىماسىم بۇدۇر،
ھەۋەس بىرلە قىلغان قىياسىم بۇدۇر».
باقىبان ماڭا قىلدى ئانچە غەزەب،
نە دەيسەن، ئايا جاھىلى بىئەدەب؟
ئالىپ مۇنچە دۇنيا، تېخى تويمادىڭ،
تەمەئ ئەيلەمەكنى يەنە قويمادىڭ.
بۇ تاشتىن ساڭا يەتكۈسىدۇر ئەزاب،
ساڭا بەرسە بولغايكى ئالەم خەراب.
ئەيا جاھىلى ھىرسۇ بەدبەختى شۇم،
ۋۇجۇدۇڭغە نەفسىڭ قىلىپدۇر ھۇجۇم.
ئەتا قىلغانىمنى داغى بىلمەدىڭ،
سەخا ئەيلەدىم، ئانچە شۇكر ئەتمەدىڭ.
تەمەئ لەشكەرىغە گىرىفتار سەن،
بۇ ھىرسىڭ بىلە ئاقىبەت خارسەن.
خۇدايىم سېنى قىلسۇن سەرگەشتەھال،
ئۆلۈگىدىن يوقالسۇنكى مالۇ مەنال.
چۇ يەرگە كىرىپ يۈك بىلە بارچە خەر،
چۇ غايىب بولۇپ ئالدىدا سىيمۇ زەر».
مېنى قارغادى ئول: «گىرىفتار ئولۇڭ،
ئىلانىدەك زەمىندە نىگۇنسار ئولۇڭ.
مەشەققەت بىلە كەچكىچە يەرنى قاز،
بۇ مېھنەت بىلە ئۆزنى قىلغىل گۇداز.
يەنە ئۆشنۇگە تەپتۇرۇپ پۇل بېرىپ،
ياتارسەن تاڭ ئاتقۇنچە ئاندا ھېرىپ».
بۇ سۆزنى دېدى، بولدى كۆزدىن نىھان،
كى ئول خىزر ئېركەن، بولۇپدۇر ئەيان.
ماڭا ھىرسىنىڭ شۇملۇقىدىن بۇ ئىش،
بۇ ئەھۋال ئىلە ئۆتكۈسى يازۇ قىش.
چۇ ئاندىن بېرى مەندە ئارام يوق،
بۇ مېھنەت ئىچىدە ماڭا كام يوق.
قەنائەتنى تۇتماي خەتا ئەيلەدىم،
تەمەئ بىرلە جانىغە جەفا ئەيلەدىم.
خۇدا بەرگەنىگە قەنائەت قىلىڭ،
كى ئۆز نەفسىڭىزگە ئەدالەت قىلىڭ...
مۇسافىر تۇرۇپ ئاڭلادى سەر بەسەر،
ئانىڭ سىررىدىن ئەمدى تاپتى خەبەر.
ئىجازەت تىلەپ يانغالى ئول غەرىب،
ئالىپ رۇخسەت ئاندىن يولىغە كىرىپ.
يەنە قىرق كۈندە يانىپ كەلدى ئول،
مۇئەززىن بىلادىغە بولدى دۇخۇل.
كۆرۈشتى كېلىپ ئول ئەزانچى بىلە،
مۇئەززىن سىفەتلىك سوزانچى بىلە.
چۇ ئول مەردىكار لەئمەچى كارىنى،
بەيان ئەيلەدى بارچە ئەسرارىنى.
مۇئەززىن تۇرۇپ ئاڭلادى، تۆكتى ياش،
«قىلاي ئەمدى مەن سىزگە سىررىمنى پاش:
مۇنار باشىدە ئوقۇر ئېردىم ئەزان،
مۇئەززىن ئىدىم مۇندا نەچچەند زەمان.
قەزارەن ئەزان ۋەقتىدە بىر كۈنى،
ھەۋادىن كېلىپدۇركى قۇشنىڭ ئۈنى.
نە كۆردۈم قاراپ، كەلگۈسى ئۈچ ئۇقاب،
ئېتىلدى يىراقتىن فەقىرغە قاراب.
كېلىپ تۇتتى بەلدىن بەرابەر ئۈچى،
ھەۋاغە چېكىپدۇر ئۈچىنىڭ كۈچى.
بولۇپمەن كى بېھۇش، ھەيرەتتە لال،
يىقىلدىم كى بىخۇد بولۇپ بىمەجال.
زەمانى يېتىپ جىسمىمە كىردى ھۇش،
نە كۆردۈم — سەمائۇ فىغانۇ خۇرۇش.

ئەجەب جايدۇر قەسرى جەننەتنەما،
نەچە باغۇ ئەيۋانۇ، كۆشكۈ سەرا.
مۇھەييادۇر گۇلشەنى سەبزەزار،
كى ئەشجارلار ھەر تەرەف شاخسار.
تۇرۇپدۇركى نەچچە پەرىزادلار،
خىرام ئەيلەشىپ سەرۋى ئازادلار.
ھەمان ئۈچ قۇش ئولغان پەرىزاد ئىكەن،
ئانىڭ مەقسەدى ئادەمىزاد ئىكەن.
ئۈچى ئۈچ شەھەنشاھنىڭ دۇختەرى،
پەرىلەر ئارا خۇبلار سەرۋەرى.
ھەۋاغە چىقىپدۇر تەماشا ئۈچۈن،
ئوقۇپمەنكى ئول چاغ ئەزاننى ئۇزۇن.
ماڭا بۇ ئۈچىنىڭ تۇشۇپ رىغبەتى،
مېنى تارتماقغە قىلىپ جۇرئەتى.
ئىرەم باغىغە كەلتۇرۇپ تاشلادى،
تۇرۇپ بۇ ئۈچى: «بىزنى ئالغىل» — دېدى.
«نىكاھى رەسۇلنى بەجا كەلتۇرۇڭ،
كى ئاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرۇڭ.
بەشەرنىكى سۇنما ئىلىك، قىل ئەدەب،
ئىلىك سۇنساڭ ئەمما، قىلۇرمىز غەزەب.
پەرىزاد بىز، ئادەمىزاد سىز،
كى شەھۋەت بىلە بىزگە قىلماڭ ستىز.
تۇتۇپ ئەھد-پەيماننى دەۋلەت كۆرۈڭ،
تەھەممۇل قىلىڭ، ئەيش-ئىشرەت كۆرۈڭ.
سېغىنساڭ يامان، بىز قىلۇرمىز غەزەب،
جەزالار سالىپ كۆپ بېرۇرمىز ئەدەب.
ھەۋايۇ ھەۋەسدىن قىلىڭ ئېھتىيات،
بەشەر قائىدى بىرلە قىلماڭ نەشات.
بىزنىڭ قەسمىمىزنى رىئايەت قىلىڭ،
چۈنان پاكلىق بىرلە ئىشرەت قىلىڭ».
تۇتۇپمەن ئۇلار سۆزلەرىنى قەبۇل،
قىلىپمەن ئۇلارنى نىكاھى رەسۇل.
نەچە كۈن ئۇلار بىرلە قىلدىم سۇرۇر،
ماڭا يەتتى ئىشرەتتە نەچچە ھۇزۇر.
ئۆتۈپ نەچچە ۋەقت، نەچچە كۈن، نەچچە ئاي،
تۇتۇپمەن ئىرەم گۇلشەنى ئىچرە جاي.
مېنى ئازغۇرۇپ نەفس ئىلە ھىرسى شۇم،
كى شەھۋەت ۋۇجۇدۇمدا قىلدى ھۇجۇم.
سۇنۇپمەن قولۇمنى پەرىزادغە،
ئۇلار ئول زەمان تۇردى بىدادغە.
پەرىزادلار قىلدى ئانچە غەزەب:
«ۋەفاسىز، ئايا، ئادەمى بىئەدەب.
نەدىن ئەھدگە تۇرمادىڭ، بىۋەفا،
ئۆزۈڭ فېئلى بولدى ئۆزۈڭگە جەفا.
رەۋادۇر ساڭا ئەيلەسەڭ كۆپ ستەم،
ئەلەم بىرلە جىسمىڭنى قىلساق ئەدەم».
مېنى سۇغە باستى تۇتۇپ ئۈچ پەرى،
يېرىم جان قىلىپ قىينابان ھەر بىرى.
چىقارغە داغى ھەلقۇمە يەتتى جان،
كى بىھۇش ئولۇپ، ئەقلدىن ئول زەمان.
ئۇچەۋلەن مېنى ئاسمانغە چېكىپ،
مۇنار باشىدە قويدى، كەتتى يېنىپ.
زەمانى يېتىپ كەلدى مەغزىمگە ھۇش،
قىلىپمەن تەئەججۇب، فىغانۇ خۇرۇش.
ئۇلار ئىشقى دىلنى خەراب ئەيلەدى،
فىراقى ۋۇجۇدۇم تۇراب ئەيلەدى.
ئوقۇدۇم ئەزان ئالدىراپ ئول زەمان،
مۇنارنىڭ تۈۋىدە بولۇپدۇر ئەيان.
تۇشۇپمەن مۇناردىن داغى ئاشۇقۇپ،
ئەزاننى تۈۋىدە تۇرۇپ ھەم ئوقۇپ.
قاراپمەن مۇنار باشىدا ئۈچ پەرى،
كۆرۈندى كۆزۈمگە ئۇلار ھەر بىرى.
چىقىپمەن مۇنار باشىغە ئالدىراپ،
ئەزاننى ئوقۇبان تۇرۇپمەن قاراپ.
تۈۋىدە تۇرار ئول پەرىزادلار،
قىلۇر جىلۋەئى سەرۋى ئازادلار.
بۇ يەڭلىغ مۇقەررەر بولۇر ھەر كۈنى،
كېلۇر كېچەلەردە ئۇلارنىڭ ئۈنى.
بولۇپمەن بۇ سەۋدا بىلە مۇبتەلا،
ئۇلار ئىشقى بولدى بۇ جانغە بەلا.

پەرىلەرگە كۆڭلۈڭنى ئالدۇرماغىل،
ئەگەر ئالسە ئەھدىڭنى سىندۇرماغىل.
داغى مەن كەبى بولمە پەيمان شكەن،
كۆڭۈل مۈلكىغە ئالما تۈرلۈك مىھەن...
مۇسافىر ئىشىتتى مۇئەززىن سۆزىن،
يانىپ كەتكەلى راست قىلدى ئۆزىن.
كىرىپ يولغە موللا بىلە خوشلاشىپ،
تۈشۈپ ۋادىغە تاز باشىنى قاشىپ.
يانىپ قىرق كۈن يولنى ئۇل قىلدى تەي،
كى ئۆز شەھرىدىن بىر كۈنى ئالدى پەي.
يېتىپ كەلدى ئۇل قىرق بىرىنچى كۈنى،
كىرىپ شەھرىغە ئۇل كۈنىنىڭ تۈنى.
مەلىكە ۋىساقىغە قويدى قەدەم،
ئىشىككە كېلىپ بىر زەمان ئالدى دەم.
بىناگەھ ئاچىلدى ئىشىك ئۇل زەمان،
بولۇپدۇر ئاڭا ئۇل پەرىۋەش ئەيان.
ئۆزى چىقتى ئالدىغە ئەيلەپ نىياز،
بۇ تازغە پەرىۋەش بولۇپ جىلۋەساز.
تېپىشتى، سوراشتى بۇ كېچە ئىكەۋ،
دېدى ئۇل سەنەم: «ئەمدى بولدۇڭ كۈيەۋ.
ماڭا ھاجەت ئېرمەس بەيان ئەيلەمەك،
بۇ ئەسرارلارنى ئەيان ئەيلەمەك.
بىلىپسەن ئانىڭ سىررىنى سەن بارىپ،
سوراپسەن بارىپ يولدە ئانچە ھارىپ.
ماڭا كەشفدۇر بارچە ھالاتلار،
كى سەن بىلگەن ئانچە مەقالاتلار.

قىلىپ ئېردىم ئەمما سېنى ئىمتىھان،
رىيازەت ئۆمۈرىدا بولدۇڭ رەۋان.
باشىڭغە كېلىپ ئانچە ئىسسىق - ساۋۇق،
نەتىجە ساڭا — بىزگە بولدۇڭ ياۋۇق.
چۇ لايىق بولۇپدۇر ساڭا شاھلىق،
قىل ئەمدى رىئاياغە ئاگاھلىق.
چېكىپسەن رىيازەتنى بىر يىل تەمام،
ئەۋەز بۇ دۇرۇر — تاپتىڭ ئالى مەقام».
قىلىپ يارلىغ ئەلگە ئېئلام ئېتىپ،
قىلىپ تويى شاھانەئى ئام ئېتىپ.
تۈزۈپ بەزمى جەمشىد ئايىن قۇرۇپ،
ھەمە چوڭ - كىچىك، بارچەسىن يىغدۇرۇپ.
قىلىبان خەلايىقغە جۇدۇ كەرەم،
ئەدالەت ئۆمۈرىغە قويدى قەدەم.
چىقىپ تەختكە ئانچە كامىل بولۇپ،
ھەمە خەيىر ئىشلارغە ئامىل بولۇپ.
بولۇپ ئۇل كۈنى شەھلىغى ئاشكار،
جەھاندارلىقتا بولۇپ كامكار.
مەلىكە بىلە قىلدى سۆھبەت داغى،
سۈرۈرەت بىلە قىلدى ئىشرەت داغى.
ئۆتۈپدۇر جەھاندىن ئەدالەت قىلىپ،
ئەمەل بىرلە خەيرۇ سەخاۋەت قىلىپ.
ئايا ساقىيا! تۇت ئەمەل بادەسىن،
ئىچىبان تاپاي قۇرب سەججادەسىن.
ئانىڭ كەيفىدە ئولتۇراي ئەربەئىن،
بولاي ۋەسل مەئۋاسىغە مەن يەقىن.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ئالمۇتا 1982 - يىل) دىن تەييارلاندى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت.



# سەيفى سەرايى ئەسەرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا

مۇھەررىردىن: جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن بىرى بولغان نادىر ئەسەر «گۈلىستان» نىڭ پارس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى سەئدى شىرازىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. لېكىن شەيخ سەئدى ۋاپات بولۇپ 100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئەسەرنىڭ تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ تەرجىمە — «گۈلىستان»نىڭ تۈركىي تىللاردىكى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمىسى بولۇپلا قالماي، «گۈلىستان»نىڭ پارس تىلىدىن ئىككىنچى بىر تىلغا قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق تەرجىمىسىدۇر. بۇ ئالەمشۇمۇل ئەسەرنى دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ تۈركىي تىلغا، جۈملىدىن پارس تىلىدىن ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلغان كىشى ئالىم ۋە ئەدىب سەيفى سەرايى ئىدى.

سەيفى سەرايى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سەراي شەھىرىدە ياشىغان، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شېئىر ۋە داستانلارنى يازغان. كىشى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خۇددى نىزامى گەنجەۋىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش بىر خىل شەكىل ۋە ئەدەبىي بۈيۈكلۈكنى ھېس قىلىدۇ.

سەيفى سەرايى قالدۇرغان ئەڭ چوڭ يادىكارلىقلاردىن بىرى «گۈلىستان بىت‐تۈركىي» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر ھىجرىيە 793-(مىلادى 1390 — 1391-) يىلى 10-ئايدا تامام بولغان. سەيفى سەرايى بۇ توغرىدا كىتابىنىڭ خاتىمىسىدە:

مۇددەتى ھىجرەت يەدىيۈز توقسەن ئۈچ. ئەۋۋەلى شەۋۋال ئىدىكىم، ئەي ئەزىز،
يىل ئىدىكىم ئاز ئىدى ئەلىمدە كۈچ، خەتم ئولدى بۇ «گۈلىستاننامە»مىز.

دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

سەيفى سەرايىنىڭ بۇ تەرجىمىسى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە بولۇشىغا قارىماي، ئەڭ تولۇق مۇكەممەل تەرجىمىدۇر. سەيفى سەرايى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»دىكى ھېكايە ۋە دىداكتىك نەزەرىيىلەرنى ئۆز زامانىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېنىق ۋە يارقىن

ئىپادىلەپ بېرىش بىلەنلا قالماي، پارس تىلىدىكىدىنمۇ رەڭدار ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

600 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ۋە يېقىنقى زامانلاردا «گۈلىستان»نىڭ ھەرخىل يېڭى تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ھەرخىل «شەرھى گۈلىستان»، «شەۋقى گۈلىستان»لارنىڭ كۆپلەپ تارقىلىشى نەتىجىسىدە «گۈلىستان بىت-تۈركىي» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن يوقىلىپ كەتكەن ۋە سەيفى سەرايىنىڭ نامىمۇ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان.

1926 - يىلى ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان «تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى» دېگەن كىتابتا سەيفى سەرايىنىڭ «گۈلىستان بىت-تۈركىي» ئۈچۈن مۇقەددىمە تەرىقىسىدە يازغان «فى ئەۋسافى شۇئەرا» دېگەن شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن سەيفى سەرايىنىڭ نامى قايتىدىن تىلغا ئېلىندى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەش يولىدىكى ئىلمىي خىزمەتلەر قايتىدىن قولغا ئېلىندى.

«گۈلىستان بىت-تۈركىي»نىڭ دۇنيا بويىچە بىردىنبىر بولغان تولۇق قول يازما نۇسخىسى، شۇنداقلا سەيفى سەرايى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭ يازغان لىرىكىلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىسى گوللاندىيىنىڭ لىيدىن ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ھازىر موسكۋادىكى لېنىن نامىلىق كۇتۇپخانىدا ۋە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قولىدا ئەنە شۇ قول يازمىنىڭ فوتو نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخىغا ئاساسەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 1926 - يىلى ئىستامبۇلدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە شېئىرنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان ۋە سەيفى سەرايىنىڭ «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» داستانىمۇ بىرىنچى قېتىم جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

سەيفى سەرايىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن ھازىرغىچە تېپىلغىنى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىرقانچە غەزەل، قەسىدە ۋە قىتئەلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى نەمۇنىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

سەيفى سەرايىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» داستانىدۇر. بۇ داستاندا شائىر ئەينى دەۋردە يۈز بەرگەن رېئال ۋە گۈزەل بىر مۇھەببەت ۋەقەسىنى ھېكايە قىلىدۇ.

سەيفى سەرايى ئەسەرلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، XIV ئەسىردە يېزىلغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تىلدىن خېلىلا پەرقلەنگىنىدەك، نەۋائىي دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىلدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق بىزنى ئاشۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تۆۋەندە سەيفى سەرايىدىن بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن غەزەللەر بىلەن ئۇنىڭ «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» نامىلىق داستانىنى تونۇشتۇردۇق.

## غەزەللەر

تەئاللاھ، زىھى سۇرەت، زىھى مەھبۇبى رۇھانىي،
كىم ئانىڭ ھۇسنى شەۋقىدىن كۆكۆللەر بولدى نۇرانىي.
مۇفەررىھ شىۋەلى دىلبەر، تىلى تۇتى، سۆزى شەككەر،
كىيىك كۆزلى، قەمەر مەنزەر، مەلاھەت مۈلكى سۇلتانى.
كۆكۆل ئالۇر كۆزى ئالى، فەرەھ بىرۇر ئىكى ئالى،
بويىدۇر سەرۋىنىڭ تالى، يۈزى جەننەت گۇلىستانى.
كۆنەشتەك بىلگەلى شاھىد، جەمالى قەۋلىمە شاھىد،
كېچەر ھەسرەت بىلە زاھىد، يىراقتىن كۆرمەگە ئانى.
ئەلا ئەي دىلبەرى مەنزۇر، بۇ كۆركىڭگە بولۇپ مەغرۇر،
كۆكۆللەر قىلماغىل رەنجۇر، كېچەر بۇ ھۇسنى دەۋرانى.
بۇ مۇددەتنى غەنىمەت بىل، بۇ فۇرسەتدە ۋەفالەر قىل،
بۇ ئىززەت بىرلە بول كۆپ يىل، خەلايىقنىڭ سىپەر جانى.
قاشىڭ چۇن بەيرەم ئايىدۇر، جەھان ھۇسنۇڭ گەدايىدۇر،
قۇلۇڭ سەيفى سەرايىدۇر، بۇ كۈن ئول سۇنئى ھەيرانى.

*          *

ئول يۈزى ئايكىم، جەھانىنىڭ جانىدۇر،
بۇ زەمانە خۇبلارىنىڭ خانىدۇر.
ياسەمىن تەن، قامەتى سەرۋى رەۋان،
زۇلفى جەننەت باغىنىڭ رەيھانىدۇر.
غەمزەسىنىڭ ئالتىنە ئالەم ئەسىر،
كۆزلەرى دەۋرى قەمەر فەتتانىدۇر.
كىرپىگىنىڭ ئوقىنە جانلار نىشان،
قاشى ياسىنىڭ جەھان قۇربانىدۇر.
شەمس ئانىڭ ھەركۈن ياقاسىدىن تۇغار،
ئول سەبەبدىن بۇ جەھان نۇرانىدۇر.
بەسلەسۇن ئۇششاق جانىن چۇن بۇ كۈن،
كۆز قەمەر، يۈز ھۇسنىنىڭ دەۋرانىدۇر.
كۆرگەلى سەيفى سەرايى قۇل ئانى،
ھەقتەئالا سۇنئىنىڭ ھەيرانىدۇر.

*          *

بۇ فەلەك نېچۇن مېنى دائىم قاراقىندا تۇتار،
بۇ ئاتىم سەيف ئولدۇغۇچۇنمۇ قاراقىندا تۇتار.
قاندا بىر ئەردەم ئەرى بولسا ئانى كۆزدىن سالىپ،
تېكمە بىر ئەردەمسىز ئەرنى كۆز قاراقىندا تۇتار.
سۆزلەرىمنىڭ جەۋھەرىن ئارىف كۆرۈپ، قەدرىن بىلىپ،
كۆپ بەھالى دۇر بېكىن دائىم قۇلاقىندا تۇتار.
ئال بىلەن ئالدى كۆكۆل مەندىن بىر ئاي يۈزلى مەلىھ،
كىم مۇئەنبەر خالى ئەسۋەد ئال ياڭاقىندا تۇتار.

هۇسن ئىچىندە يوق نەزىرى، لېكىن ئۇل جانى جەھانە
دائىما ئاشىقلارىنى ئىشتىياقىندا تۇتار.
ئادەتى بۇدۇر ھەممىشە بىۋەفا مەئشۇقەنىڭ،
كىم ئانىڭ ۋەسلىن تىلەسە، ئۇل فىراقىندا تۇتار.
بۇ فەلەك جەۋرى بىلەن سەيفى سەرايى باغرىنى،
ئۇل يۈزى ئاي ھەجر ئوتىنىڭ ئىھتىراقىندا تۇتار.

*          *

دىلبەرىمنىڭ زۇلفى سۇنبۇل، چېھرەسى گۇلزار ئېرۇر،
بۇيىنە ئاشىق سەنەۋبەر، يۈزىنە گۇل زار ئېرۇر.
ئاغزى فەستۇق، كۆركى تاڭسۇق، ئۆزى مۇشفىق يار ئېرۇر،
ھۇسنىنىڭ چاۋى خىتاۋۇ چىن ئىچىندە بار ئېرۇر.
ئەسلى ئەلچىن، سۆزلەرى چىن، كۆزلەرى تاتار ئېرۇر،
مىڭ ياشار ھەركىم دۇداغى شەربەتىن تاتار ئېرۇر.
ئىشقىنىڭ ئەلچىسىنە كۆڭلۈم مۇنەققەشدار ئېرۇر،
زۇلفىنە تۈشكەن كۆڭۈللەرنىڭ مەقامى دار ئېرۇر.
نېچەكىم ئىشقى ئوتى بۇ جان ئىچىندە بار ئېرۇر،
كەھرەبا ئۆزرە كۆزۈمدىن دەمبەدەم دۇر بار ئېرۇر.
شەھد سۆزى، ئارىف ئۆزى، ۋاقىفى ئەسرار ئېرۇر،
ۋەسلى بوستانىدا خۇش ئاشىقلارىن ئاسرار ئېرۇر.
ۋەسفىنە سەيفى سەرايىنىڭ ئىشى ئەشئار ئېرۇر،
ئاندىن ئۆزگە بىرلە ئاشىققە يېمەك ئاش ئار ئېرۇر.

*          *

ئەي، كۆركلىلەر خەيالى بىلەن مۇبتەلا كۆڭۈل،
كۆزى بىلەن كېتۈرگەن ئۆزىنە بەلا كۆڭۈل.
نې يەردە بىر قەمەر كەبى يۈز كۆرىجەك رەۋان،
كۆزۈڭ يۇمۇپ تۈشەرسەن ئانىڭ ئوتىنا كۆڭۈل.
بىر گۇل ياڭاقلى جادۇ قاراقلىغا ئوغراساڭ،
جانىڭ فىدا قىلۇرسەن ئوشۇل دەم ئاڭا كۆڭۈل.
سۇلتانلار ئوغلى زۇلفىنە گۇستاخ قول سۇنەن،
سەنسەن ئەلىندە بىر يولى يوق بىنەۋا كۆڭۈل.
ئولكىم سېنى جەفا بىلە ئۆلتۈرمەگە تىلەر،
مىڭ جان بىلە قىلۇرسەن ئاڭا خۇش دۇئا كۆڭۈل.
تارتىپ زەمانە خۇبلارىنىڭ جەۋرىنى مۇدام،
كۆردۈڭمۇ ھېچ بىرىندە بۇلاردىن ۋەفا كۆڭۈل.

كۆيدۇم سىنىڭ بىلە نىچە كېز فۇرقەت ئوتىنە،
يىللار چېكىپ سىنىڭ بىلە جەۋرۇ جەفا، كۆڭۈل.
قازى ئەۋى نە يەردە، ئەجەب مۇفتى قايدادۇر،
قىلغاي ئىدىم سىنىڭ بىلە خۇش ماجەرا كۆڭۈل.
سەيفى سەرايىنى بۇ قاراقىندا باغلاساڭ،
خۇبلار جەفاسى بىرلە بولۇرسەن فەنا كۆڭۈل.

*　　*

تاپىلماس هۇسن مۇلكىندە ساڭا تەڭ بىر قەمەر مەنزەر،
نە مەنزەر مەنزەرى شاهىد، نە شاهىد شاهىدى دىلبەر.
بۇ كۈن يۇسۇف جەمالىنى قىلىپتۇر هەق ساڭا بەخشىش،
نە بەخشىش، بەخشىشى دەۋلەت، نە دەۋلەت دەۋلەتى مەفخەر.
سۆزۈڭ دۇررۇ جەۋاهىردۇر، كۆڭۈللەر گەنجىنە لايىق،
نە لايىق، لايىقى خۇسرەۋ، نەخۇسرەۋ، خۇسرەۋى كىشۋەر.
شەكەردىن تاتلىدۇر خۇلقۇڭ، كەرەمدە خاتىرىڭ مەتلەب،
نە مەتلەب مەتلەبى مەئدەن، نە مەئدەن مەئدەنى جەۋهەر.
زىهى دەۋلەتلى ئاشىقكىم سىنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى جەننەت، نە جەننەت، جەننەتى كەۋسەر.
بۇ هۇسنۇڭ شەۋقى زەۋقىندە، كۆڭۈل تۇتىلارى تاپتى،
نە تاپتى، تاپتى خۇش لەززەت، نە لەززەت، لەززەتى شەككەر.
جەمالىڭ نەقشىنە سەيفى سەرايى باغلادى سۇرەت،
نە سۇرەت، سۇرەتى هەسنا، نە هەسنا، هۇسنى جان پەرۋەر.

*　　*

كۆركلى يۈزۈڭگە باققان كۆزلەرگە جان كۆرۈنۈر،
دائىم مۇرەسسەئ ئاغزىڭ گەۋهەر فىشان كۆرۈنۈر.
بازار ئىچىندە هۇسنۇڭ ئىشۋە ساتىپ ئالۇر جان،
بوستان ئىچىندە قەددىڭ سەرۋى رەۋان كۆرۈنۈر.
هەق سۇنئى ئاي يۈزۈڭنى قىلماق ئۈچۈن تەماشا،
هەر سۇبهىدەم قاپۇڭدا خەلقى جەهان كۆرۈنۈر.
ئەرتە - كېچە كۆزۈمدىن كەتمەس ئۈچۈن خەيالىڭ،
نې يەرگە باقسام ئاندا هۇسنۇڭ ئەيان كۆرۈنۈر.
سەيفى سەرايى نەزمى هۇسنۇڭ سىفاتى بىرلە،
دائىم بۇ ئەل تىلىندە خۇش داستان كۆرۈنۈر.

*

قۇرۇپ قاشى ياسىن قارا كۆزلەرىڭ،
ئاتار كىرپىك ئوقىن ماڭا كۆزلەرىڭ.
بىر ئوق بىرلە رۇستەمنى ئاتدىن يىقار،
نېچە ئاتسا قىلماس خەتا كۆزلەرىڭ.
قاراقچى بەلا قىلسا تۈز يازىدا،
قىلۇر دائىم ئەلدە بەلا كۆزلەرىڭ.
ئالۇر سەبر جاندىن، كۆڭۈلدىن قەرار،

*

كىمە باقسا بىر كىز قىيا كۆزلەرىڭ.
كۆڭۈللەرنى باغلاپ قارا زۇلفىنە،
ئوسانماسمۇ جانلار ئالا كۆزلەرىڭ.
نې يولدىن بۇ سەيفى سەرايىنىڭ ئۇش،
تۆكۈپ قانىن ئىچەر قانا كۆزلەرىڭ.
ئەگەر هەي دېمەسەڭ، جەهاننى خەراب،
قىلۇر غەمزە بىرلە يانا كۆزلەرىڭ.

*

قەمەر يۈزۈڭدىن بولۇر مۇنەۋۋەر،
شەكەر سۆزۈڭدىن كېلۇر مۇكەررەر.
كۈنەش يۈزۈڭنى كۆرۈپ خەلايىق،
بولۇپ تۇرۇرلار ساڭا مۇسەخخەر.

*

كۆڭۈلگە دائىم فەرەھ بېرۇرگە،
كېلىپ خەيالىڭ بولۇر مۇسەۋۋەر.
تۈگەندى ئۆمرۇم فىراق ئېلىندە،
قاچان ۋىسالىڭ بولۇر مۇيەسسەر.

*

ياڭى ئايدۇر قاشىڭ ئەي كۆركە بايىم،
قىلۇر بەيرەم يۈزۈڭنى كۆرسە سايىم.
سۇ ئىچكەندە دۇداغىڭدىن سۇ تامسا،
بىتەر قەندۇ شەكەر ئول يەردە دائىم.
جەمالىڭدۇر بۇ كۈن ئالەم سەفاسى،

*

خەيالىڭدۇر هەممشە جان فەزايىم.
كېرەك ئۆلتۇر، كېرەك ئەرسە قۇلۇڭمەن،
مۇبارەك بۇيرۇغۇڭدۇر قۇتلۇ رايىم.
مۇفەررىھ نەزم ئېتىپ سەيفى سەرايى،
سىفاتىڭنى ئوقۇر، ئەي كۆركە بايىم.

## فى ئەۋسافى شۇئەرا

جەهان شائىرلارى، ئەي گۈلشەنى باغ،
كىمى بۇلبۇلدۇرۇر سۆزدە، كىمى زاغ.
كىمى تۇتى بىكىن چاينار شەكەرنى،
كىمى لەفزى بىلە ئۆرتەر دەرەرنى.
كىمىنىڭ سۆزلەرى مەۋزۇنۇ شىرىن،
كىمىنىڭ لايىقى تەشرىفۇ تەهسىن.
كىمى ئۆزگەنىڭ ئەشئارىن مېنىم دەر،

كىمى هەلۋا كەبى شەلغەم چۆبىن يەر.
كىمى مەئنى قويۇپ لەفزىن تۈزەتۇر،
كىمى ۋەزنىن بۇزۇپ سەنئەت كۆزەتۇر.
ئالارنىڭ ئۇش بىرى سەيفى سەرايى،
جەهان ئارىفلارىنىڭ خاكى پايى.
ئانى سەن جۇملە شائىر كەمتەرى بىل،
قەمەر يۈزگە هەممشە مۇشتەرى بىل.

## قەسىدە

ئالتۇن قاناتىن ئاچتى ئېسە سۇبھى سۇنقۇرى،
كۆك كۆلگە باتتى جۇملە كەۋاكىب كەبۇتەرى.

ئىسفەندىيارى رۇم چىقىپ تىكتىسە ئەلەم،
بولدى كۆرۈپ ھەزىمەت، ئانى شام لەشكەرى.
تۆكتى قىرمىزى مەي قان ئاقتىپ چەرخ تاسىنە،
تۈنىنۈڭ يۈرەك تامىرىن ئاچىپ سۇبھى نەشتەرى.
قۇشلار كۆرۈپ ھەۋادا ئانى باشلادى رەۋان،
تىل ئاتىلانچە ئۆكمەگە ئەللاھۇ ئەكبەرى.
جەننەت مەگەر بىزەدىسە ئولدەم ئۆزىن جەھان،
رەقس ئۇردى ئاشىقانە يۈرۈپ چەرخ چەنبەرى.
بوستان ئىچىندە تۈرلى چەچەك ئەنجۇمەن قۇرۇپ،
رەھمەت شەرابى بىرلە بولۇپ مەست ھەر بىرى.
سۇندى پىيالە لالە قىزىل گۇلگە، گۇل ئاچىپ،
بولبۇلغە قارشى ئاچتى جەمالىن يەنە تەرى.
بۇلبۇل مۇغەننى بولدى نەۋادا تۈزۈپ نەغەم،
نەرگىسنى ئويغارىپ يەنە ئىسرىتتى ئەبھەرى.
مەئشۇقە قامەتى كەبى تۈرلۈك چەچەك ئارا،
خۇشقوللارىن سالىپ سالىنۇر سەرۋ ئەرى-بەرى.
بوستان ئىچىندە مۇشك ساتا باشلادى سەبا،
تولدى جەھان دىماغىنە گۇللار مۇئەتتەرى.
ئول ئەنجۇمەن ئىچىندە ئىدىم، كەلدى ناگەھان،
بىر خۇش ھەبىب مەنزەرۇ ئۇششاق دىلبەرى.
قەددىن كۆرۈپ يەر ئۆپتى ئانىڭ سەرۋى بوستان،
زۇلفى بۇراقتى ئالەمە مۇشك ئىلە ئەنبەرى.
ئايدى رەۋان قەسدەنى غەررا قىلىپ بۇ كۈن،
ئىلتىكىل ئانىڭ قاتىنەكىم ئول دەھر مەفخەرى.
ئىسكەندەرىيەنىڭ مەلىكى بوزلار ئەھلى جۇد،
كىم ھاتەمى زەمانە كىرەك بولسا چاكەرى.
ھەمزە يۈرەكلى ئەردەم ئەرى رۇستەمى زەمان،
بۇ ئەسىر ئىچىندە ئۆزلەرىنىڭ يوق بەرابەرى.
ئەي، مەئدەنى شىجائەتۇ مەھدىيى روزگار،
ۋەي، مەنبەئى سەخاۋەتۇ ئىقبال مەنزەرى.
سەن ئول يىگانە فارسى چابۇكسەۋارسەن،
بىر ئوق بىلەن يىقارسەن ئۇرۇبان غەزەنفەرى.
شەترەنجۇ بەختۇ نەردى سەئادەت سىنىڭ بىلەن،
كىم ئوينادى ئۇتۇلدىيۇ باغلاندى شەش دەرى.
بەزمىڭدە تۇتتى زۇھرە بۇ ئۇششاق پەردەسىن،
ساقىي قەمەر بولۇپ ساڭا تەگرۇچى مۇشتەرى.
سەيفى سەرادي خىزمەتىڭە مەدھ ئوقۇپ تۆكەر،

بەھری ئىبرۇر ئىچىندىن ئالىپ دۇررى جەۋھەرى.
بولدى فىدايى روھۇ كۆڭۈللەر مۇفەررىھى،
كۆركلى سىفاتـلارىنىڭ بىلە دىۋانۇ دەفتەرى.
بۇ مەدھى ئۇل قەسىدەغە قىلدىم جەۋابىكىم،
تۈن زۇلفىنى كېسەردە تۇتۇپ سۇبھى خەنجەرى.
نېچە تۈزۈتسە بادى بەھارى ئەبىرۇ مۇشك،
نېچە چەمەندە بادى خەزان قىلسا زەرگەرى.
ئانچەغە تەگرۇ ئەدگۇ ئاتىنىڭ خەير ئۇزە قالىپ،
سۆزلەنسۇن ئەل تىلىندە جەھانىنىڭ دىلاۋەرى.

قىتئەلەر

نېدۇر ئۇلكىم سوقۇپ تەرتىب بۇكەلمەس،
باشى زەخمى دەۋا بىرلەن ئوكەلمەس.

*   *

كىم كەلدى ئىسە جەھانغە، شەك يوقكى كېتەر،
ئاقىل كېلىبان بۇ يەردە كۆپ خەير ئېتەر.
سەن ئەدگۈلۈك ئەت داغى تېگىزگە سالغىل،
يازىدا ساڭا ياقىن بىل ئۇل خەير يېتەر.①

# سۇھەيل ۋە گۇلدۇرسۇن

ئەمەس ئەفسانە، چىن ئۇشبۇ بىتىلمىش،
بۇ چىن ئەفسانە تەك ئىشقدە بىتىلمىش.
ئايىتتىم يىغـلابـان دەۋرىم جەفاسىن،
بىر ئەرنىڭ قىسسەسى، ئاخچى ۋەفاسىن.
تېمۇر ئۆرگەنجە تارتىپ كەلدى لەشكەر،
كۆرۈپ كۆز كور بولۇپ قالدى قۇلاق كەر.
قوزۇتتى جەڭ بىلەن ئالەمدە توفان،
ئاقتتى سۇتەكىن يەر ئۈزرە كۆپ قان.
ئېكىنچى ئەۋلەرى ياقىلدى ئوتقە،
بۇدەي ساۋرىلدى تۇفراق بولدى بوتقە.
ئۆلۈپ كەتتى سوغىشدا توختەمىشخان،
تىرى ئايرىلدى تۇۋغاندىن تۇغۇشقان.
سۇھەيل ئالىپنى ئەلتتىلەر ئەسىرغە،
ھەمە قالدى بولۇپ ئاجىز بۇ سىرغە.
سىفاھىيلار قىلالماي قالدى چارە،
فەقەت قالدۇردى بۇغەم دىلدا يارە.
سۇھەيل ھۇسنى ئىبرۇر يۇسۇفدىن ئالىي،
ئېتەر مات ئالمانى يۈزىنىڭ ئالى.
بىيىك ئەردەملەرى بار، سۆزى شىرىن،
بولۇر ئاشىق ئانى كۆرگەندە شىرىن.
ۋەلې جەۋر تاشى ياغىپ باشى ئۈزرە،
ئاتىپتى باشىنە ھەم قاشى ئۈزرە.

① يوقىرىقى شېئىرلار 1966 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابنىڭ بەشىنچى توم بىرىنچى كىتابىدىن ئېلىندى.

ئۇنە يوقدۇر زۇلمكارلاردا پەرۋا،
كىمە مۇڭغايسۇن ئايتىپ دەردە دەۋا.
فەقەت ھالىنى كۆرگەنلەر ئېتىپ ئاھ،
ئۇچار ئەترافدا قۇشلار دەردلى ھەمرا.
بولۇپ مۇترىب گۇلىستانلاردا بۇلبۇل،
قىلۇرمىڭ تۈرلى نەغمە بىرلە غۇلغۇل.
باشىن ئەگمىش ياتىپ ئالتۇن باشاقلار،
باشاقلارنى ئېكىنچىلەر ماشاقلار.

يىغار دان ئەل ئۇچۇن شۇندىن ئېكىنچى،
ئېرۇر بار ئەكمەكىدىندۇر ئېلىنچى.
ئاغاچلاردا شەكەرتەكىن يېمىشلەر،
بۇ يەرنى ئەللەرى ئۇچماق دېمىشلەر.
سۇھەيل شۇ يول ئۆزە بارماقدا غەمكىن،
سەۋىنچى قارا كىيگەن كۆزى نەمگىن.
ئانىڭ كۆڭلىدە سولغۇنلۇق ھەمىشە،
كۆرۇنمەس ئاڭا گۇلزارۇ نە بىيشە.

## سۇھەيلنىڭ چاھدا ياتمىشى

پايۇ ئېلكىن ئېتىپ زەنجىر بىلەن بەند،
ئاغاچىندا ئاڭا ئەتدىلە پابەند.
ۋە ئانى تاشلادىلار كاتتا چاھغە،
سىرە ئاسماي ئالار گۇش ئاھۇ ۋاھغە.
كۇنەش دۇنيا يۈزىندىن چاھگە پاتتى،
ئۆزۈلگەن گۈلتەكىن تۇپراقدا ياتتى.

ئۇ ياتقان چاھ ئىچە يوق شۇئلەئى نۇر،
ئۆلەنگەمەس، تىرىگە ئەردى بىر گور.
ۋە لېكىن ئەردەمى بارۇ مۇۋ ئولماس،
قەۋىيلەرغە ھېچ ئاندا قورقۇۋ بولماس.
فەلەك ئايلانماسىلە دەۋر يەتكەي،
ئادالەت ئۇرلۇغۇمدىن بەخت بىتكەي.

## سۇھەيلنىڭ تۈش كۆرمىشى

ئەزاب ئىچرە ياتىپ زىنداندا سۇھەيل،
ئېتەردى ھارغاندا ئۇيقۇنى مەيل.
كۆرۈپ ئۇيقۇدا ھەم قورقۇۋلى تۈشدىن،
قالۇردى ئايرىلىپ ھەردەمدە ھۇشدىن.
بۇ تۈشدە بىر پەرى باغدا يۆرەرمىش،
يۆرۈپ باغ ئىچرە ئۇ گۇللار تېرەرمىش.
دەيۈپ ئاڭا سۇھەيل: «نې گۇل تېرۇرسەن،
ئۆزۈڭ گۇلشەندە كۆركلى گۇل ئېرۇرسەن؟
نەدۇر زاتىڭ پەرىمۇ يا ئادەمزاد،
ماڭا ئايت ئادىڭى دايىم ئېتەي ياد.
شۇكرلەر ئېتەيىن ئاللاھغە مىڭ بار،

كى يەتكۇردى ماڭا سەنتەك كۇنەش يار...»
جەۋاب كۇتدى بولۇپ ئۇ ئىشق ئارا مەست،
ۋەلى تەقدىر كولۇپ تىز بەرمەدى دەست.
غەزالتەك سىلكىنىپ قاچتى پەرىۋەش،
سۇھەيل كۆڭلىغە تاشلاپ كاتتا ئاتەش.
يېتەي دەپ مەھۋەشۇ دىلكەش پەرىغە،
سۇھەيل يۈردى پەرى قاچقان سارىغە.
يېتەلمەي كۆرگەنى رۇخسارى ماھغە،
يىقىلدى يۈگرۈبان پاي ئۆزرە چاھغە.
ئويانىپ بىلدى شۇندا تۈش ئىكەنىن،
ۋە سەزدى باتغانىن ئەندۇھ ئىكەنىن.

## شاھ قىزى گۇلدۇرسۇن سۇھەيلنى كۆرگەنى ۋە ئۇنى سەۋدىپ قالغانى بەيانى

ئۇلەن ئۆزرە قۇرۇلغان خىيمەدە شاھ،
زەفەردىن شاد بولۇپ ياتمىشدى ئاگاھ.
بار ئېردى شاھ قىزى گۇلدۇرسۇن ئاتى،
تىلىم ئەۋرىلمەس ئايىتماقىغە سىفاتى.
ئەمەس گۇل يۈزى گۇلدۇرسۇندىن ئارتۇق،
ئانىڭ كۆڭلىندە ئىشق تېڭىزدىن ئارتۇق.
ئېتۇردى فەسلى گۇل سەيرى خىيابان،
نەچە مەھرەملەرى بىرلە خىرامان.
شۇئان كەلتۇردىلەر چاھغە سۇھەيلنى،
كۇلدۇرسۇن باقىبان توختاتتى سەيلنى.
سۇھەيلنى كۆردىيۇ ئايلانىدى بىرتەك،
گۈنەش گەردىندە يۈرگەن مىسلى ئېرتەك.

ئۆزىن گۇل بىلدىيۇ بۇلبۇل سۇھەيلنى،
ئانى سەۋدىيۇ تەسلىم ئەتتى مەيلنى.
ۋە نە چارە قىسۇن بۇلبۇل قەفەسدە،
كېرەك گۇل غۇنچەسى ئازاد نەفەسدە.
سەۋەر بۇلبۇل گۇلنى، گۇل بۇلبۇلنى ھەم،
نېچۈن گۇل ئەيلەسۇن بۇلبۇل كۆزىن نەم.
كېلىپ گۇلدۇرسۇن كۆڭلىغە بۇ سۆزلەر،
كېچىپ كۈنلەركى بۇڭا چارە ئىزلەر.
ئۇ ئىزلەپ چارە، ياخشى چارە تاپتى،
سالىپ ئىچىنە غورنىق ئەۋى ياپتى.
ئەۋنى ئىستەدى پاسبانغە بەرمەك،
كېچىن بارىپ سۇھەيلنى ئۇلدى كۆرمەك.

## گۇلدۇرسۇننىڭ چاھغە تۈشۈپ سۇھەيل بىلەن سۆزلەشكەنى

كېچە بولغاچ بارىپ پاسبانغە ئۇترۇ،
ئۆزىن خاھىشىن ئايتدى ئاندا ئۇترۇ.
ئىپى يەپ ئىسرەگەچ بىر ئاندا پاسبان،
چاھ ئىچرە باقدى تىز خۇرشىدى تابان.
نې كۆرسۇنكىم، بولۇپ تۇفراقدا بىھال،
سۇھەيل ياتۇر تاپتالمىش يەڭلى گۇل ئال.
كۆرۈپ گۇلدۇرسۇن يىغلاپ ھالىغە يۈز،
چاھ ئىچرە كىردى قويدى يۈزىنە يۈز.
سۇھەيل باشىن كۆتەرىپ كۆردى قىزنى،
قۇل ئېرمەس، پادشاھ دەپ سەزدى ئۆزنى.

ئۇكىندا تۈشدەكىن كۆرگەنگە ئۇ شاد،
ئەلەم تاشى سىنىپ دىل بولدى ئازاد.
ئالار يۈز قويۇشۇپ بىر-بىر يۈزىنە،
ئۇزاق باقىشدىلار بىر-بىر كۆزىنە.
گۇلدۇرسۇن ئايتتى ئاڭا: «مەن فىدايىڭ»،
سۇھەيل ئايتتى ئاڭا: «ئۇلدۇم گەدايىڭ،
سېنىڭسىز ماڭا ئالەمدۇر قاراڭغۇ،
ئۆلۈمدە سالماغاي بىزلەرە غۇلغۇ.
ئەگەر مىڭ جانىم ئۇلسا ساڭا تارتۇق،
بولۇرمۇ دوستۇ يارلىق شۇندىن ئارتۇق»

## سۇھەيل بىلەن گۇلدۇرسۇننىڭ چاھدىن چىقىپ قاچقانلارى بەيانى

«بۇ كەچ ساڭايۇ ماڭا كەلدى بىر كىز،»
دېدى سۇھەيلىگە گۇلدۇرسۇن: «تۇرۇپ تىز،

چىقىپ چاھدىن ئۇزاقلارغا قاچايلىك،
بۇ يەردە يىغلاماي كۆڭۈل ئاچايلىك.»

سۇھەيل كىيدى تۇرۇپ ئەۋرەد قۇماشىن،
چىقارسا كىمسە يوق، چاھدىن ئۇ باشىن.
ئالار قويدى ئىكسى يول سارى پاي،
باقىپ تۇرغاندا يولغە زەر ساچىپ ئاي.
بىرىكىپ كەتتى ئاشىقلار ئۇزاقىغە،
ئىلىنماي يول ئۇزە قويغان توزاقىغە.
ئالار كۆپ يۇردىيۇ سەھراغە كىردى،
گۈنەشدىن سەھرا ئۇزرە دەۋزەخ ئىردى.
يوق ئىردى سۇ، يېمەككە ئاندا ئەتمەك،
ئەگەر بولغاندا ھەم ئاقچاسى لەك ـ لەك.
ئۇچۇپ كەلمەس ئىدى قۇشلار بۇ يەرگە،
تاپىلماس ئىردى سۇ تەشنا ھەر ئەرگە.
يىقىلدى تەشنە گۇلدۇرسۇن ئاچىندىن،
كۆمەك كىمدىن كېلۇر، چۆل ئىچرە كىمدىن؟
سۇھەيل باردى تاپارغە سۇغە، دانىغە،
ۋەلى دەرمان بېرەلمەي قالدى جانىغە.
ئۇ يالغۇز، سەھرا ئىچرە قالدى يالغىز،
بولۇپ تەشنا قۇرۇپ قالغانتەك يىلدىز.
«ماڭا ياخشى» دېدى، «يار بىرلە ئۆلمەك،
نە لازىم غەم بىلەن دۇنيادا قالماق...!»
شۇ سۆزنى ئايتتى تىغ ئۇردى ئۆزىىغە،
كۆرۈنمەي قالدى كەڭ ئالەم كۆزىىغە.

سۇھەيل ئامىدىن شۇدەم قوپتى بوران،
ئانىڭتەككىم بۇزۇلدى چەرخى دەۋران.
ئالار ئۆزرە تۆكۈلدى، كۆمدى، تۇپراق،
بۇ سىرنى تەنھا سەھرا بىلدى كۆپراق.
ئاڭا كەلدى شەرەف مەرد ئولماغىندىن،
نە كەلگەي ئىردى قورقۇپ قالماغىندىن.
ئولۇرمۇ سەۋگى ھەم بىل، شۇندىن ئارتۇق،
كى ئىككىسى قىلۇر جانىنى تارتۇق.
خاتۇن سادىق، ئانى سەۋگىل ئەزىز ئەر،
ھەر ئاغىر ئىشدا ھەم دائىم سېنى دەر.
ئۇڭا دوست بول ئۇنى سەۋگىل، كۆڭۈل بەر،
ئۇنىڭ سۆز بەھرىدىن گەۋھەرلەرىن تەر.
كېلىپ كۆڭلىمە مەجنۇن، لەيلى يادى،
دەفاتىر ئۇستىنە سۆز سېلى ياغدى.
بولۇر بۇ بىتىككىم تەئرىخكە يادگار،
بۇ يادگارىمدا يالغان يوغۇ چىن بار.
بىتىگەن نامەنى ئەللەر ئوقۇغاي،
سۇھەيلنىڭ تەئرىخىنى تازە بىلگەي.
ئىلاھا، ئاسراغىل سەيفى سەرايىڭ،
خەلاس ئەيلەپ زۇلمدىن كەڭ سەرايىڭ.
يەدى يۈز توقسان ئالتى نەۋرۇز ئايى،
كى خەتم ئەتتى بۇنى سەيفى سەرايى.

1986 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۇچبۇلبۇل گۈلشەنى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# «بابۇرنامە» توغرىسىدا

(«بابۇرنامە» يېزىلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

گ. ن. پانت(يېڭى دېھلى مىللىي مۇزېينىڭ مۇتەسەددىسى)

## تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ نادىر يادىكارلىقى

«بابۇرنامە» ھىندىستاندا بۈيۈك بابۇرىيلەر سەلتەنىتىگە ئاساس سالغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەللىپ ئاددىي ۋە جانلىق تىل بىلەن ئۆزىنىڭ يول قويغان خاتالىقلىرى، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۈكسەك ئارزۇ- ئۈمىدلىرى ۋە چۈشكۈن ھالەتلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ قىممىتى جەھەتتىن ئەۋلىيا ئاۋگوستىنو ۋە روسسونىڭ كەشپىياتلىرى، گىببون ۋە نيۇتوننىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدۇ. مەزكۇر كىتاب پۈتكۈل ھاياتى داۋامىدا كۆپلىگەن يۈكسىلىشلەر ۋە چۈشكۈنلۈكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىر شەخسنىڭ ئىبرەتلىك تارىخىدۇر. ئۇنىڭدىكى يۈكسىلىشلەر قانچىكى يۇقىرى بولسا، چۈشكۈنلۈكلەرمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇردۇر.

## تەرجىمىھال توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

بابۇر 47 يىل 10 ئاي ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق يېتىپ كەلگەن بۇ قىممەتلىك ئەسەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن پەقەت 18 يىلنىلا ئاساس قىلىدۇ. كىتاب بابۇرنىڭ ئۆز قولى بىلەن تۈركىي تىلدا يېزىلغان. ساقلىنىپ قالغان نۇسخىدىكى تەپسىلات مۇئەللىپنىڭ 12 ياش چېغىدىن باشلانغان. ئۇنىڭدا يا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يىلى، يا ئاتا- ئانىسى، ياكى ئالدىنقى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقە- ھادىسىلەر ھەققىدە ھېچ نەرسە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ھەتتاكى بابۇرنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى ئۈچۈن قانداق ماۋزۇ تاللىغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس. تېمۇرىيلەر ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى «زەفەرنامە»، «ھۇمايۇننا»، «ئەكبەرنامە» ۋە باشقا ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلىنغان ھالدا «بابۇرنامە» دەپ ئاتالغان. تەپسىلاتلاردىكى ئايرىم كەمچىل جايلارنىڭ بىر قىسمى بابۇر ھايات چېغىدا ئۇنىڭ كاتىپى زەيندىن سەۋافى پارس تىلىدا يازغان «تەبەقاتى بابۇريي» دىن ئېلىنغان. يەنە بىر قىسمى بابۇرنىڭ قىزى گۈلبەدەن بېگىم 1587 - يىلى، يەنى ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن 50 يىل كېيىن يازغان ئائىلە شەجەرىيىسى ھېسابىدىكى ئەسەر «ھۇمايۇننامە» نىڭ ياردىمىدە تولدۇرۇلغان.

كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقالغان. بابۇرنىڭ يېزىشىچە 1529 - يىلى ئۇنىڭ چېدىرىغا ئوت كەتكەن ۋە ئوتتا خېلى زەخمىلەنگەن. بىراق ئۇ كېيىنچە قايتا تولۇقلانغان. 1555 - يىلى ھۇمايۇن دادىسىنىڭ ئەسەرلىرىگە شەرھىلەر يازغان. ئەكبەر كىتابنى پارس

تىلىغا تەرجىمە قىلىنىسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرگەن. چۈنكى ئەبۇل فەزلى «ئەكبەرنامە»
نى يېزىشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. تەرجىمان ئابدۇرەھىم خانىخان يەڭ
شىمايلاپ ئىشقا چۈشۈپ 1589 - يىلى كۈزدە (نويابىردا) تەرجىمىنى تۈگىتىدۇ. جاھانگىر
ئۆز تەرجىمىھالىدا 1607 - يىلى بابۇرنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن يېزىلغان (يەنى تۈركىي
تىلدا يېزىلغان) «بابۇرنامە» نى ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇندىن بېرى قول يازمىنىڭ
تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسى ھەققىدە ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس. 1813 - يىلى ئېردىسكىن
«بابۇرنامە» نىڭ پارسچە نۇسخىسىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ ۋە كىتاب «بابۇر
يادنامىلىرى» دېگەن نام بىلەن 1826 - يىلى نەشر قىلىنىدۇ. 1900 - يىلى ئانىېت. س.
بېۋىج «بابۇرنامە» نىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسىنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. بىراق
قول يازمىنىڭ قەغىزى تەكشۈرۈپ كۆرۈلگەندىن كېيىن، مەزكۇر نۇسخىنىڭ تەخمىنەن
1700 - يىللاردىكى كۆچۈرمە نۇسخا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «بابۇرنامە» نىڭ بارلىق قول
يازمىلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇق ھېسابلانغان بۇ نۇسخا (ھازىر ئۇ ھەيدەرئابادتىكى «سە-
لەرجەڭ مۇزېيى» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا) جەمئىي 382 ۋاراق. 1905- يىلى ئۇنىڭدىن
100 پاكسىمىل نۇسخا ئېلىنغانىدى. بېۋېرىج ئۇنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «با-
بۇرنامە» سەرلەۋھىسى ئاستىدا 1921 - يىلى نەشر قىلدۇردى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئەسەر
كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ مۈلكى بولۇپ قالدى.

## «بابۇرنامە» نىڭ سۈرەتلىرى

«بابۇرنامە» نىڭ ئەكبەرنىڭ سارىيىدا بېزىتىلگەن بىرقانچە نۇسخىلىرى ئىچىدىن
بىرگە پەقەت بەش نۇسخىسىلا مەلۇم. ئۇلار يېڭى دېھلىدىكى مىللىي مۇزېيىدا، لوندوندىكى
بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا، ۋېكتورىيە مۇزېيى ۋە ئالبېرت مۇزېيىدا، مۇسكۋادىكى
شەرق خەلقلىرىنىڭ دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. كېيىنكى ئۈچ نۇسخا تولۇق
ئەمەس. ئۇۋچىنىڭ قۇش ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن سۈرەت فوگگىنىڭ بوس-
تون سەنئەت مۇزېيىدا (ئامېرىكىدا) ساقلىنىۋاتىدۇ. يېڭى دېھلىدىكى مىللىي مۇزېيدا ساق-
لىنىۋاتقان، تېخى چاپ ئېتىلمىگەن قول يازما 378 ۋاراقتىن ئىبارەت بولۇپ، تۆپلەنمە-
گەن ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۇتۇپخانىنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان. ئۇنىڭدا جەمئىي 145
پارچە سۈرەت بار. بۇلاردىن 54 پارچە سۈرەتنىڭ تېگىدە جەمئىي 40 نەپەر رەسسامنىڭ
ئىمزاسى بار. 55 پارچە سۈرەتتە ئىزاھ ياكى تەپسىلاتلار بايانى بار، قالغانلىرىدىكى
بۇنداق تەپسىلاتلارنى ئوقۇش قىيىن، ياكى كېسىلگەندە قىسمەن بۇزۇلغان. 116 - ۋاراق-
تا ئېيتىلىشىچە ئۇنىڭدىكى سۈرەت ئەكبەر ھۆكمرانلىقىنىڭ 42 - يىلى، يەنى 1598 -
يىلى سىزىلىپ تامام بولغان. قول يازمىدا سۈرەتلەرنىڭ 18 پارچىسى رەڭلىك، قالغانلى-
رى ئاق - قارا رەڭدە سىزىلغان. تەسۋىرلەرنىڭ ھاشىيەلىرى مۇمكىن قەدەر زىچ كېسىل-
گەن. رەسسامنىڭ ئىسمى شەرىپى يېزىلمىغان. ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ بەش نۇسخىدىكى
رەسىملەر 1598 - يىلى ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىزىلغان. «بابۇرنامە» گە تەر تۆكۈپ
ئىشلىگەن مەشھۇر رەسساملار ئىچىدىن دەۋلەت، كىسۇ، ھەمكاران، فەررۇقاران، فەررۇخ،
جەگەننەتھ، مانوھەر، مەنسۇر، مىسكىن، مەھېش، سەنۋلە، شەنكەرلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش
مۇمكىن. بۇلاردىن كۆپ ساندىكىلىرى كېيىنچە مەشھۇر رەسسام بولۇپ يېتىشكەن.

## بابۇر هاياتىنىڭ كېيىنكى چاغلىرى،

بابۇر ئاتا تەرەپتىن ئەمىر تېمۇرنىڭ، ئانا تەرەپتىن چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تومۇرىدا مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى بۈيۈك ئىستىلاچىنىڭ قېنى ئاققان. بابۇر 1483 - يىلى 14 - فېۋرالدا، ئاتىسى ئۇمەر شەيخ هۆكۈمرانلىق قىلغان پەرغانىدە تۇغۇلدى. ئاتىسى قازا قىلغان چاغدا بابۇر بار - يوقى 11 ياشقا كىرىپ تۆت ئاي ئۆتكەنىدى. بۇ هەقتە «بابۇرنامە» نىڭ دەسلەپكى قۇرلىرى مۇنداق گۇۋاهلىق بېرىدۇ: «سەرۋەرى كائىناتىنىڭ شاپائىتى ۋە چاهار يارى باسەپالارنىڭ هىممىتى بىلەن سەيشەنبە كۈنى رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا تارىخ سەككىز يۈز توقسان توققۇزدا (يەنى مىلادى 1494 - يىلى ئىيۇندا) پەرغانە ۋىلايىتىدە ئون ئىككى ياشتا پادىشاه بولدۇم.»

بابۇر ياشلىق چاغلىرىدىلا كۆپ جاپا - مۇشەققەت ۋە دىشۋارچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس مۈلكى هېسابلىنىدىغان سەمەرقەندنى ئىككى قېتىم ئۆزىگە بويسۇندۇردى ۋە ئىككى قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى. يېشى راسا 21 گە توشقاندا، يەنى ئارىدا مۇۋەپپەقىيەتسىز 10 يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاتا يۇرتىنى تاشلىدى - دە، هىندىقۇشتىن ئۆتۈپ كابۇلنى ئىشغال قىلدى. 1511 - يىلى بابۇر سەمەرقەندنى قايتۇرۇۋېلىشقا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. بۇ قېتىم غەلىبە پەيزىنى سۈرگەن بولسىمۇ، بىر يىلدىن كېيىنلا سەمەرقەند يەنە قولدىن كەتتى. بابۇر شۇ تەرىقىدە سەمەرقەندنى ئۈچ قېتىم ئېلىپ، ئۈچ قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى.

## هىندىستان پەتهى

بابۇر سەمەرقەندنى ئېلىشتىن كۆڭلى سوۋۇغاندىن كېيىن، چۆچەكلەردىكىدەك بايلىقلارغا تولۇپ تاشقان هىندىستاننى ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ هىندى دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ پەنجاپقا تۆت قېتىم يۈرۈش قىلىدۇ. شۇ چاغدا هىندىستاندىكى شەرت - شارائىتلار بابۇر ئۈچۈن ناهايىتى قولاي ئىدى. دېهلى هۆكۈمدارى سۇلتان ئىبراهىم لۇدىي ئۆزىنىڭ قاتتىق قوللۇقى بىلەن ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە قارشى قىلىۋالغانىدى. نەتىجىدە ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ پېيىغا چۈشكەن. پەنجاپنىڭ قۇدرەتلىك هاكىمى دەۋلەتخان لۇدىي ۋە سۇلتاننىڭ نەۋرە تۇغقىنى ئەلەمخانلارنىڭ تەكلىپى بىلەن، بابۇر 1525 - يىلى هىندىستانغا بەشىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى ساتقىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بابۇر ئالدى بىلەن شۇلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەۋلەتخان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ (كۆپ ئۆتمەي ئۆلىدۇ). پەنجاپ بابۇر ئۈچۈن قولاي ئولجىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دېهلىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بابۇر تۆت قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن پۈتۈن هىندىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ.

بابۇرنىڭ ئىبراھىم لۇدىي بىلەن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق جېڭى ھەرىيانەدى-
كى پەنىپەت شەھىرى ئەتراپىدا 1526 - يىلى 21 - ئاپرىلدا يۈز بېرىدۇ. ئىبراھىم جەڭ-
گە 100 مىڭ ئەسكىرى ۋە سانسىزلىغان پىللىرىنى قاتناشتۇرىدۇ. بابۇرنىڭ قوشۇنلىرى
سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز (12 مىڭ) ئىدى. بىراق ئۇلار جەڭلەردە چېنىققان ۋە
ھەربىي بىلىمنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بابۇر تەجرىبىلىك سەركەردە
بولۇپ، شۇ چاغلاردا ھىندىلار ئۇچۇن يېڭى قورال ھېسابلىنىدىغان ئاجايىپ زەمبىرەك-
لەرگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ داڭقى چىققان ئىككى قوماندانى ئۇستا ئەلى بىلەن مۇستاپا
توپچىلارغا باشچىلىق قىلاتتى. ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ 15 مىڭ ھىندى جەڭچىسى ئاشۇ
جەڭدە ھالاك بولدى. بابۇر تولۇق غەلىبە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇ-
مايۇن ئەھمىيىتى جەھەتتىن سەلتەنەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەگرە شەھىرىنى ئىشغال
قىلدى. بۇ يەردە ئۇ پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە، جۈملىدىن جاھاندا يىگانىلىقى بىلەن
ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن مەشھۇر «كوھى نۇر» ئالمىسىنى قولغا چۈشۈردى.
شۇنداق قىلىپ بابۇر ھىندىستاننىڭ شاھىنشاھى ۋە بۈيۈك بابۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ ئاساس-
چىسى بولۇپ قالدى. ئۇ غەلىبە شەرىپى ئۈچۈن ھەربىر ئەركەك ۋە ھەربىر ئايالغا بىردىن
كۈمۈش تەڭگە تارقىتىپ بېرىلسۇن، دەپ كابۇلغا ئادەم ئەۋەتتى.

1527 - يىلى بابۇرنىڭ راجپۇت ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشىغا توغرا كەلدى.
راجپۇت ئەسكەرلىرىگە راجەستھاننىڭ جەسۇر ھاكىمى، «يۈز جەڭ قەھرىمانى» مەشھۇر
ران سىنگھ (رانا سانگا) باشچىلىق قىلاتتى. پاتېھپۇر سىكرى يېنىدىكى جانىيە ئالدىدا
ئۇلار ئۇتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قاتتىق جەڭ باشلاندى. راننىڭ ئاجايىپ كاتتا
قوشۇنىنى كۆرۈپ، بابۇر ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىراق بابۇر ئۆز
جەڭچىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ: «تىز پۈكۈپ ياشىغاندىن كۆرە، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن
ئەۋزەل» دېگەن مەزمۇندىكى نۇتقى بىلەن ئۇلارنى روھلاندۇردى. ئۇ قەدەھلەرنىڭ بىرىنىمۇ
قويماي چېقىپ تاشلىدى - دە، بۇنىڭدىن كېيىن مەي ئىچمەسلىككە ۋەدە بەردى (ئۇ كېيىن-
كى ۋاقىتلاردىمۇ بۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان). شۇنىڭدىن كېيىن بابۇر ئەسكەرلىرى جەڭ-
گە شىردەك ئاتلاندى. توپ ۋە زەمبىرەك كۆپ ئۈنۈم بەردى. نەتىجىدە ئۇ بۇ قېتىم
راننىڭ قوشۇنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى. راجپۇتلار ھۇجۇمغا بەرداشلىق
بېرەلمەي قالدى ۋە ناھايىتى كۆپلىرى جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولدى. ران قاچتى ۋە
بۇ تۈپەيلى غەم - ھەسرەتلەر ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا بابۇرنىڭ ئەھۋالى ئۇزۇل - كېسىل مۇستەھكەملەنگەنىدى. 1528 - يىلى
ئۇ مەلۋەدىكى مەشھۇر چەندېرى راجپۇتلار قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. قەلئە ھىمايىچى-
لىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ يول باشچىسى مىدىنى رايىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. 1529 - يىلى
بابۇر بىھارغا قاراپ يۈرۈشنى داۋام قىلدى. بۇ يەردە ھېلىمۇ ئافغانلار ناھايىتى كۈچلۈك
بولۇپ، ئۇلارغا ئىبراھىم لۇدىينىڭ ئاكىسى مەھمۇد لۇدىي ھاكىم ئىدى. ھەگرە دەرياسى-
نىڭ ساھىلىغا جايلاشقان پەتنە شەھىرى ئەتراپىدىكى جەڭدە ئافغانلار يېڭىلدى، بابۇر
ھىندىستاننىڭ بىردىن بىر ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى.

## بابۇرنىڭ شەخسىي پەزىلەتلىرى

بابۇر ــ شىر دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «بابۇر» لەقىمىنى ئالغان بۇ كىشىمۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادەم ئىدى. كېلىشكەن قەددى-قامىتى ۋە ناھايىتى كۈچلۈكلۈكىدىن تاشقىرى، يۈرەكلىك، ئەپچىللىك، چاققانلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ قىيىنچىلىقلارغا پەرۋا قىلمايتتى. بولۇپمۇ ئۇۋچىلىقتا باتۇر ئاتالغانىدى. ئۇ كۆپىنچە بەستلىك ئىككى ئادەمنى قولتۇقلىۋېلىپ ئەگرە قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ مەشىق قىلغان. ئۇ سۇ ئۈزۈشكىمۇ ئاجايىپ ماھىر بولغان. ئۇ بۈيۈك گاڭگى دەرياسىدىن باشقا، يولدا ئۇچرىغانلىكى دەريالارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ يېقىملىق تىل، ئاھاڭدار ۋەزىن بىلەن يېزىلغان تەرجىمىھالى («بابۇرنامە»)نى ئوقۇغىنىمىزدا ئاپتورنىڭ بەدىئى ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقى، ئەقىل-پاراستى ۋە بىلىمىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىغا گۇۋاھ بولۇپ قالىسىز. بابۇر تەبىئەتنى ۋە بەزمە-مەشرەپنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ تاغلار، ئېدىرلار، باغلار، يايلاقلارنى كۆرگەندە زوق-شوققا تولۇپ، ئىلھامى قايناپ، خۇددى بۇلبۇلگوياغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇ ئىمانى كامىل مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللانى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارمىغان. لېكىن مۇتەئەسسىپ بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغان. بابۇر سۆزگە باي ناتىق، ئىستېداتلىق سەركەردە، ئارنومۇسى كۈچلۈك شەخس بولسىمۇ دۆلەت ئەربابى بولۇشتا تازا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىگەن. ئۇ ئۆز غەلىبىلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالمىغان. مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى ياخشى يولغا قويالمىغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان مەھكىمە بولمىغان ۋە مۇستەھكەم قانۇنلار يولغا قويۇلمىغان. بابۇرنىڭ كۆپلىگەن ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى چىقماي قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى ھۇمايۇن كېيىنچە بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان.

## بابۇرنىڭ خوتۇنلىرى ۋە پەرزەنتلىرى

بابۇر ئۆزىنىڭ بىرقانچە خوتۇنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىتىپلا ئۆتكەن. بىراق ئۇنىڭ قىزى گۇلبەدەن بېگىم بابۇرنىڭ بارلىق خوتۇنلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىنى ساناپ چىقىدۇ. بابۇر بەش ياشقا كىرگەن چاغدا ئائىشە سۇلتان بېگىم بىلەن چېتىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان پەخرۇننىسا ئىسىملىك قىزى بىر ئايلىق بولغاندا مەجرۇھ بولۇپ قالىدۇ. 1504-يىلى بابۇر زەينەپ بېگىمگە ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولغاندا زەينەپ بېگىم دۇنيادىن ئۆتىدۇ. بابۇر 1506-يىلى ماھىم بېگىمگە ئۆيلىنىدۇ. ئۇ بۇ خوتۇنىدىن بەش پەرزەنت كۆرىدۇ. بۇلاردىن تۆتى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەشىنچىسى ھۇمايۇن بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا تەخت ۋارىسى بولىدۇ. بابۇر 1507-يىلى مەسۇمە بېگىمگە ئۆيلىنىدۇ. بىراق ئۇ بىر يىلدىن كېيىن تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. 1508-يىلى بابۇر گۇلرۇخ بېگىمگە ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش پەرزەنت كۆرىدۇ. بۇلاردىن ئۈچى كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. كامران بىلەن ئەسقەرى كېيىن ئۆگەي ئاكىلىرى ۋە

ھۆكۈمدار ھۇمايۇن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ. بابۇر دىلدار بېگىم ئىسىملىك خوتۇنىدىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز كۆرىدۇ. ئوغۇللىرىدىن ھىندال ھۇمايۇن بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولىدۇ. ئەلۋار بولسا، بالا چېغىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. قىزلىرىنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە: گۈلرۇخ، گۈلرەڭ، گۈلچېھرە ۋە گۈلبەدەن (بۇ قىزى «ھۇمايۇننامە» نىڭ ئاپتورى).


## بابۇرنىڭ ئۆلۈمى

«بابۇرنامە» دە مۇھەررەم ئېيىنىڭ 3 - كۈنى (1529 - يىل 7 - سېنتەبىر) دىن پىشۋاسى شەيخ مۇھەممەد غەۋسىنىڭ ئەگرەگە، بابۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلاتلار بىراقلا توختايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كېيىنكى 15 ئېيى توغرىسىدا «ھۇمايۇننامە» دىن قىسمەن تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولۇش مۇمكىن. 1530 - يىلىنىڭ مارت ئېيىدا بابۇر لاھۇردا بولىدۇ. قايتىشىدا دېھلىنىڭ ئەتراپىدا شىكار باھانىسى بىلەن ئىككى ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. ئاۋغۇست ئېيىدا ئەگرەگە قايتىپ كەلگەندە، تەخت ۋارىسى ھۇمايۇننىڭ سەمبھەلدە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. ھۇمايۇننى دەريا بىلەن ئەگرەگە ئېلىپ كېلىدۇ. بابۇر تېۋىپلارنىڭ داۋالاشلىرى كار قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ھۇمايۇننىڭ ئورنىغا مېنىڭ جېنىمنى ئال» دەپ خۇداغا چىن قەلبىدىن مۇناجات قىلىدۇ. يېقىنلىرىنىڭ «كوھى نۇر» ناملىق ئالماسنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىش ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىنى رەد قىلىدۇ. ئۇ ھۇمايۇن ياتقان تەختىراۋاننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ: «مەنكى بابۇر جىسمۇ جانىمنى ھۇمايۇنغا بەخشەندە قىلدىم» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. گۈلبەدەن بېگىمنىڭ يېزىشىچە، شۇ كۈندىن تارتىپ ھۇمايۇننىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلاپ، بابۇرنىڭ مىجەزى بۇزۇلىدۇ. بابۇر شۇ ياتقىنىچە ئىككى ئاي ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ۋە 1530 - يىلى 26 - دېكابىردا 48 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دەسلەپتە ئۇنىڭ جەسىتى ئەگرەگە دەپنە قىلىنىدۇ. كېيىن كابۇلغا كۆچۈرۈلۈپ، دەريا بويىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر گۈزەل باغنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنىدۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بابۇر شۇنچە كۆپ جەڭلەر، يۈرۈشلەر، بەزمىلەر ۋە بابۇرىيلەر سەلتەنىتى ھەققىدىكى بۈيۈك ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن سىرت، يەنە ئۆز خاتىرىلىرىنى يېزىشقا ۋاقىت تاپالىغان. ھىندىستان تارىخىدا ئۇنىڭ قۇتلۇق خىزمەتلىرى ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر. ئەمما سالنامىچىلىك ساھەسىدىكى خىزمىتى بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك. «بابۇرنامە» ئاجايىپ ئەدەبىي تەسۋىرى سەنئەت ئەسىرىدۇر. تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدىكى قىممىتى تەڭداشسىزدۇر. ئەمىر تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى كەشپىيات بولسا، بابۇرنىڭ تەر- تەرجىمىھالى بۇ كەشپىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر.

«ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1990 - يىل 16 - فېۋرالدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىز ئېلى




نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىلى سايىت

ئەلقىسسە، ھەمرا: «يارىم ھۆرلىقانىڭ چاھار باغى ئۇشبۇ بولغاي» دەپ قۇمدىن تۇشۇپ چاھار باغنىڭ ئالدىغە كېلىپ كۆردىلەركىم، ھەيھات! چاھار باغنىڭ ياغاچلىرى ئالتۇندىن-گۆھەردىن، چىراغلىرى لەئلى جەۋاھىراتلاردىن كۆز قويۇلغان، دەرۋازىلىرى ياقۇتتىن، بوسۇغىسى پولاتتىن، ئىشىكلىرى زۇمۇرەتتىن، قۇلۇپلىرى زەبەرجەتتىن، ئول باغنىڭ دەرەخلىرى ئىپارزەئفىراندىن ئىكەن. ھەمرا باغقا كىرىپ كۆردىكىم بىر ئالىي ئىمارەت، ئىمارەت ئالدىدىكى سۇپا ئۈزەسىدە بىر ئالتۇن تەخت، ئۇنىڭ يېنىدا نەچچەند خىل تەئام، نازۇنېئمەتلەر تەييار قىلىغلىق تۇرۇر. ھەمرا ئول تائاملارغا قول ئۇزاتىپ ئېردى. غايىبتىن بىر مۇشت كېلىپ بېشىغا تەگدى. مېۋىلەرگە قول ئۇزاتىپ ئىدى، يەنە بىر مۇشت تەگدى. سۇ ئىچكىلى كۆل لەبىگە بارسا، كۆلنىڭ سۇيى قاچتى. ھەمرا بىچارە يىغلاپ ئايتتىكى، «ۋا دەرىغ، بۇ يەرلەر گۆش، ئاش يەيدىغان يەر ئەمەس ئىكەن ۋە بەلكى باشقا مۇشت يەيدىغان يەر ئىكەن» دەپ قاچىپ بىر يەرگە بارىپ ئولتۇرۇپ ئىدى، بىر غەۋغا ئاڭلاندى. ھەمرا دەررۇ كۆل بويىدىكى بىر چىنارغا چىقىپ، ياپراغلارنىڭ ئاراسىغا كىرىپ ئولتۇردى. شول سائەت يەنە بىر شەپە پەيدا بولدى. بىرمۇنچە كۆك كەبۇتەر پەيدا بولۇپ چاھار باغقا تولدى. بۇ كەبۇتەرلەر كۆلگە كىرىپ بىر چۇمۇپ ئېردى، ھەرقايىسى بىردىن نازەنىن پەرىزاد قىزغا ئايلاندى. ھۆرلىقا ئالتۇن تەختتە، دىۋە سۇرۇخ كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇرۇپتۇ. باشقا پەرىزادلار سەپ تۈزۈپ قاتار ئولتۇرۇپتۇ. ھەمرا «ئۆزۈمنى يارىمغە بىلىندۇرەي» دەپ، چىنار تۆپىسىدە تۇرۇپ ھۆرلىقاغە قاراپ نېمە دەيدۇ:

قادىر ئاللاھ قۇدرەتىڭدىن يارىم كۆرۈندى،
ئانىڭ شەمئى جەمالىدىن كۆڭلۈم سۆيۈندى،
شۈكرى ئەلھەمدۇلىللاھ يارىم كۆرۈندى،
قۇربان بولۇپ ئۆرگۈلەيىن قارا كۆزۈڭدىن.

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

قارا كۆزلۈك شېرىن سۆزلۈك يارىمغه يەتتىم،
هەقدىن ماڭا نەسىب بولغان جانىمغه يەتتىم،
رىيازەتلەر چېكىپ هەم شول يارىمغه يەتتىم،
ٴايلانايىن يارىم سېنىڭ نەرگەس كۆزۈڭدىن.

باغبان بولۇپ باغقه كىرىپ تەرسەم گۈلۈڭنى،
شەكەردىن تاتلىغدۇر ٴىشتسەم سۆزۈڭنى،
كۆزۈمگە سۈرمە قىلاي تاپسام ٴىزىڭنى،
هەمرا قۇلۇڭ قۇربان بولسۇن قارا كۆزۈڭدىن.

دەپ ٴىدى، هۆرلىقا هەمرانىڭ ٴاۋازىسنى ٴىشتىپ نېمە دەيدۇ:

ٴەي يارانلار، مۇسۇلمانلار،
ٴۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن.
هەجر ٴوتىدا يانە-يانە،
كۆيەر بولدۇم يار دەردىدىن.

فانى دۇنيانى ٴاختاردىم،
مىسرغا قىرىق كۈندە باردىم،
كۆرمىگەن جايلارنى كۆردۈم،
كۆيەر بولدۇم يار دەردىدىن.

ٴاتىم مېنىڭ هۆرلىقادۇر،
فانى دۇنيا بىۋەفادۇر،
كەچكەن كۈنۈم كۆپ جەفادۇر،
ٴۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن.

دەپ ٴىدى، «يارىمنىڭ مەندىن خەبەرى بار ٴىكەن» دەپ، هەمرانىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

هۆرلىقا قارىغىدەك بولسا، سۈنىڭ تېگىدە بىر ٴادەمزادنىڭ سايىسى كۆرۈنۈر. دەرهال كۆلگە پەرىلەرنى چۈشۈرۈپ، ٴىزدەپ تاپالمىدى. يانىپ چىقتى، يانە سۇ سۈزۈلدى، ٴول سايە كۆرۈندى. هۆرلىقا ٴايدى:

— ٴەي دىۋە سۇرۇخ، مېنىڭ يارىم كەلگەنگە ٴوخشايدۇ، ٴىزدەپ باقىڭلار!

پەرىزادلار چاهار باغنى ٴانچۇنان ٴىزدەپ تاپالمادى. ٴاندا هۆرلىقا پەرىزادلارغه:

— يارىم هەمراغه دەخلى قىلماسلىققا قەسەم ياد قىلىپ بېرىڭلار، — دېدى. دىۋەلەر، پەرىزادلار قەسەم قىلىپ بەردىلەر. ٴاندىن هۆرلىقا:

— ٴەي يار مەهبۇب، ٴۆزۈڭنى ٴاشكارە قىلغىل، — دېدى، پەرىزادلار چىنار تۆۋىگە كېلىپ ٴۈستۈن باقسالار هەمرا كۆرۈندى. هۆرلىقاغا پەرىزادلار:

— چىنار تۆپىسىدە بىر ٴادەمزاد تۇرادۇر، — دېدى. هۆرلىقا ٴالتۇن تەختىدىن يەرگە چۈشۈپ، چىنار تۆۋىگە كېلىپ هەمرانى كۆردى ۋە قەهقەه بىرلە بىر كۈلۈپ ٴىشىق دەردىدىن هەمراغه قاراپ نېمە دەيدۇ:

ٴادەمزاد ٴەزىزى، شاهلارنىڭ شاهى،
ٴەسىرنىڭ بولايىن قايدىن كېلۈرسەن؟
پەرىزاد ٴەهلىنىڭ جانى راهەتى،
قۇربانىڭ بولايىن قايدىن كېلۈرسەن؟

ٴاۋازىڭ ٴىشتىپ كەلدىم غايىبانە،
سېنىڭ ٴىشقىڭ مېنى قىلدى دىۋانە،

ئۆرگۈلەيسن قارا كۆزۈك مەستانە،
قۇربانىڭ بولايىن قايدىن كېلۇرسەن؟

نەيلەيىن قالدىم سېنىڭ ئاھ ـ ۋاھىڭغە،
سېنى ئىستەپ نەچە باردىم جايىڭغە،
جانىم پاياندار بولسۇن خاكى پايىڭغە،
ئەسرىڭ بولايىن قايدىن كېلۇرسەن؟

هۆرلىقا دەرلەر: كۆڭۈلنىڭ مۇهتاجى،
قارا كۆزۈم ئالۇر كۆپ ئەلدىن باجى،
ئۆمرۈمنىڭ خۇشگاهى، باشىمنىڭ تاجى،
ئەسرىڭ بولايىن قايدىن كېلۇرسەن؟

دەپ ئېردى، ھەمرا ھۆرلىقاغە باقىپ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ:

مېنى سورىساڭ مىسر ئېلىدىن بولۇرمەن،
بىر يار ئۇچۇن سىنەلەرىم داغلارمەن،
ئاتىمنى سورىساڭ، ئاتىم ھەمرامەن،
سېنى ئىزدەپ بۇ چۆللەرگە كېلىپمەن.

ئاتام خۇسرەۋ مىسر يۇرتىدىن بولۇرمەن،
شاھ خۇسرەۋنىڭ ئوغلى، ئاتىم ھەمرامەن.
ھۆرلىقاخان مەھبۇبۇمنى ئىستەرمەن،
ئانى ئىزدەپ بۇ مەكانغە كېلىپمەن.

چىن ئاشىقلار دەرىغ ئەتمەس ئۆلۈمدىن،
پەرۋايىم يوق باشىم كەتسە تەنىمدىن،
ھەي ئىچتىمەن تۆشۈمدە سېنىڭ قولۇڭدىن،
سېنى ئىزدەپ بۇ مەكانغە كېلىپمەن.

مىسىردىن كېلۇرمەن چىراي سارغارتىپ،
قىرىق كۈن بولدى بۇ چۆلىستان ئاختارىپ،
ئۈچ ئاي بولدى يېتەلمەدىم چۆل كېزىپ،
سېنى ئىزدەپ بۇ مەكانغە كېلىپمەن.

دەپ ئاھ تارتىپ يەنە نېمە دەيدۇ:

باشتا تەگرىم نە ئۇچۇن جانىم ئالمادى،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانەم تولمادى.

يارنى كۆرمەك بەسى مۇشكىل ئىش بولدى،
بەشيۈز يىللىق يول بولسا مەكانىڭ سېنىڭ.

رىيازەت تارتىبان سېنى ئىزلەدىم،
سېنىڭ ئۇچۇن ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم.
يارنى تاپىپ مەقسەدىمگە يەتمەدىم،
بەشيۈز يىللىق يول بولسا مەكانىڭ سېنىڭ.

تەقدىر ماڭا ئەزەلدە شۇنداق بولمىسا،
نەچۈك قىلاي مۇشكىل ئاسان بولمىسا،
ھارىپ كەامەككە يەنە ئۆمرۈم بولمىسا،
بەشيۈز يىللىق يول بولسا مەكانىڭ سېنىڭ.

دەپ ھەمرا بىسيار يىغلادى، ھۆرلىقانىڭ ئۈنىگغا رەھمىسى كېلىپ:

— ئەي ھەمرا، كۆڭلۈڭنى بۇزماغىل، مەن پەرىزاددۇرمەن. مەن نە يەردە بولسام جاي مەنزىلىم شول يەردە ھازىردۇر، — دەپ ھەمرانىڭ كۆڭلىگە تەسەللى خاتىر بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

پەرىزادنىڭ ئۆزىگە مەكان ھازىردۇر،
ھەر يەردە ھازىردۇر مەكانىم مېنىڭ.
مېنى سورىساڭ شاھرۇخ شاھنىڭ قىزىمەن،
ئىرەم باغدا بولۇر مەكانىم مېنىڭ.

تۇرار جايىم كۇھىقاپ، شۇندا يۈرۈرمەن،
كۆڭلۈم نەنى خالىسا شۇندا بارۇرمەن،
بىر سائەتتە خالىسام مەكان قىلۇرمەن،
ھەريەردە ھازىردۇر مەكانىم مېنىڭ.

ئەلقىسسە، پەرىزادلار ھەمراغا قاراپ زوق قىلىشتى، ئاندا ھۆرلىقا پەرىزادلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى خاتىر بەرمەك ئۇچۇن:

— ئەي ھەمرا، بۇ پەرىلەرنىڭ قايسىنى كۆڭلۈڭ خالىسا شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلغىل، — دېدى، ئاندا ھەمرا ھۆرلىقاغا بېقىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇلدۇر ساڭا قۇل بولسام،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.
يول يۈرسەڭ ئاياغىڭدا خاكپا بولسام،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

ئۈزاق يولدىن كەلدىم ساڭا يۈزلەنىپ،
ئاشىق بولۇپ جەمالىڭغا ساغىنىپ،
مېنىڭ سۆزۈم ياتسام بىلىك ياستانىپ،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

چىن ئاشىقمەن ھىزەر ئەتمەم ئۆلۈمدىن،
ھاشىم كەتسە يانماسمەن ھەرگىز يولۇمدىن،
مېنىڭ سۆزۈم قۇچاغلاپ ياتسام بىلىكىڭدىن،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر،نە خەيالدا سەن.

مەقسۇدۇمدۇر بىر ئۆيگە كىرسەڭ بوستانە،
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە بولدۇم مەستانە،
سېنىڭ ئىشقىڭ قىلدى مېنى دىۋانە،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

مەن كەلدىم يىراقدىن جاڭگال ئاختارىپ،
سېنىڭ ئۈچۈن جانىم چىقار ياستانىپ،
يول يۈرسەڭ ئاياغىڭدا خاك - خەسلەنىپ،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

چىن ئاشىقنى مەھرۇم قىلما مېھرىڭدىن،
قۇلۇڭمەلىكى كېتەرمەن ھەر كۈن رەڭگىڭدىن،
ئارزۇيۇم شول قۇچاغلىسام بىلىكىڭدىن،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

ھەمرا دەرلەر نە ئىش كۆردۇم ئىرادە،
ئاشىقلارنى رەقىب قويماس ئارادە،
مېنىڭ كۆڭلۈم يەتسەم مەقسۇد - مۇرادە،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

بۇنى ئىشىتكەن پەرىلەر غۇلغۇلە قىلىشىپ:
— بىزنىڭ پادىشاھ بىۋەفا ئادەمزادقا كۆڭۈل بېرىپدۇر، — دەپ ئاچچىقى كەلدى. ھۆرلىقا بۇنى ئىشىتىپ:
— ئەي ھەمرا، پەرىزادلار تولا غۇلغۇلە قىلادۇر. مەن باشتىن كۆك گۈمبەز ئىچىدە نىكاھ قىلغاندىن ئىپتىدا قىلىپ سوراي، سىز بىردىن-بىردىن جەۋاب بېرىڭ. پەرىزادلارنىڭ كۆڭلى تىنسۇن، — دەپ، ھۆرلىقا ھەمرادىن سوئال سورىغانلارى، ھەمرانىڭ جەۋاب بەرگەنلەرى:

ھۆرلىقا:
تۇتۇپ دەستۇ رۇمانىمدىن،
ئالىپ بارغان گۈلزارىمدىن،
ئۇلۇغ بابامنىڭ ئالدىدىن،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئىدى؟

ھەمرا:
تۇتۇپ دەستۇ رۇمانىڭدىن،
ئالىپ بارغان گۈلزارىڭدىن،
ئۇلۇغ باباڭنىڭ ئالدىدىن،
خىزىر ئىلياس پىرىم ئىدى.

ھۆرلىقا:
ھەممىدىن ئۈستۈن ئولتۇرغان،
قامەتلىرى بەلەند تۇرغان،
ھەيبەتى ئالەمگە تولغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئىدى؟

ھەمرا:
ھەممىدىن ئۈستۈن ئولتۇرغان،
قامەتلىرى بەلەند تۇرغان،
ھەيبەتى ئالەمگە تولغان،
ئۇلۇغ ئادەم ئاتام ئىدى.

ھۆرلىقا:
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان،
يارانلىرى بىلەن تۇرغان،

زىكرى ئاللاغە مەشغۇل بولغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئىدى؟

ھەمرا:
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان،
يارانلىرى بىلەن تۇرغان،
زىكرى ئاللاغە مەشغۇل بولغان،
پەيغەمبىرىم رەسۇل ئىردى.

ھۆرلىقا:
بېھىشتىن مەينى كەلتۇرگەن،
رەسۇلۇمغا قول باغلىغان،
ماڭا - ساڭا ۋەكىل بولغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى؟

ھەمرا:
بېھىشتىن مەي ئالىپ كەلگەن،
رەسۇلۇمغا قول باغلىغان،
ماڭا - ساڭا ۋەكىل بولغان،
شىرى خۇدا ئەلى ئەردى،

ھۆرلىقا:
يېشىل دەستار باشىدا تۇرغان،
يېشىل ئاسا قولىدا تۇتقان،
يارانلارى بىلەن تۇرغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى؟

ھەمرا:
يېشىل دەستار باشىدا تۇرغان،
يېشىل ئاسا قولىدا تۇتقان،
يارانلارى بىلەن تۇرغان،
ئۇۋەيس قىران پىرىم ئەردى.

ھۆرلىقا:
كىتابىنى قولغا ئالغان،
مېنى ساڭا نىكاھ قىلغان،
ئۇزۇن بويلۇق قارا ساقال،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى؟

ھەمرا:
كىتابىنى قولغا ئالغان،
سېنى ماڭا نىكاھ قىلغان،
ئۇزۇن بويلۇق قارا ساقال،
ئول ھەزرىتى ئۇمەر ئەردى.

ھۆرلىقا:
تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان،
يانغىل دەبان ئەمر قىلغان،
مەينى تۇتغىل دەپ بۇيرۇغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى؟

ھەمرا:
تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان،
يانغىل، دەبان ئەمر قىلغان،
مەي تۇتغىل، دەبان بۇيرۇغان،
پەيغەمبىرىم رەسۇل ئەردى.

پەرىزادلار مۇنى ئىشتىپ:
— بىزنىڭ غۇلغۇلە قىلىشقانىمىز بىكار ئىكەن. پادىشاھىمىز ھۆرلىقانى ئادەمزادغە خۇدايىتەئالانىڭ پەرمانى بىرلە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ باشلىق جەمئىي سەھابەلەر ھەزرىتى سۇلتان ئۇۋەيسقىران پادىشاھىمىنىڭ گۈمبەزلىرىدە نىكاھ قىلغان ئىكەن،— دېيىشتى، غۇلغۇلىسى پەست بولدى، ئاندىن كېيىن ھۆرلىقا چىنار تۈۋىگە كېلىپ ھەمرانى ئۆز شەھرىگە تەكلىپ قىلدى، ھەمرا چىناردىن چۈشۈپ ھۆرلىقانىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇلار بىر - بىرىگە سۆز قىلىشماي، ناز - كەرەشمەلەر بىلەن ئولتۇرۇشتى. ھۆرلىقا ئىچىدە: «مەن قىز بالا بولسام، ئاڭا سۆز ئايتۇرمەنمۇ» دەر ئىدى. ھەمرا بولسا: «مەن مۇساپىر بولسام، مەن نىمە دەرمەن» دەر ئىردى. ئاخىر ھۆرلىقا كۆڭۈل زەۋقىدىن ھەمراغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ كېچە بولۇرسەن مېنىڭ مېھمانىم،
بېرى كەلگىل ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.
سېنى دەپ كەلدىممەن گۈلزار باغىمدىن،
بېرى كەلگىل، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

سىنى دەپ كەلدىم چەھار باغىمدىن،
خەبەر ئالغىل مېنىڭ ئاھۇ زارىمدىن،
تەسەددۇق بولايىن شىرىن جانىڭدىن،
سۆيە كۆر، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

شافتالۇ ئۆزگىل سەن شىرىن لەبىمدىن،
ئەسەل ئالغايسەن مېنىڭ بۇلبۇل تىلىمدىن.
ئەلىفدەك قامەتىم، نازۇك بېلىمدىن،
قۇچاغلا، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

باغبان بولۇپ ئۆزگىل مېنىڭ گۈلۈمدىن،
ئۆرگۈلەيىن يارىم ئالتۇن باشىڭدىن،
سىنەم ئۆزرە تۇرغان قوش ئانارىمدىن،
تۇتۇپ كۆر، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

ئەمدى بىلدىم فانى دۇنيا پەندىنى،
يارىم كۆرگىل شىرىن لەبىم قەندىنى،
كۆكسۇمدەكى ئالتۇن تۇگمەم بەندىنى،
يەشىپ كۆرگىل، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

ھۆرلىقا ئايتادۇر: كۆرگىل ئارادە،
تىلەي يارىم بولسۇن ئۆمرۈڭ زىيادە،
بۇ كېچە مېنىڭ بىلەن مەقسۇد ـ مۇرادە،
يېتىپ كۆر، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

ئەلقىسسە، ھەمرا ھۆرلىقانىڭ چەھار باغىدا ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار. پەرىزادلار نەغمىنى ئۇتتۇز ئىككى سەداغا كەلتۈردىلەر.

ھەمرا بىر كېچەسى ئۇيقۇلاپ ياتىپ بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئاھ ـ زار چېكىپ ئەردى، ھۆرلىقا كۆڭلىدە: «بۇ ئادەمزاد ۋەفا قىلۇرمۇكىن دېسەم ۋەفا قىلمىغۇدەك» دەپ:

ـــ ئەي ھەمرا، مىسىردا مەندىن بۆلەك يارىڭ بارغا ئوخشايدۇ. شول يار مەھـ

بۇبۇك يادىڭغە كېلىپ ئاھۇ زار چەكتىڭ.ـــ دەپ ھەمرادىن سوئال سوراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھۆرلىقا:
باشىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئەي ھەمرا جانىم
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن؟
سۆزۈڭ ئىشىتمەگۈنچە يوقتۇر قەرارىم،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن؟
ھەمرا:
چىن ئاشىقمەن ھەزەر ئەتمەم ئۆلۈمدىن،
پەرۋايىم يوق سەندىن ئۆزگە يارىمدىن،
جۇدا تۇشۇپ ئايرىلدىم ۋەتەنىمدىن،
ئانىڭ ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرمەن.
ھۆرلىقا:
باغبانسەن، مۇندا ئانار باغىڭ بار،
باغىڭ ئىچرە ئالما ـ ئانارلارىڭ بار،
مىسىر شەھرىندە مەندىن ئۆزگە يارىڭ بار،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن.
ھەمرا:
سوئال قىلدىڭ، گۈزەل يارىم، مېنىڭدىن،
جۇدا بولدۇم ئاتا ـ ئانام، سىڭلىمدىن،
قورقۇنچۇم يوق سەندىن ئۆزگە يارىمدىن،
ئانىڭ ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرمەن.
ھۆرلىقا:
مەندىن ئۆزگە يار تۇتۇپسەن، ھەمراھىم
ئوتغە سالغان ئوخشە مېنىڭ بۇ جانىم،
يادىڭدا يىغلايمەن ھەردەم، ھەمراھىم،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن؟

باغ ئىچىندە بۇلبۇل سايرار گۈلۈڭ بار،
باشىم ئۆزرە ئالتۇن ـ گۆھەر تاجىم بار،
مەندىن ئۆزگە خوپ چىرايلىق يارىڭ بار،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن؟
ھەمرا:
ئاتام تۇشىدە ئاشىق بولدى بۇلبۇلغە،

ئۆچ قارىنداش ئىستەپ كىردۆك ئۆچ يولغە،
ئۆچ ئاي بولدى يېتەلمىدۆك مەنزىلگە،
ئانىڭ ئۆچۆن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرمەن.

هۆرلىقا:

پەرىدۇرمەن هەر يەردە هازىردۇرمەن،
هەر نە ئىشىڭ بولسا رەۋا قىلۇرمەن،
يارىڭ بار دەپ سەندىن گۇمان قىلۇرمەن،
سەن نە ئۆچۆن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن؟

هەمرا:

پادىشاھ خۇسرەۋ ئاتام كىردى تۆشۆمگە،
مېھرىبانىم ئانام كىردى تۆشۆمگە،
گۆلجەمىلە سىڭلىم كىردى تۆشۆمگە،
ئانىڭ ئۆچۆن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرمەن.

ئەلقىسسە، هۆرلىقا ئاندىن:

— ئەي هەمرا، سەن ئاتا خىزمەتى ئۆچۆن بۇلبۇلگويا قۇشنى ئىستەپ كېلىپسەن. تەقدىر ئىلاهى بىرلە ماڭا ۋاسىل بولدۇڭ. مەقسىدىڭنى كەلگەن زەمان ئىزهار قىلمادىڭ، هالا هەم تاپىلۇر. ئاتام شاهرۇخ شاھ ئۆچ ئىقلىمغە پادىشاھ ئەردى. ئاتام ۋەفات بولغاندىن كېيىن بىر يېرىم ئىقلىم كۇھىقاف بىلەن بۇلبۇلگويا قۇش ئىگىچىم هۆر زەئفىرانغا مىراس قالغان ئىدى. بىر يېرىم ئىقلىم كۇھىقاف بىلەن بۇلبۇل زەررىن ماڭا مىراس قالغان ئىدى. ئول هۆر زەئفىران شەهرى قۇلزۇمغە پادىشاهدۇر. مەن شەهرى شەبىستانغە پادىشاهدۇرمەن. بۇلبۇل زەررىننىڭ بۇلبۇلگويادەك يۆزمىڭ هەسسە خىسلىتى باردۇر. ئاتاڭىنىڭ قەستى بۇلبۇلگويادا ئىكەن. هالا بۇ كۆنلەردە قۇلزۇم خەلقى قىرىق كېچە-كۆندۆز ئۆيقۇلايدۇ. قاشىغا بارىپ هەرقانچە پەرياد قىلسا هەم ئەسلا تۆيمايدۇ. ئەي هەمرا، كىشى قوشسام ئالىپ كېلۇرسەنمۇ؟ — دېدى. هەمرا:

— خوپ بولغاي، — دېدى. ئاندىن هۆرلىقا جەمئىي دىۋە-پەرىلەرنى يىغدى ۋە ئۇلارغا:

— ئەي دىۋە-پەرىلەر، شەهرى قۇلزۇمدىن بۇلبۇلگويانى قايسىڭىز تېز ئالىپ كېلۇرسىز؟ — دەپ سورىدى. دىۋە-پەرىلەر:

— ئەمىر قىلساڭىز ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالىپ كېلۇرمىز، — دېدى. هۆرلىقا:

— ئەتىگەندىن كېچەگىچە هەمرا يارىمدىن ئايرىلۇرغە تاقەتىم يوقتۇر، — دېدى، شۇندا دىۋە سۇرۇخ:

— سىز «ئەلوەمدۇنى» باشلاڭ، «ۋەلەززالىن» غە يەتكۆنچە ئالىپ كېلۇرمەن، — دېدى. هۆرلىقا:

— هەمرانى ئالتۇن تەخت ئۆستىدە كۆتۆرۆپ باشىڭغا قويۇپ، دەريايى شامال، دەريايى ئاتەش، دەريايى سىماب بارچە خەتەرلەردىن ئۆتكۆزۆپ شەهرى قۇلزۇمغا ئالىپ بارىپ، هەر نە پەرمان قىلسا قەبۇل قىلغىل. يارىم هەمرا ئۆزى هۆر زەئفىراننىڭ ئورداسىغا كىرىپ بۇلبۇلگويا قۇشنى ئۆزى ئالىپ چىقسۇن، — دېدى. ئۇ يەنە:

— دىۋە-پەرىلەر، هەمراغا زەرەر يەتكۆزمەسۇن. سەهەت-سەلامەت قاشىمغا ئالىپ كەلگىل، — دەپ دىۋە سۇرۇخنى هەمراغا قوشۇپ يولغا سالدى. دىۋە سۇرۇخ هەمرانى بىرىنچى ئاسمانغا ئالىپ چىقىپ بارچە دەريالاردىن ئۆتكۆزۆپ، شەهرى قۇلزۇمغا هۆر زەئفىراننىڭ ئورداسىغا ئالىپ باردى. دىۋە سۇرۇخ هەمرانى باشىدىن ئالىپ يەرگە قويدى، هەمرا:

— ئەي دىۋە سۇرۇخ، مەن چىققۇنچە شۇبۇ يەردە تۇرغىل، — دېدى ۋە ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەتتى. ئۇ توققۇز دەر

ۋازەدىن ئۆتۈپ ئۇرداغا كىرسەلەر بۇلبۇلگويا قۇش ئالتۇن قەپەزدە ھەزار داستان يەڭلىغ سايراپ، خۇش ئاۋاز بىلەن ھۆر زەئفىراننىڭ باشىدا ئاسىغلىق تۇرغان، ھۆر زەئفىران بولسا ئالتۇن تەختتە ئۇيقۇلاپ ياتقان ئىكەن. ئۇيقۇلاغان پەرىلەرنى بىر-بىرىنىڭ قۇچاغىدىن تارتىپ ئالىپ ئۆلتۇرسەلەر ھەم ئەسلا تۇيمايدىكەن. ھەمرا ئاستا بارىپ بۇلبۇلگويا قۇشنى ئالتۇن قەپەز بىرلە ئالىپ، چىقىپ، سەككىزىنچى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، توققۇزىنچى دەرۋازىغا يەتكەندە ھەمرا ئۆزىگە: «ئاتام شاھ خۇسرەۋ بۇ قۇش ئۇچۇن بىزنى مۇنچە جاپالارغا سالدى. بۇ قۇشتا نىمە خىسلەت بار ئىكەن، بىر كۆرەي» دەپ ئويلاپ قەپەزنىڭ ئاغزىنى ئاچقان زامان ئول قۇش:

— ھەيھات! ئادەمزادنىڭ قەدەمى يەتتى! — دەپ بىر سايراپ ئىدى، ئۇنى مەغرىبدىن مەشرىققە ئىشتىلدى. ئاغزىدىن رەڭگارەڭ گۇللەر ئاچىلدى. جەمئىي دىۋە-پەرىلەر ئويغىنىپ كەتتى. ھۆر زەئفىران دەرھال قاراسالار بۇلبۇلگويا يانىدا يوق. ئۇ پەرىلەرگە:

— تۇتۇڭلار بۇ ئادەمزاد ئوغرىنى! — دەپ بۇيرىدى. پەرىلەر ھەمرانى تۇتۇپ ھۆر زەئفىراننىڭ قاشىغە ئالىپ كىردى. ھۆر زەئفىران دەرغەزەب بولۇپ:

— بۇ ئادەمزاد ئوغرىنى بىرىنچى ئاسمانغا ئالىپ چىقىپ يەرگە تاشلاڭلار. يەرگە تۇشۇپ بولغۇنچە گۆشتى پوستىدىن ئايرىلسۇن. ئۇستىخانلىرى تىرىقتەك ساچىلىپ كەتسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى. پەرىلەر ھەمرانى چاڭگاللىغان پېتى بىرىنچى ئاسمانغە ئالىپ چىقىپ كەتتىلەر. ئاڭغىچە دىۋە سۇرۇخ بارىپ ھۆرلىقاغە خەبەر قىلدىكىم:

— يارىڭىز ھەمرانى ئىگچىڭىز ھۆر زەئفىران تۇتۇپ بىرىنچى ئاسماندىن تاشلاشنى بۇيرۇدى. پەرىلەر ئانى بىرىنچى ئاسمانغا ئالىپ چىقىپ كەتتى. مەن سىزگە خەبەر قىلغالى كەلدىم، — دېدى. ھۆرلىقا بىر ئاھ تارتىپ قولىغا بىر چاڭگال تۇپراق ئالىپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دەم قىلىپ ئاسمانغا قاراتىپ ساچتى. بىر بىردەمدە پەرىلەر ھازىر بولدىلار. ھۆرلىقا:

— ئەي پەرىلەر، ھەمرانى ئىگەچىم ھۆر زەئفىران بىرىنچى ئاسماندىن تاشلىماقچى بوپتۇ. يۇرۇڭلەر تۇتۇپ ئالايلى، — دېدى. ئۇلار كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە شەھەرى قۇلزۇمغە يەتتى.

ھەمرا ئاسماندىن يەرگە چۇشكۇنچە خۇدايىتەئالاغا يىغلاپ مۇناجات قىلىپ:

— ئەي بارا خۇدايا، ئەجىلىم تۇگىگەن بولسا جان ئامانەتىنى ئالغىل، — دەپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يوقدىن بىزنى بار ئەيلىگەن بىرۇ بار،
بۇگۇن ماڭا رەھم ئەتا كۇنۇڭدۇر.
سەندىن ئۆزگە يوقدۇر ماڭا مەدەدكار،
بۇ كۇن ماڭا رەھم ئەتا كۇنۇڭدۇر.

بارچەمىزنىڭ ئاتاسىدۇر ئادەم سەفى،
ئىبراھىم، ئىسمائىل، يا نۇھى نەبى،
ئاندىن پەيدا بولدىلا يۇز مىڭ ۋەلى،
بۇ كۇن ماڭا رەھم ئەتا كۇنۇڭدۇر.

قۇدرەتىڭ كۆپدۇر ھەم ياراتقان سۇبھان،
مېنى بۇ دۇنيادا قىلما سەرگەردان،
ئىنسۇ جىنغا پادىشاھ بولغان سۇلەيمان،
بۇ كۇن ماڭا رەھم ئەتا كۇنۇڭدۇر.

تەۋراتنى ئوقۇغان ھەزرىتى مۇسا،
ئىنجىلنى ئوقۇغان ھەزرىتى ئەيسا،

زەبۇرنى ئەيلەدىڭ داۋۇدغە ئەتا،
بۇ كۆن ماڭا رەھم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ئاشىقلارنىڭ پىرى يۇسۇف-زىلەيخا،
مەزلۇملارنىڭ پىرى فاتىمە زوھرا،
ئائىشە سىددىق ھەم خەلىچە كۇبرا،
بۇ كۆن ماڭا رەھم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ئىشقدا كۆيدىلەر تاھىر ۋە زۆھرا،
لەيلى بىلە مەجنۇن جان بەردى ئۇدا،
فەرھاد بىلە شىرىن، ۋامىقۇ ئۇزرا،
بۇ كۆن ماڭا رەھم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

دىۋ پەرىگە پادىشاھ بولغان سۇلەيمان،
ياراتتىڭ بىزلەرگە زەمىنۇ ئاسمان،
كۇفرىلارنى قىرغان ئەلى شاھىمەردان،
بۇ كۆن ماڭا رەھم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ھەزرىتى ئىلياسدۇر ئالەمدە ۋەلى،
غەۋسۇلئەئزەم پىرىمدۇر ھەممىگە ۋەلى،
ھەمرانىڭ پىرىدۇر ھەزرىتى ئەلى،
بۇ كۆن ماڭا رەھم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ھەمرا ئاسماندىن كەبۇتەر يەڭلىغ مۇئەللەق ئۇرۇپ تۇشۇپ كېلۇر ئېردى. ھۆرلىقا پەرىزادلار بىلە يېتىپ كېلىپ تۇتۇپ ئالدى ۋە ئاستا يەرگە قويدى. ھۆرلىقا كۆردىكىم، ھەمرا بىھۇش بولۇپدۇر. جانى بار، يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمادى. ھۆرلىقا ئاھ تارتىپ، ھەمرانىڭ باشىدىن پەرۋانە يەڭلىغ چۆرۈلۈپ، ھۆكۈما-تەبىبلەرگە قاراپ ئايتقانلارى:

ئەھلى تەبىب، بارچەڭىزلەر كېلىڭلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم،
ھەمراجانغا داۋا بارمۇ، يارانلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

قۇرئەندازلار قۇرئى سالىپ باقىڭلار،
مۇنەججىملەر كىتاب ئاچىپ باقىڭلار،
كۆرگەن-ئىشتكەنلەر بولسا قىلىڭلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

يارىم ئۈچۈن جانغە ئوتنى ياقىڭلار،
مېنىڭ جىگەر-باغرىمنى ئالىپ باقىڭلار،
يارىم ئۈچۈن باشىمغە تۇپراق ساچىڭلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

ئاچقۇ بېرىڭ خەزىنەدار قولىغە،
ئىلماسۇنلار دۇنيا مالىن كۆزىغە،
قىرىقمىڭ خەزىنەم بار خۇدا يولىغە،
نىسار ئەيلەپ بېرەيىن ئالىڭ، جانلارىم.

يەنە قىرىقمىڭ قۇلۇمنى ئازاد قىلايىن،
يارىم ئۈچۈن باغرىمنى بەريان ئەيلەيىن،
ياقام تۇتۇپ دادۇ فەرياد ئېيتەيىن،
بۇ يارىمغا شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

كېلىڭلار تەبىبلەر داۋا قىلىڭلار،
زەر شەھرىن بېرەيىن ئانى ئالىڭلار،
ئاپارىپ مېنى قۇل دەپ ساتىڭلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

ھۆرلىقا دەر: مېنىڭ بەختىم قارادۇر،
يار دەردىدە مىسكىن كۆڭلۈم يارادۇر،
يارىم ئۈچۈن يۈرەك-باغرىم كۆيەدۇر،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

ئەلقىسسە، ھۆكۈمالار كىتاب كۆرۈپ ئايتتىكى:

— ئەي ھۆرلىقاجان، قورقماسۇنلار، بىھۇش بولۇپدۇر، — دەپ، ھەمرانىڭ يۈزىگە گۇلاب سەپتى. ھەمرا سەسكەنىپ ھۇشىغە كەلدى. ئاڭغىچە ھۆر زەئفىران كېلىپ:

— ئەي هۆرلىقا، سىز نېمە ئۈچۈن بىر ئادەمزادغە مۇنچە ئەۋۋارە بولاسىز؟ ئادەمزاد دېگەن هېچ ۋەقتىدە پەرىزادغە مۇۋافىق كەلمەس، — دەپ ئېدى، هۆرلىقا ئايتتىكى:

— ئەي ئىگىچىم هۆر زەئىفران، بېهۇدە سۆزنى قىلماغىل. مېنىڭ بۇ يارىم ئۈچۈن جانىم پىدادۇر. سەن نېمە خىيال قىلۇرسەن؟ — دېدى. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ هۆر زەئىفران:

— ئەي هۆرلىقا، يارىڭنى مۇنچە تەئرىف قىلۇرسەن. ئانداغ بولسا يارىڭنىڭ يۈزىدىن نىقابىنى ئالغىل، مەن بىر كۆرەي، — دېدى. هۆرلىقا:

— ئەي هۆر زەئىفران، يارىمنى كۆرەدۇرغان بولساڭ بۇلبۇلگويانى يارىم باشىدىن نىسار قىلغىل، — دەپ ئېدى، هۆر زەئىفران تاقەت قىلالماي بۇلبۇلگويانى هەمرانىڭ باشىدىن نىسار قىلدى. ئاندىن هۆرلىقا هەمرانىڭ باشىدىن نىقابىنى ئالدى. هەمرانىڭ جەمالىدىن بىر ئىشق ئوتى چىقىپ، هۆر زەئىفرانىنىڭ سىنەسىدە بەند بولدى. هۆر زەئىفران:

— ئاه، شېرىن جانىم پىدا بولسۇن، جەمالىڭدىن ئۆرگۈلەي، — دەپ، كەبۇتەر يەڭلىغ مۇئەللەق يىقىلىپ بېهۇش بولدى. بىر سائەتدىن كېيىن هۇشىغە كېلىپ ئايدىكى:

— ئەي هۆرلىقاخان، بۇ يارىڭغە مېنى شېرىك قىلغىل!

بۇنى ئاڭلاپ هۆرلىقا:

— ئەي ئىگىچىم هۆر زەئىفران، مەن هايات تۇرۇپ، بۇ يارىم هەرگىز سىزگە رەۋا كەلمەس، — دېدى. هۆر زەئىفران:

— ئەي هۆرلىقا، ئانداغ بولسا يارىڭنى بىر كېچە ماڭا بەرگىل. مەن چەهار باغىمغە ئالىپ كىرىپ، ئالما-ئانارلىق باغىمدا مېهمان قىلاي، — دېدى. هۆرلىقا ئۇنامادى. هۆر زەئىفران هۆرلىقاغە يالبارىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

باشىڭدىن ئۆرگىلەي، هۆرلىقاخان،
شول يارىڭنى ماڭا بەرسەڭ نە بولغاي.
شېرىن جانىم ساڭا ئەيلەيىن قۇربان،
سۆيەر يارىڭ ماڭا بەرسەڭ نە بولغاي.

بىر كېچە يارىڭنى مېهمان ئەيلەسەم،
ئەزىز جانىم ئاڭا قۇربان ئەيلەسەم،
تازە گۈللارىمغە باغبان ئەيلەسەم،
بىر كېچە يارىڭنى بەرسەڭ نە بولغاي.

هەمرا ئۈچۈن كۆيەر بۇ تەنىمدە جان،
پىدا بولسۇن ئاڭا مۇنداغ يۈز مىڭ جان،
جەمالىڭدىن ئۆرگىلەي، هۆرلىقاخان،
بىر كېچە يارىڭنى بەرسەڭ نە بولغاي.

بۇ يارىڭ ئۈچۈن فەرياد ئېتەرمەن،
يارىڭنى بەرمەسەڭ ئۆلۈپ كېتەرمەن،
بۇ يەرلەردىن باشىمنى ئالىپ كېتەرمەن،
بىر كېچە يارىڭنى بەرسەڭ نە بولغاي.

دەپ زار-زار چۇن ئەبرى نەۋبەهار يىغلاپ تۇردى. هۆرلىقا:

— ئەي هۆر زەئىفران، سەن ئۆزۈڭنى مۇنداغ ئەۋۋارە قىلما. مەن بار تۇرۇپ بۇ يارىم ساڭا ئەسلا رەۋا كەلمەيدۇ، — دەپ يېقىن كەلتۈرمەدى، هۆر زەئىفران ئىزا تارتىپ:

— ئانداغ بولسا بۇ شەهەردە سۇلۇك قازى دەپ بىر قازى بار، ئانىڭدىن سوراي. رەۋا كەلمەس دېسە سىزنىڭ بەختىڭىز. ئەگەر رەۋا كېلەدۇر دېسە مەن سىز بىلەن

سۆزلىشەي، — دېدى. هۆرلىقا:

— خوپ بولغاي. ئەي هۆر زەئفىران ئىنگىچىم، بۈگۈن ئۇغرى كىشىدەك قاپاقىڭىزنى ئۇشۇرۇپ بەھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ، قازىنى ھىمايىچى قىلۇر بولدۇڭىز. بارلىق، يول بولسۇن، — دېدى.

هۆر زەئفىران قازىغە كىشى بۇيرۇدى. بىر پەرى قازىنىڭ قاشىغە بارىپ:

— ئەي قازى ئاخۇنۇم، ئۆزلەرىنى پادىشاھىم هۆر زەئفىران چىرلايدۇر، — دېدى.

بۇ قازى ئوتتۇز يىلدىن بېرى هۆر زەئفىرانغە ئاشىق ئېردى. جەمالىنى ھەرگىز كۆرەلمەس ئېردى. بۇ سۆزنى ئېشىتىپ خوشلۇقىدا دەرھال قوپۇپ ئالدىراشلىقتا ئىگەرنىڭ ئالدى قاشىنى ئاتنىڭ كەيىنگە، قۇشقۇنىنى بويىنغە توقۇپ، ئاتغە مىنىپ رەۋان بولدى. بۇ پەرى قازىنىڭ ئالدىدا كېلىپ هۆر زەئفىرانغە خەبەر قىلدى. هۆر زەئفىران هۆرلىقانىڭ ئالدىدىن ئوغرىدەك غىمتىلايىپ چىقىپ كەتتى. هۆرلىقا بىر پەرىگە:

— بارغىل، ئارقاسىدىن چىقىپ ماراپ تۇرغىل. ئىنگىچىم هۆر زەئفىران قازىغە نېمە دەيدۇ، — دەپ بۇيرۇدى. بۇ پەرى هۆر زەئفىراننىڭ ئارقاسىدىن چىقىپ بىر يەردە ماراپ تۇردى. هۆر زەئفىران قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جەمالىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئاي يۈزلۈك قازى،
قازى ماڭا نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.
سەدىقەڭ كېتەيىن گۈل يۈزلۈك قازى،
قازى ماڭا نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

قۇلزۇم شەھرىنىڭ نىسپىنى بېرەيىن،
قىرىقمىڭ خەزىنەم بار ئانى بېرەيىن،
جامە، ئالتۇن دەستار، تونلار بېرەيىن،
قازى ئەئلەم، نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

قىرىقمىڭ قىز بېرەي قولى ھۈنەرلىك،
قىرىقمىڭ قۇل بېرەي ئالتۇن كەمەرلىك،
قىرىقمىڭ ئات بېرەي ئالتۇن ئىگەرلىك،
قازى ئەئلەم، نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

ھۆكم قىلىپ، سۆزۈڭدىن يانىپ كەتمەگىل،
سەئي قىلىپ باشىڭنى بېرىپ كەتمەگىل،
سەدىقەڭ كېتەيىن سۆزۈم ئۇنۇتماغىل،
قازى ئەئلەم نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، قازىنى دۇنيادىن بىھاجەت قىلدى. ئول قازى هۆر زەئفىراننىڭ بويىننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ لەبلەرىدىن شافتالۇ، ئەيىنالۇ ئۈزۈپ مۇرادىغە يەتتى. ئاندىن هۆرلىقانىڭ يارىنى رەۋا بولادۇر، دەپ پەتۋا قىلىپ بەردى. ھېلىقى پەرى كىرىپ هۆرلىقاغە بولغان ۋەقەلەرنى بەيان قىلدى. ئارقاسىدىن هۆر زەئفىران بىلەن قازى كىردى. هۆرلىقا قازى بىلەن هۆر زەئفىراننىڭ يۈزىگە قارالاسا ھەر ئىككىلەسىنىڭ ھالى ئۆزگەچە بولۇپدۇر. ئاندىن هۆرلىقا قازىنى قىيامەت سەھراسىدىن قورقۇتۇپ نېمە دەيدۇ قېنى:

جەمالىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئاي يۈزلۈك قازى،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.
سەدىقەڭ كېتەيىن، گۈل يۈزلۈك قازى،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.

خۇش كېلىپسىز قازى بىزنىڭ ئاراغە،
يالغان سۆزلەپ رىزا بولۇڭ قازاغە،
قانىڭىز ساچىلۇر ئۇشبۇ سەھراغە،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.

مەن بار تۇرۇپ نىكاھ رەۋا توشۇرمۇ،
قازى ئەئلەم شۇنداغ پەتۋا بېرەرمۇ،

ئاخىرەتكە بارماي مۇندا قالۇرمۇ،
قازى ئەئۇلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.

ئاگلا مەھشەرگاھدا ھىساب كۆنىدە،
ئالغانلارىڭ تارازۇگە تۈشكەندە،
قىلغان گۇناھلارنى ئاندا تارتقاندە،
قازى ئەئۇلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقا قازىغا غەزەب بىرلە بىر قارالاپ ئىدى، قازى ھۆر زەئىفرانغا باقىپ:

— سىگىلگىز ھۆرلىقانىڭ يارى سىزگە رەۋا كەلمەس ئىكەن، — دىدى. ھۆر زەئفران ئاندا:

— ئەي قازى، ئۆيدە بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ يالغان پەتۋا بىرەرسەن. ھالا ئەمدى سۆزۈڭگە تۇرمايسەن، — دىدى.

قازى:

— كىتاب كۆرمەي سەھۋەن بولۇپدۇرمەن، — دەپ ئىدى، ھۆر زەئفران ئىزا تارتىپ، ئاچچىقدا قازىغا نىمە دەيدۇ، ئاگلايلى:

ئۆيدە ۋەئدەلەر قىلدىڭ،
ۋەئدەڭگە تۇرمادىڭ قازى.
ئاخىر ئەمدى نىمە بولدۇڭ،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

قازى ئەئۇلەم بوپ يۈرۈپسەن،
ھارام پايدانى ئالىپسەن.
يالغان پەتۋالار بىرىپسەن،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

ھۆر زەئفران نىمە قىلسۇن،
تەنىڭنى پارە-پارە قىلسۇن.
قىزىڭ مەندەك ئاشىق بولسۇن،
ئاندىن قەدرىم بىلگىن قازى.

قىرىقىمىڭ قۇلنى ساڭا بەردىم،
قىرىقىمىڭ قىزنى ساڭا بەردىم،
قىرىقىمىڭ ئاتنى ساڭا بەردىم،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

قۇلزۇم نىسپىن ساڭا بەردىم،
زەربەفت تونلار ساڭا بەردىم.
دىگەنىڭنى بارىن بەردىم،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

بۇ سۆزۈمنى ئاگلاپ تۇرغىل،
زىھنىڭ بىرلەن ھۇشيار بولغىل،
ئۆلۈمگە سەن باشىڭ بەرگىل،
تەماشالار كۆرگىل قازى.

ئەلقىسسە، ھۆر زەئفران ئايتتىكى:

— ئەي ھۆرلىقا، بۇ قازىنىڭ جەزاسى ئۇشبۇدۇر، — دەپ، قازىنى ئىشەككە تەتۈر مىندۇرۇپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ بازارغە ئاچىقىپ، دارغە ئاسىپ تىير باران قىلىپ، ئاندىن ھۆرلىقاغە يالبارىپ نىمە دەيدۇ قىنى:

قارا بوز ئات كەلتۈرۈڭ يولنىڭ ئۈستىگە،
ئادەمزاد كەلتۈرۈڭ جاننىڭ قەسدىگە،
خەنجەر قويارمەن ئەمدى سىنەم ئۈستىگە،
رەھىم ئەيلەگىن سەن ماڭا، ئەي ھۆرلىقاخان.

شەمشەر بىلەن چانىتىڭ ئەمدى بىلەككە،
جاندىن كەتمەس ئوتنى سالدىڭ يۈرەككە،
كىچە-كۈندۈز ئارام بەرمەي يەتتى سۆڭەككە،
رەھىم ئەيلەمەيسىز ماڭا ھۆرلىقا خان.

ئاخىر چاغدا باقمادىڭ مىنىڭ يۈزۈمگە،
ئانداغ مەھبۇب كۆرۈنمەس ئەمدى كۆزۈمگە،
بەختىم قارا ئىكەن داغى ئۆزۈمگە،
قالدىم ئاخىر دەردىگە مەن، ھۆرلىقا خان.

ئەلقىسسە، ھۆر زەئفىران ھۆرلىقا بىلەن خوبلاشىپ، زار-زار چۈن ئەبىرى نەۋ بەھار يىغلاپ، ئۇرداسىغە كىرىپ كەتتى. ھۆرلىقا ھەمرا بىلەن بۇلبۇلىگويا قوشنى ئالتۇن قەفەس بىلەن ئالىپ، شەھرى شەبىستانىغە يانىپ كەلدى.

بىر كۈنى ھەمرا ئۆز شەھىرىگە يانغالى ھۆرلىقادىن رۇخسەت تىلەدى. ھۆرلىقا يىغلاپ، رۇخسەت بەرمەدى. پەرىلەر ھۆرلىقاغە ئايتتىكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، كىشى ئۆز يۇرتى، ئاتا-ئاناسىنى سېغىنماسۇنمۇ؟ رۇخسەت بەرسۇنلەر، — دېدى.

— ئۆز شەھرىگە بارسا بىزنى دەرد-ئىشتىياقدا قويۇپ، كەلمەس، — دېدى ھۆرلىقا. پەرىلەر ئايتتىكى:

— ئەي ھۆرلىقاخان، رۇخسەت بەرسۇنلەر، كېلۇر. كەلمەي قايان بارۇر. ئەگەر سىزلەردىن مەرغۇب كىشى تاپسا كەلمەسۇن، — دېدى. ھۆرلىقا ئايدى:

— ئانداغ بولسا قارار قىلىپ ئىبەررۇرمەن. بىقارار ئىبەرمەسمەن، — دېدى. ھۆرلىقا يەنە ئايدى:

— ئەي ھەمرا، ئۈچ ئايدا كېلىك، — دەپ قارار قىلىپ يولغا سالدى. ئۆزى پەرىلەر بىلەن تۆت كۈنلۈك يەرگە كېلىپ خوبلاشىپ يىغلاپ نىمە دەيدۇ قېنى:

— مۇندىن كېتەر بولدۇڭ مىسرى شەھرىگە،
پات كېلۇرمۇسەن ھەمرا يارىم خوش ئەمدى.
ئاللاھ سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
پات كېلۇرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

—مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن سېنىڭ قاشىڭغە،
يىغلامىغىن، پەرىزادىم، خوش، ئەمدى.
ئامان بولسام كېلۇرمەن سېنىڭ قاشىڭغە، —
پات كېلۇرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— يىغلاماي نەيلەيىن كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
مۇھەببەتىنىڭ رىشتەسى جاندىن ئۈزۈلدى،
ماڭا ئەزەلدە ئۇشبۇ قىسمەت يازىلدى،
پات كېلۇرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— مېنى كەتتى دەبان بولما سەرگەردان،
قارلاپ باقىڭ يارىم جانىمغە دەرمان،
ئامانلىق بولسا بۇ تەندە خەستە جان،
پات كېلۇرمەن پەرىزادىم خوش ئەمدى.

— قىزىل گۈلدەك ئاچىلىپ خەزان بولماغىل،
مۇندىن كېتەر بولدۇم دەپ كۆڭۈل ئۈزمەگىل،
مەئشۇقىڭغە بىۋەفالىق قىلماغىل،
پات كېلۇرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— سېنىڭدەك دىلبەردىن جۇدا بولىغۇنچە،
ئۆلگەن ياخشى دۇنيادا تىرىك يۈرگۈنچە،
بىسەبىرلىك قىلماغىل تا مەن كەلگۈنچە،
پات كېلۇرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— مەگەر كەلسەڭ ئۈچ ئايغىچە سەبرىم بار،
گەر كەلمەسەڭ تا ئۆلگۈنچە ماتەمدار،
ئاشىقلارغە بۇ يول ئۆزرە قۇربەت بار،
پات كېلۇرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— ئەجەل يېتىپ پەيمانەسى تولماسا،
ئەزىز باشىم يول ئۈستىدە قالماسا،
سىينەلەردىم مېنىڭ چاك-چاك ئولماسا،
پات كېلۇرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— ئاندا بارىپ بىزلەرنى ئۇنۇتماغىل،
بىزلەرنى ئۇنۇتۇپ يارى تۇتماغىل،
مەھكەم تۇتقىل كۆڭلۈڭنى ھەرگىز ئۈزمەگىل،
پات كېلۇرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— ئاندا بارىپ سىزلەرنى ئۇنۇتماسمەن،
كېچە-كۈندۈز كۆز ياشىمنى قۇرۇتماسمەن،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماسمەن،
پات كېلۇرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— قىزىلگۇلدەك نىگارىمدىن ئايرىلدىم،
بۇلبۇل يەڭلىغ قىزىل گۇلدىن ئايرىلدىم.
ياقام تۇتۇپ، ساچىم يازىپ سىيرىلدىم،
پات كېلۇرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— مېنى كەتتى دەپ، يارىم مەلال بولماغىل،
ساچىڭ يازىپ، ياقاڭنى چاك قىلماغىل،
خۇدانىڭ دەرگاھىغە ئاھ ئۇرماغىل،
پات كېلۇرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

ئەلقىسسە، ھەمرا يىغلاپ يولغە كىرـ
دى. ھۆرلىقا ئايدى:
— ئەي يارىم ھەمرا، باشىڭغە ھەر
ۋاقىتتا بىر مۇشكىل ئىش كەلسە، بۇ
ساچنى ئۇتغە سالغىل. شول زەمان ھازىر
بولۇرمەن، — دەپ ئۇچ تال زۇلفى ساچىـ
نى ھەمرانىڭ ياقاسىغە بەند قىلىپ بەرـ
دى. نەچەند نەسىھەتلەرنى قىلىپ ھەمـ
راغا قاراپ يىغلاپ نىمە دەيدۇ قېنى:

ئۇشبۇ كۇندە ئۇلۇم بولسا ھەمراھىم،
ئالسا جاننى جەبر ئەيلەمەي ئىلاھىم،
ئەفغان ئۇرۇپ نالە ئەيلەي سەھەردە،
ئالسا جانىمنى جەبر ئەيلەمەي ئىلاھىم.

قادىر ئىگەم ھەجر ئۇتىغە سالماسا،
ئۇتلار سالىپ يارىم قاشىمدا تۇرماسا،
يارىم كېتىپ تەندە تاقەت قالماسا،
ئالسا جانىمنى جەبرئەيلەمەي ئىلاھىم.

مەن نەيلەيىن يىغلامايمۇ جۆرىلەر،
ھەمرا ئۇچۇن ئاللاھ جاننى بەردىلەر،
يارىم كېتىپ خۇش سۆزلەرى قالدىلەر،
ئالسا جانىم جەبرئەيلەمەي ئىلاھىم.

نە بولدىكىن قارا باسىپ قالدىمۇ،
تۇشۇمغە كىرىپ قىيامەتلەر بولدىمۇ،
قەفەسۇس يەڭلىغ ھەمرا جانىمنى ئالدىمۇ،
ئالسا جانىم جەبرئەيلەمەي ئىلاھىم.

ئەلقىسسە، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قاراـ
سى يىتكۇنچە خوبلاشىپ، رىزالاشىپ،
يىغلاشىپ ياندى. ھەمرا بۇلبۇلگويا
قۇشنى ئالىپ، نەچەند يول يۇرۇپ، چۆلـ
لەرنى كېزىپ ئۇچ يول ئاراسىغە يېتىپ
كەلدى، قاداپ قويغان ئۇچ تال ئوق تەـ
غەييىر تاپماپدۇر. ھەمراھ ئىككى ئاغاسىنى
ئىزدەپ، بىرىنى ئاشپەزگە ئوت قالاپ ئولـ
تۇرغان يېرىدىن، بىرىنى كاللاپەزگە ئوت
قالاپ ئولتۇرغان يېرىدىن تاپىپ ئالىپ،
مىسىر شەھرىگە رەۋان بولدىلار. ئىككى
ئاغاسىنىڭ ساچى مۇرىسىگە تۇشۇپدۇر.
باشىنى تۇشۇرتۇپ، ھاممامدا غۇسلى قىلـ
دۇرۇپ، ئەڭلىگە ياخشى سەرۇپالارنى كەيـ
دۇرۇپ، بىردىن ئاتقا مىندۇرۇپ ئۇچۆيلەن
يولغا رەۋان بولدى. ھەمرا يولدا ئاكالاـ
رىغا باشتىن ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بىر - بىر
بەيان قىلدى. ئاكالارى ھەيران بولۇپ
بارۇر ئېردى، ناگاھ بىر چەشمە لەبىگە
كېلىپ چۇشتى. ھەمرانىڭ كۆزى ئۇيقۇغە
باردى. ئىككى ئاكاسىنىڭ ئاناسى بۆلەك
ئېردى. ئۇلار مەسلەھەت قىلدىكى: «بىز
مۇشۇنداق بارساق ئاتىمىز ھەمرانى ئەتـ
ۋالاپ، پادىشاھلىقنى ئاڭا بېرۇر. ھەمرانى
شۇبۇ يەردە يوق ئېتىپ، بۇلبۇلگويانى بىز
ئالىپ بارساق، بىرىمىز پادىشاھ، بىرىمىز
ۋەزىر بولساق...» دېيىشىپ، ئول ئىككۆيـ
لەن ھەمرانى كۆتىرىپ باسىپ، قول - پۇـ
تىنى چىرماپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ ئىككى
كۆزىنى ئويۇپ ئېلىپ، بۇلبۇلگويا قۇشىنىڭ
ئالدىغا تاشلاپ بەردى. ئاندىن ھەمرانى
چاھقا تاشلاپ، چاھنىڭ ئاغزىغا خىشـ

خەشەكلەرنى قويۇپ، قۇشنى ئالىپ كېتەر بولدى. ھەمراجان چاھنىڭ تېگىدە ياتىپ ئاغالارنىڭ كېتەر بولغانىنى بىلىپ، زار-زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھىممەت قۇرىنى بېلىغە باغلاغان،
ھىجران ئوتىدا سىينەلەرىن داغلاغان،
كەلمىدى دەپ يولغا قاراپ يىغلاغان،
شاھ خۇسرەۋ ئاتامغە دۇئا دېگەيسەن.

بۇلبۇلگويا قۇشنى ئالىپ كەلتۈرگەن،
پەرىزاد شەھرىدە سەپەرلەر قىلغان،
ھۆرلىقا پەرىگە خىزمەت يەتكۈرگەن،
يۇسۇفنى سالغان چاھدا قالدى دېگەيسەن.

ئەرز ئايتۇرغە يوق ئانىڭ ئەزىز مەھرەمى،
ھەمرا ئۆزى يالغۇزدۇر يوقدۇر مەھرەمى،
جەراھەتدۇر ئەزاسى، يوقتۇر مەرھەمى،
يولداشىدۇر ئىلان - چايان دېگەيسەن.

توققۇز ئاي، توققۇز كۈن مېنى كۆتەرگەن،
ھەر سەھەردە قوپۇپ ئاق سۈتنى بەرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كەمالغا يەتكۈرگەن،
مېھرىبان ئانامغە دۇئا دېگەيسەن.

خاتىرىمدىن چىقماغاي ھېچ مۇنداق داغى،
كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى فىراقى،
كەمالغا يەتمەيىن ئۆچتى چىراغى،
گۈلجەمىلە سىگلىمغە دۇئا دېگەيسەن،

كۆزلەرى ئويۇلغان كۆرەرگە يوق كۆزى،
بۇلبۇلگوياغە بەرگەندۇر يوقتۇر كۆرمەكى،
ئاخىر ۋەقتىدە ھەمرا قۇلنىڭ تىلەكى،
تەڭرىنىڭ گەۋھەرى ئىمان دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، ھەمرا چاھنىڭ ئىچىدە قالدى. ئىككى ئاكاسى بۇلبۇلگويا قۇشنى ئالىپ يولغە كىردى. مىسىر شەھرىگە يېقىن يەتتى. شەھەر خەلقى پادىشاھ خۇسرەۋغە: «شاھ قاسىم، شاھ ئەندۇقلار مىسىر شەھرىگە كەلدى» دەپ خەبەر قىلدى. پادىشا خۇسرەۋ خۇشھال بولۇپ ئالدىغە چىقتى. ھەمرانىڭ سىگلىسى گۈلجەمىلە ھەم چىقتى، قارلاسە ھەمرا كەلمەپدۇر. كېيىنرەك كېلۇرمىكى دەپ ئارقاسىغە قارلاسە ھېچكىم كۆرۈنمەپدۇر. گۈلجەمىلە ئاكاسىنىڭ ئوت پىراقىدا يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

جىگەر بەندەم ياشىم قانغا ئۆرۈلدى،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.
تەلىيىمگە پەلەك تەتۈر چۆرۈلدى،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

ئەمدى مېنىڭ تىرىكلىكىم گۇماندۇر،
يىراقلىق تاغلىرىنىڭ باشى تۇماندۇر،
بۇ يىراقلىق شۇم ئۆلۈمدىن ياماندۇر،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

قېرىنداشىم بىزدىن كۆڭۈل ئۈزدىمۇ،
قىزىل يۈزى سارغايىبان سولدىمۇ،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانە تولدىمۇ،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

گۈلجەمىلە دۇرمەن ئۆزۈم ناتەۋان،
قېرىنداشىم دەردىدە يۈرەك - باغرىم قان،
تىرىك بولسا كېلۇر ئىدى بۇ زەمان،
نە بولدىكىن دېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

ئەلقىسسە، گۈلجەمىلە ئوتقە تۈشكەن يىلاندەك تولغانىپ، پەرۋانە يەڭلىغ چۆرۈلۈپ، زار - زار چۈن ئەبرى نەۋ بەھار

يىغلادى، ئىككى ئاغاسى ئايدى:

— ئاكائىنى بىز كۆرمىدۇك، — دەپ شەهەرگە كىردى. پادىشاه بۇ قۇشنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولۇپ بۇ ئىككى قاراقچىنى ياخشى كۆردى. پادىشاه بۇلبۇلگويانى ئالدىدا قويۇپ ئەندەك سۆز قاتتى، كۆلمەدى. ئەرتەسى يەنە بىر سۆز قاتتى، كۆلمەدى. پادىشاه دەرغەزەپ بولۇپ بۇلبۇلگويا قۇشنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. بۇلبۇلگويا ئايتتىكى:

— ئەي پادىشاهى ئالەم، مېنى نە ئۈچۈن ئۆلۈمگە بويرۇيسەن؟— دېدى.

پادىشاه ئايدى:

— ئەي بۇلبۇلگويا، سېنى مەن پەرزەندلەرىمنى بۇيرۇپ، ئۇزاق يەردىن كەلتۈرسەم، نېمە ئۈچۈن كۆلمەيسەن؛— دېدى.

بۇلبۇلگويا ئايدى:

— ئەي پادىشاه، ئەۋۋەل مەن هاردىم - ئاچتىم، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ غەرىب - مۇساپىر بولدۇم. ئىككىنچىدىن، مەن بىر كىشىگە قارالىق - ماتەمدار، — دېدى.

پادىشاه ئايدى:

— سەن كىمگە قارالىق تۇتۇرسەن،— دەپ ئىدى، بۇلبۇلگويا ئايدى:

— ئەي بىئەقىل پادىشاه، سېنىڭ مۇنداغ هەددىدىن ئاشقان كەززاب بالالارىڭ نېمەنى ئالىپ كېلۇر؟ سەن خەيال قىلماغىلكى بۇ ئىككى بالام ئالىپ كەلدىمكىن، دەپ. مېنى ئالىپ كەلگەن پەرزەندىڭنى بۇ ئىككى قاراقچى كۆزىنى ئويۇپ ئالىپ هەزرىتى يۇسۇف ئەلەيهىسسەلامنى سالغان چاهقە تاشلادى، — دەپ پادىشاهقە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

قولاق سېلىپ ئەرزىم ئىشت، پادىشاهىم،
ئەقلى هوشۇڭ، قەرارىڭدىن ئايرىلدىڭ،
ئەمدى هەرگىز ئېچىلماس بەختى سىياهىڭ،
گۈلىستانۇ گۈلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

قەزا فەلەك خىرمەنىگە ئوت چۈشكەندۇر،
دۈشمەن بىرلە هەمرا مەجلىس قۇرغاندۇر،
تەهقىق بىلگىل گۈلۈڭ خەزان بولغاندۇر،
ئالمان قۇشۇڭ، شۇڭقارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

نەشىمىدەك پوستىن نەچۈك سويدىلار،
ئىككى ئوغلۇڭ ئىككى كۆزىن ئويدىلار،
قولىن باغلاپ بىر قۇدۇققە سالدىلار،
تاغ يىقىلدى، چىنارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

سەمەن باغدىن تاپىپ مېنى كەلتۈرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كەمالىمغا يەتكۈرگەن،
ئاكالارىن كاللاپەزدىن قۇتقۇزغان،
يۇرت ئىگىسى غەمخارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

بۇلبۇلگويا ئايتۇر: كۆڭلۈڭ راهەتى،
پەرزەند بولۇر ئادەمزاد مىۋەسى،
قويۇڭنىڭ قوزىسى، قۇلۇڭ كەنجەسى،
قىزىلگۈلدەك پەرزەندىڭدىن ئايرىلدىڭ.

پادىشاه بۇلبۇلگويادىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئاه بالام، دەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تىنماي سەهەر پەرياد ئېتىپ،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى.
يىرتىپ ياقامنى چاك ئېتىپ،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى.

ئىبراهىمدەك ئوتقا كىرسەم،
ئىسمائىلدەك قۇربان بولسام،
مەنسۇر كەبى دارغا ئاسىلسام،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى.

زىكرىيادەك ئەررە قويسام،
بايەزىددەك چۆللەر كەزسەم،
ئەلى يەڭلىغ باشىم بەرسەم،
تاپارمەنمۇ بالام سىنى.

قىرىقىمىڭ قۇل ئازاد قىلسام،
قىرىقىمىڭ قوي نەزىر قىلسام،
قەقنۇس كەبى ئوتقا كىرسەم،
تاپارمەنمۇ بالام سىنى.

خۇسرەۋ ئايتۇر: مەن بىر غەرىب،
غەم بىرلە قالدىم سارغارىپ،
يەتتە ئىقلىمنى ئاختارىپ،
تاپارمەنمۇ بالام سىنى.

دەپ زار - زار يىغلاپ ئىدى، ھەمرانىڭ ئانىسى كېلىپ يىغلاپ جانى چۆرۈلۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەجر ئوتى جانىم ئۆرتەدى،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.
سەبرى قارارىم قالمادى،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

پەرزەند دېگەن بىر گۈل بولۇر،
شامۇ سەھەر بۇلبۇل بولۇر،
ئاتا - ئاناغە قۇل بولۇر،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

پەرزەندى يوقنىڭ جانى يوق،
مەجلىسكە كىرسە جايى يوق،
ئالەمدە مەشھۇر ئاتى يوق،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

نە سەۋدا جۇشتى باشىمغا،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا،
زەھەر قوشۇلدى ئاشىمغا،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

ئېگىز تاغلار ھەم پەست بولدى،
شىرىن جانىمغا قەست بولدى،
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

ماھى دەرلەر مېنىڭ ئاتىم،
يۈرەكىمدە يانار ئوتۇم،
يەتمەس ئاللاغە بۇ دادىم،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

ئەلقىسە، ھەمرانىڭ چاھقە چۈشكەنىنى بىلىپ، گۈلجەمىلە سىڭلىسى پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ھەسرەتىمدە خەستە جانىنى ئوتقا ياقارمەن جىگەرىم،
كەلمەدى دەپ ھەر تەرەپلەرگە باقارمەن، جىگەرىم،
كۈندە سىزنى ياد ئېتىپ ئۆيدىن چىقارمەن، جىگەرىم،
ھەجر ئوتىغە تۇتاشىپ سۇدەك ئاقارمەن، جىگەرىم،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

بىر كېتىپ بىزدىن سىرىنى ئايتماي ئۆتتى، ۋادەرىغ،
سۇندى شاخى، گۈللىرى ئاچىلماي ئۆتتى، ۋادەرىغ،
فانى دۇنيانىڭ مەزەسىن بىلمەي ئۆتتى، ۋادەرىغ،
ئىككى ئاغاسى قولىدىن ئۆلمەي ئۆتتى، ۋادەرىغ،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

بەرمەدى جەبرى فەلەك ئاغامنىڭ ئىشغا رەۋاج،
نەچۇك ئەيلەپ قۇدۇق ئىچرە ياتتىڭ، ئەي نازۇك مىزاج،
نەيلەيىن مەن بەندەئى بىچارەدۇرمەن نائىلاج،
قادىر ئاللاھ قۇدرەتىڭدىن ئول ناتەۋانغا قىل ئىلاج،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

گۇلشەنۇ باغى ئىرەمدە بىرگۇلى رەئنائىدى،
بىر لەتافەتلىك نىھالۇ بىر ئۆزى تەنها ئىدى،
ئىككى دۇنيا ئىچرە بولغان گەۋھەرى يەكتا ئىدى،
شىرىن سۆزلۇك، قەمەر يۈزلۇك، بىر ئىپسىل بەرنا ئىدى،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

ھەسرەتىڭدە ئەمدى قالدىم زار- سەرگەردان بولۇپ،
ياش تۆكۇپ يىغلار ئاناڭ ئىككى كۆزى گىريان بولۇپ،
يار- دوستۇڭ يىغلاشۇر ۋەسفىڭدە باغرى قان بولۇپ،
بۇ سەبەبدىن مەن شىكەستە خاتىرى ۋەيران بولۇپ،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

نە ئۇچۇن قادىر ئىگەم بىزنى قىلمىشتۇر غەرىب،
بۇ غەرىبلىق بىرلە قالدىم زەئىفراندەك سارغارىپ،
مەن ئاكامنىڭ دەردىدە داد ئەيلەيىن كىمگە بارىپ،
زارلانىپ قالدىم ئاغامنىڭ يوللارىغا تەلمۈرۈپ،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

بولمادى بۇ دۇنيا ئىچرە زەررىچە دەۋران ئاڭا،
تەڭرىدىن كەلدى قەزا چىدارغا يوق دەرمان ئاڭا،
ئەيلەدى جۇملە خەلايىق بارچەسى ئارمان ئاڭا،
ھەقتەئالا ئەتا قىلغاي گەۋھەرى ئىمان ئاڭا،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

ئەلقىسسە، پادىشاھ بۇلبۇلگويانى ئۇچۇردى. پادىشاھ ئەركان دۆلەتلىرى بىلەن ئول قۇشنىڭ ئارقىسىدىن رەۋان بولدى. قۇش ئول چاھنىڭ بېشىدا قوندى. پادشاھ چاھنىڭ لەبىگە كېلىپ قىچقىردى. ئەسلا ئاۋاز بولمادى. ھەمرا كۆڭلىدە «ئىككى ئاغاممىكىن...» دەپ گۇمان قىلىپ جىم تۇردى. شۇندىن كېيىن گۇلجەمىلە چاھقا قاراپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاغام دەپ سەن مېنى گۇمان ئەيلىمە،
بەختى قارا ھەمراجانىم بارمۇسەن؟
مېنىڭ روزگارىمنى زىندان ئەيلىمە،
سىڭلىڭدۇرمەن، ھەمراجانىم بارمۇسەن؟



ھەسرەتىڭدە كۆزدە ياشىم سەل بولدى،
كۆيە-كۆيە خەستە جانىم كۆل بولدى،
قارا كۆزۈڭ، شەھلا چەشمەڭ كور بولدى،
ھەمرا ئاكام مېھرىبانىم بارمۇسەن؟

سەنسىز كۈنۈم ئۆتكەي ئاھۇ فىغاندا،
نەچۈك كەچتى ھالىڭ يالغۇز زىنداندا،
تىرىكلىكىڭ قويدى بىزنى گۇماندا،
مېھرىبانىم دىل ئارامىم بارمۇسەن؟

تەڭرىم مۇراد-مەقسىدىنى بەرمىگەن،
بۇ دۇنيادا بەش كۈن دەۋران سۈرمىگەن،
جاپا چېكىپ راھەتىنى كۆرمىگەن،
ناتەۋانىم، مېھرىبانىم بارمۇ سەن؟

گۇلجەمىلە ئايتۇر جانىم قېرىنداشىم،
فىراقىڭدا ئاقار بولدى كۆزدىن ياشىم،
يالغۇزلۇقتا ھالىڭ نەدۇر ئەي سىرداشىم،
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ھېچ قاياشىم،
جانىم ئاكام ھەمراجانىم بارمۇسەن؟

ھەمرا چاھنىڭ ئىچىدە ياتىپ ئاتا ئانا، سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ، ئۆلگەن كۆڭلى تىرىلىپ: «مۇنداغ غەمناك يەردە مېنىڭ ھالىمنى سورغۇچى نەچۈك قىرىنداشىمدۇر» دەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىمنى سوردۇڭ، كىمنى دېدىڭ قىچقىرغان،
مېنىڭ مۇندا نەچۈك قېرىنداشىم بار.
كىم سەن ئۆزۈڭ كوھنە دەردىم قوزغىغان،
مېنىڭ مۇندا نەچۈك قېرىنداشىم بار.

مەرھەمەت ئىستەسەم ئەلى قەبرىدىن،
ئانا باشقا قېرىنداشىڭ جەبرىدىن،
كۆڭۈل مەقسۇدىغا يەتسەم سەبرىدىن،
مېنىڭ مۇندا نەچۈك قېرىنداشىم بار.

ھەمراجان دەر: ھەقدىن سۆزلەپ ئۆتەرمەن،
بۇ چاھ ئىچرە يىغلاپ يالغۇز ياتارمەن،
ھەسرەت بىلەن بۇ فانىدىن كېتەرمەن،
مېنىڭ مۇندا نەچۈك قېرىنداشىم بار.

ئاندىن گۇلجەمىلە ساچىنى ھەلقە قىلىپ چاھغە سالدى. ساچ ھەمرانىڭ پېشانەسىدىن ئۆتۈپ ئاغزىغە تۈشتى. ھەمرا ساچنى مەھكەم تىشلەدى. گۇلجەمىلە تارتتى. ھەمراھ چاھنىڭ ئىچىدىن تاشقارى چىقىپ

خۇدايىتەئالاغا شۈكرى سەنا ئايتىپ، شە-
ھەر خەلقىنىڭ ئۈنىنى ئىشىتىپ، ئاتا-ئا-
نىسىنىڭ ئۈنىنى تونۇپ، زار-زار چۇن
ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

مىسىردىن كەلگەن يارانلار،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.
ئۇلۇغ-كىچىك مېھرىبانلار،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

كۆرەي دېسەم كۆزۈم يوقتۇر،
سۆزلەي دېسەم تىلىم يوقتۇر،
تۇتاي دېسەم قولۇم يوقتۇر.
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

ئېگىز تاغلار پەست بولدى،
شىردىن جانىمغە قەست بولدى،
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

ھەمرا ئايتۇر: بۇ نە چاغدۇر،
بەختىم مېنىڭكى قارادۇر،
يۈرەك-باغرىم ھەم يارادۇر،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

ئەلقىسسە، ھەمرا ئاتا-ئاناسى، سىڭ-
لىسى، شەھەر خەلقى بىلەن كۆرۈشكەن-
دىن كېيىن ئايتتىكى:

— ئەي سىڭلىم گۈلجەمىلە، ماڭا
ئوت كەلتۈرۈپ بېرىڭ!

گۈلجەمىلە ئوت كەلتۈرۈپ بەردى.
ھەمرا ياقاسىدىكى ھۆرلىقانىڭ ساچىنى
ئالىپ ئوتغە سالدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نە كۈنلەر چۈشتى باشىمغا،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.

رەھىم ئەيلەگىل كۆز ياشىمغا،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.

كۆپ جەفا سالدى جانىمغا،
قۇلاق سالغىل فەريادىمغا،
مۇرۇۋۋەت ئەيلە ھالىمغا،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.

ھەمرا دەرلەر: ئۈمىد سەندىن،
جانىم كۆيەر ھەسرەتىڭدىن،
كۆڭۈل ئۈزمىسەڭ گەر مەندىن،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.

شول ۋاقىتدا ھۆرلىقا شەھرى شەبىس-
تاندا ئولتۇرۇپ:

— ھەمرا يارىم ئۈچ ئايلىق قەرەل-
دە كېتىپ ئېردى، بىر رەنجىگە گىرىفتار
بولدىمىكى، — دەپ يادلانىپ ئولتۇرۇر ئېر-
دى، دىماغىغە ساچىنىڭ دۇدى كەلدى.
شۇل زەمان پەرىلەرگە باقىپ نېمە دەيدۇ:

دۇد يەتتى، دەرمان يەتتى،
يارىمدىن خەبەر يەتتى.
كەلتۈرۈڭلەر ئالتۇن تەختى،
قوپۇڭلار يارغا بارالى.

كەلتۈرۈڭلەر تىللا تەختى،
ياپىڭلار كىمخاب، زەربەفتى.
ئاچىلسۇن يارىمنىڭ بەختى،
قوپۇڭلار يارغە بارالى.

كەلتۈرۈڭلەر شەرابىنى،
قۇيۇڭلار پىيالىنى،
ئىچىڭلار شەرابىنى،
يۈرۈڭلەر يارغە بارالى.

كېلۇرمەن دەپ كېتىپ ئېردى،
كېلۇر مۇددەتىدىن ئۆتتى.
ياكى ئاڭا بىرئىش بولدى،
يۈرۈڭلەر يارغە بارالى.

كۆنلەر چىقىپ چاشگاھ بولدى،
يارنىڭ ئوتى ماڭا يەتتى،
ۋاقىت ئۆتتى نېمە بولدى،
يۈرۈڭلەر يارغە بارالى.

دەپ، دەرھال كۆك كەپتەر سۈرىتىگە كىرىپ ئۇچتى. ئارقاسىدىن پەرىلەر رەۋان بولدى.

ھەمرانىڭ قۇلاقىغا پەرىلەرنىڭ شەپىسى كەلدى. شول زەمان ھۆرلىقا ھەمرانىڭ يېنىغا چۈشتى. ھەمرانىڭ باشىنى تىزىغا ئېلىپ باقسالار ئىككى كۆزى يوق. ھۆرلىقا زار-زارىيىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سۆزلە دوستۇم نە ئىش چۈشتى باشىڭغا،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.
غافىل ئەردى قۇلۇڭ كەلدى قاشىڭغا،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

قېرىنداشىڭ باسىپ كۆزۈڭ ئويدىمۇ،
نەسىمىمدەك گوشتى پوستىن سويدىمۇ،
قولۇڭ باغلاپ چاھ ئىچىگە سالدىمۇ،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

يارىمنى سالغان چاھقا مېنى سالىڭلار،
يارىم ئۈچۈن مېنىڭ جانىم ئالىڭلار،
كۆزۈم ئويۇپ يار كۆزىگە سالىڭلار،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ھۆرلىقا دەر، ئەجەب بەختىم قارادۇر،
يىراقلىقتىن يۈرەك-باغرىم يارادۇر،
ئەمدى مېنىڭ جانىم چىقسا رەۋادۇر،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ئەلقىسسە، ئاندىن ھۆرلىقا ئايىتتىكى:

— يىغلىماقتىن پايدا يوق. ھەمرانىڭ كۆزىنىڭ چارىسىنى قىلايلى،— دېدى ۋە:

ھەمرانىڭ كۆزى قەيەردە،— دېدى، بۇلبۇلگويا:

— مېنىڭ قاناتىمنىڭ ئاراسىدا،— دەپ كۆرسەتتى. ھۆرلىقا خۇشلۇقىدا قىرىق قۇل ئازاد قىلدى. ئاندىن ئىككى پەرىنى ئابى ھەيات سۈيى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە يەنە ئىككى پەرىنى ئىرەم باغىدىن بىر ئاق، بىر قىزىل گۈل ئالىپ كېلىشكە بۇيرىدى. «ئەگەر بىر سائەتتە يېتىپ كەلمىسەڭلەر باشىڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلۇرمەن» دېدى.

پەرىلەر راۋان بولدى. بىر سائەتتە يېتىپ كەلدى. ھۆرلىقا خۇشال بولۇپ ئابى ھەيات سۈيىدە كۆزنى يۇيۇپ، جايىغا سالۇردا ئىسمى ئەزەمنى ئۈچ مەراتىبە ئوقۇدى.

ئەلقىسسە، ھەمرانىڭ كۆزىنى جايىغا سالىپ بىر سىلىغان ئىدى، كۆزى ئاۋۋالقىدەك تازا ۋە روشەن مۇنەۋۋەر بولدى. كۆرۈشكىلى كەلگەن بارچە خەلايىقنى كۆردى. ھەمرا يىغلاپ تۇرۇپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەي يارانلار، مۇسۇلمانلار،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەلى.
بىزلەر بىلەن بىللە يۈرگەن،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەلى.

ياتقان يېرىم زىندان ئىچى،
رەقىبلەردىن ئالاي ئۆچى،

بۇندا كەلگەن ئۇلۇغ - كىچى،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەلى.

ئاتام - ئانام مېھرىبانىم،
كۈچ - قۇۋۋەتىم ھەم دەرمانىم،
گۈلجەمىلە شېرىن جانىم،
كەل ئۇكاجان كۆرۈشەلى.

بۇلبۇل چېكەر ئاھۇ زارى،
گۈلدىن بولماس غەيرى يارى،
كۆرەي جانانلار دىيدارى،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەلى.

مەكتەپتە ھەمسەبەق بولغان،
بىر - بىرىگە سىرداش بولغان،
مېنىڭ بىلەن يولداش بولغان،
كېلىڭ دوستلار كۆرۈشەلى.

ھەمرا ئايتۇر: ھەقتۇر ئىشىم،
نە سەۋداغە چۈشتى باشىم،
ئىككى جەھاندا يولداشىم،
ھۆرلىقاجان كۆرۈشەلى.

دەپ، ھەمرا ھەممەلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئاندا خۇسرەۋ شاھ ئايدىكى:

— ئەي ۋەفادار ئوغلۇم، ئاكىلىرىڭ ساڭا بۇ جەفالارنى سالدى. ئەمدى سەن ھەرنە قىلساڭ قىل!

ھەمرا:

— ئەي ئاتا، بۇلارنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم. بۇلارنى ئۆلتۈرمەك. بۇلارنى كاللاپەز بىلەن سابۇنچىغا شاگىرت بەرمەك كېرەك.

شۇ چاغدا مىسىر خەلقى شاھ قاسىم بىلەن شاھ ئەندۇقلارنى مەجلىستىن قوغلاپ چىقاردى. بۇلار پادىشاھلىقتىن نائۇمىد بولۇپ بۆلەك شەھەرگە بېرىپ، كاللا پەزنىڭ ئۇچىقىغا ئوت قالىغىلى تۇردى.

پادىشاھ خۇسرەۋ ھەمراغا:

— ئەي ئوغلۇم، ئەمدى مەھبۇبەڭ ھۆرلىقانى شەھەرگە تەكلىپ قىلغىل، — دېدى.

ھەمرا ھۆرلىقانى مىسىرغا تەكلىپ قىلىپ تىللا سازنى قولىغا ئېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يۈز كېتىلى بىزنىڭ يۇرتقا دىلبىرىم،
يەنە مۇنداغ يېڭى زەمان تاپىلماس.
مېھمان بولغىل بىزنىڭ يۇرتقا دىلبىرىم،
غەنىمەت دەم سەندەك مېھمان تاپىلماس.

بۇ دۇنيا بەش كۈنلۈكتۇر ئوينىغان قالۇر،
تاڭلا گوردا ھەر كىشىنى باشقا قويۇر،
ئاخىر ئامانەتنى ئىگىسى ئالۇر،
شۈكرى لىللاھ يەنە بۇ جان تاپىلماس.

غافىل بولما ئۆتەر ئەرەنلىك يىلى،
ئۆتكەرمە قولۇڭدىن نەۋبەتىڭ ۋەلى،
ئول يېرىڭدە قالدى ئەرمەنى گۈلى،
مۇندا ساڭا گۈلۇ رەيھان تاپىلماس.

ھۆرلىقا ھەمرانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ شەھەرگە يۈردى. پادىشاھ خۇسرەۋ خۇشال - خۇررەم بولۇپ مىسىرغا يەتتىلەر، شەھەرنى ئائىنەلەر باغلاپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ ئەقدى نىكاھ بىرلە ھۆرلىقانى ھەمراغا ئالىپ بەردى. ھەمرانى ئۆز ئورنىدا مىسىرغا پادىشاھ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى بۇ ئالەم فانىدىن ئاخىرەت باقىغە رېھلەت قىلدى.




(چۆچەك)

پەرەڭ شەھرىدە خوجا سەئىد دېگەن بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ مېھرى ئىسىملىك پەرىزاتتەك گۈزەل بىر جۆرىسى بار ئىدى. خوجا سەئىد مېھرىنى بالا قىلىپ بېقىۋالدى ۋە ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈردى. مېھرى يەتتە ياشقا تولغاندا خوجا سەئىد ئۇنى مەكتەپكە بېرىپ، مۇئەللىمگە تاپشۇردى.

شۇ شەھەردە خوجا پەرروخ ئاتلىق يەنە بىر سودىگەر بولۇپ ئۇنىڭ خوجا ۋاپا ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ئۇمۇ شەھەردىكى بىر مەدرىسىدە ئوقۇيتتى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا مېھرى مەكتەپتىن قايتىپ شۇ يولدىن ئۆتتى. خوجا ۋاپانىڭ كۆزى مېھرىگە چۈشتى. شۇئان مېھرىنىڭ كىرپىك ئوقى خوجا ۋاپانىڭ قەلبىگە تەگدى. خوجا ۋاپا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىر ئاھ ئۇردى. نەزم:

كۆيدۈرۈپ باغرىمنى چىققان ئاھتىن،
كېلىدۇ كۆيگەن كاۋاپلارنىڭ ھىدى.

مېھرىمۇ خوجا ۋاپانى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئاشىق بولدى.

مېھرى ئۆيىگە يېتىپ باردى. خوجا ۋاپانىڭ پىراقىدا كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. خوجا ۋاپامۇ بۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

تاڭ ئاتتى. مېھرى ئادىتى بويىچە مەكتەپكە ماڭدى. خوجا ۋاپامۇ مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ مېھرىنىڭ ئىشتىياقىدا ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا مېھرى يولدىن ئۆتتى. خوجا ۋاپا ئالمان - تالمان پەشتاقتىن چۈشۈپ مېھرىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي قىز، نەگە ماڭدىڭىز؟ كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟

— مەن خوجا سەئىدنىڭ قىزى بولىمەن. مەكتەپكە كېتىۋاتىمەن.

— سىزنىڭ ئىشتىياقىڭىزدا بىقارار بولدۇم. بۇنىڭ ئىلاجى بارمۇ؟

— ئەي يىگىت، مەنمۇ سىزنىڭ جامالىڭىزغا مۇشتاقتۇرمەن. سىزگە مەسلىھەتىم شۇكى، سىز بىزنىڭ مەكتەپكە ئالمىشىڭ ۋە «مەن باللارغا خەلپەت بولسام» دەپ مۇئەللىمگە ئىلتىماس قىلىڭ. ئەگەر سىزنى خەلپەت قىلىپ قويسا سىز ماڭا دەرس ئۆگىتىسىز. شۇ چاغدا بىز مۇرادىمىزغا يېتىمىز.

مېھرى شۇ گەپلەرنى دېدى - دە، مەكتەپكە قاراپ راۋان بولدى. خوجا ۋاپا ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. بۇ كېچە ھەر ئىككىلىسى ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزدى.

سەھەردە خوجا ۋاپا مېھرىنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ، مۇئەللىمنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا:

— مېنى خەلپەت قىلىپ قويسىڭىز، باللارغا ساۋاق ئۆگەتسەم. ئۆزۈممۇ شۇ ئارقىلىق جۇزئىياتقا كامىل بولسام، ئۇلارغا ئۆگەتكىنىمنىڭ ساۋابى سىزگە بولسا... — دېدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنى باللارغا خەلپەت قىلىپ قويدى. خوجا ۋاپا باللارغا دەرس ئۆگىتىشكە باشلىدى. كەچتە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى ئۆيىگە بىللە قايتتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: «ئەتە مەكتەپكە سەن بۇرۇن كەلسەڭ مېنى بىرنى سۆيگىن. ئەگەر مەن بۇرۇن كەلسەم سېنى بىرنى سۆيەي» دەپ ۋەدە قىلىشتى.

ئەتىسى خوجا ۋاپا مېھرىدىن بالدۇراق مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. ئۇ مېھرىنى قوغلاپ يۈرۈپ بىرنى سۆيىۋالدى. خوجا ۋاپا مەكتەپتە باشقا باللارغا بىر قېتىم ئۆگەتسە، مېھرىگە ئون قېتىم ئۆگىتەتتى. ئۇ كۈنمۇ ئۆتتى، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ھەر ئىككىسى «ئەتە قايسىمىز بالدۇر مەكتەپكە كەلسەك ئىككىنى سۆيەيلى» دەپ ۋەدە قىلىشتى.

ئەتىسى مېھرى بالدۇر كەلدى ۋە خوجا ۋاپا كېلىشى بىلەن ئۇنى ئىككىنى سۆيۈپ قويدى. بۇ كۈنى ئۇلار «ئەتە قايسىمىز بالدۇر كەلسەك ئۈچنى سۆيىمىز» دېيىشىپ مەكتەپتىن ياندى. ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز پىكرى - خىيالى بىر بىرىسىدە بولۇپ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

بىر كۈنى مېھرى مەكتەپكە كەلمىدى. مۇئەللىم مېھرىنى چاقىرىشقا بالا ئەۋەتتى. مېھرىنىڭ ئاتىسى خوجا سەئىد:

— مېھرى ئەمدى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. تالا - تۈزگە چىقىپ يۈرسە ئانچە ياخشى ئەمەس. خەلپەت ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۆيگە كېلىپ دەرس ئۆگەتسۇن، — دېدى.

ھېلىقى بالا مەكتەپكە بېرىپ خوجا سەئىدنىڭ ئېيتقانلىرىنى مۇئەللىمگە يەتكۈزدى. مۇئەللىممۇ خوجا سەئىدنىڭ ئېيتقىنىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ:

— مېھرىگە ياخشى ئۆگىتىڭ، — دەپ تاپىلاپ خوجا ۋاپانى يولغا سالدى.

خوجا ۋاپا مېھرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ خوجا سەئىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەن مېھرىنىڭ خەلپىتى بولىمەن. سىلى ئۆيگە كېلىپ مېھرىگە دەرس ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلغان ئىكەنلا، شۇڭا كەلدىم، — دېدى.

— تاھايىتى ياخشى، — دېدى خوجا سەئىد ۋە مېھرىنىڭ دەرس ئۆگىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي ئاجرىتىپ بەردى. خوجا ۋاپا بىر قانچە كۈن بۇ ھۇجرىدا مېھرىگە تەلىم بەردى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا دەرس ئۆگەتكىلى كەلمىدى. مېھرى: «نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟ ۋاپا نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟ يا مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەنمىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ھەيران بولدى.

ئەسلىدە خوجا ۋاپانىڭ ئاتىسى خوجا پەررۇخ مەككىگە بارماقچى بولۇپ قېلىپ، خوجا ۋاپانى ئۆيدە تۇتۇپ قالغانىدى. ئۇ ئوغلىغا:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئاتا-ئانا ھەرگىز تېپىلمايدۇ. ئاتا-بالا ئىككىمىز بىللە ھەرەمگە بېرىپ، مەككىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسەك، تەڭرى تائالا بىزنى ئىككىلا ئالەمدە مۇرادىمىزغا يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس. مەن بىلەن بىللە سەپەرگە چىققىنىڭ ياخشى،— دەپ بىر مۇنچە نەسىھەت قىلدى.

— خوپ دادا، سىز نەگە بارسىڭىز مەنمۇ بىللە بېرىشقا تەييار،— دېدى خوجا ۋاپا.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا-بالا ئىككىيلەن سودىگەرلەردەك ياسىنىپ، قېچىرلارغا نۇرغۇن ماللارنى يۈكلەپ، بىر قانچە خىزمەتكارلارنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

ئۇلار خوجا سەئىدنىڭ كوچىسىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە خوجا ۋاپا ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، مەن مەكتەپكە كىرىپ ساۋاقداش، دوست-يارانلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي،— دەپ كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا مېھرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىشىگە ئىچكىرىدىن بىر دېدەك چىقىپ كەلدى. خوجا ۋاپا ئۇنىڭغا:

— سەن كىرىپ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خانىشاچاڭغا ئېيتقىن،— دېدى.

مېھرى چىقىپ كۆردىكى، ۋاپا ئارغىماققا مىنىپ، سەپەر كىيىملىرى بىلەن تۇرۇپتۇ. مېھرى خوجا ۋاپانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. چۆرىلىرى دەرھال لەززەتلىك تائاملارنى ھازىرلىدى. مېھرى خوجا ۋاپادىن سورىدى:

— مەن سىزنى سەپەرگە جابدۇنغاندەك ھېس قىلدىم. نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— ئاتام بىلەن بىللە مەككىگە بارماقچى بولغانىدۇق. سىز بىلەن خوشلىشىۋالاي دەپ كەلدىم.

— بىزنىڭ بىرەر سائەت ئايرىلىشقىمىزمۇ كۆزىمىز قىيمايتتى. ئەمدى قانداقمۇ چىدىيالارمىز؟

— ئەي جانىم، ھازىر ئىختىيارىم ئۆز قولۇمدا ئەمەس. ئاتامنىڭ زورى بىلەن كېتىۋاتىمەن. خۇدايىم مېنى ساق-سالامەت قايتىپ كەلگىلى نېسىپ قىلسا، سىزنىمۇ ئاللا ئىگەم سالامەت ساقلىسا، شۇ چاغدا نىكاھ بىلەن مۇراد-مەقسىتىمىزگە يەتكەيمىز.

— ئۇنداق بولسا،— دېدى مېھرى زار-زار يىغلاپ تۇرۇپ،— ماڭا خەنجىرىڭىزنى يادىكارلىق سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كېتىڭ. مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، سىز بىلەن ۋىسال شارابىنى ئىچىشنى كۈتىمەن. ئۆلۈمگە رازىلىق بېرىمەنكى، سىزدىن باشقا كىشىگە رازىلىق بەرمەيمەن.

خوجا ۋاپا دەرھال بېلىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ مېھرىگە بەردى ۋە:

— ئەي مېھرى، مەنمۇ سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتەلمىسەم، ھاياتلىق رىشتىمنى قازا قىلىچى بىلەن كېسىپ، ئالەمدىن كېتىمەن. ھېچقانداق ئىنسانغا كۆڭۈل بەرمەيمەن،— دېدى.

بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق كۆز ياشلىرىدىن دەريا ھاسىل قىلىپ خوشلاشتى.

خوجا ۋاپا ئاتىسى بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى. شۇ ماڭغىنىچە مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئاخىرى باغداد شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە خوجا پەررۇخ باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى.

خوجا ۋاپا ئاتىسىنى ھەزرىتى ئىمام ئەزەمـ
نىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلـدى ۋە تۇپـراق
بېشىدا ئولـتۇرۇپ يەتـتە كېـچە ـ كۈندۈز
قۇرئان تىلاۋەت قىلـدى. ئانـدىن ئۇ مەكـ
كىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىش نىيـتى بىلەن
يولغا چۈشتى.

ئەلقىسسە، مېھرىنىڭ ئاتىسى خـوجا
سەئىد ناھايىتى چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇ
ھەر قېتىم كوچىغا چىققىنىدا باشـقا سودـ
گەرلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۇنىـڭغا قول
قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئادـ
تى بويىچە بازارغا چىقتى. ئەمما ھېچكىم
ئۇنـىڭغـا پـەرۋا قىـلـمىدى. خوجا
سەئىد بۇ ئەھۋالـدىن تولـمـۇ رەنجىـدى.
ئۇ ئـۆيىـگە قايتىـپ كـېلىـپ ئايالـىدىن
سورىدى:

— ئەي بۇۋى، دىلىمغا سەپەر ئىشـ
تىياقى چۈشۈپ قالدى. قولىمىزدا قانچىلىك
نەرسە بار؟

— ئەي خوجا، كۆزگە ئىلىـنغۇدەك
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتـكەن تۇرـ
سىڭىز، ئۆيدە يەنە نېمە قالاتتى، — دېدى
خوجىنىڭ ئايالى.

— ئۇنداق بولسا مېھرىنى چۆرىلىككە
بېرىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى سەپەر جابدۇقىغا
ئىشلىتىمەن، — دېدى خوجا سەئىد.

— بۇ قانـداق گەپ بولدى ئەمـدى؟
بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئۆز قىزىنى چۆرىلىككە
بەرگەنلىكىنى نەدە كۆردىڭىز.... — دىدى
خوجىنىڭ ئايالى. خوجا سەئىد ئېيتتىكى:

— مېھرى قانداقمۇ مېنىڭ قىزىم
بولسۇن. ئانا ـ بالا ئىككىڭلەرنى چۆرىلىككە
ياللاپ ئالغانمەن، چۆرىلىككە بەرگۈم كەلسە
بېرىۋېرىمەن.

خوجىنىڭ ئايالى ئامالسىز پەرياد
ئۇرۇپ قالدى. خوجا سەئىد بولسا دەللالـ
لارغا «مېنىڭ بىر چۆرەم بار، ئۇ شۇنـداق
گۈزەلكى، پەقەت پادىشاھنىڭ ئوردىسىغىلا
لايىق. ئۇنى چۆرىلىككە بەرمەكـچىمەن»
دېدى.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھ كېنىزەك
ئېلىش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈرگەنىدى.
دەللاللار دەرھال ۋەزىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ
«خوجا سەئىد سودىگەرنىڭ بىر چۆرىسى
بار ئىكەن...» دەپ خەۋەر قىلدى ۋە ئۇنى
خوجا سەئىدنىڭكىگە باشلاپ كەلدى. خوجا
سەئىد ۋەزىرنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ
كىردى. داستىخان سېلىپ نازۇ ـ نېمەتلەر
بىلەن مېھمان قىلدى. ئاندىن كېيىن
ئۇ ئايالىنىڭ قېشىغا چىقىپ:

— مېھرىنى چىرايلىق ياساندۇرۇڭلار،
ئۇ تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتسۇن، —
دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا ئۇنى ياساندۇرىدىكەنمەن.
ئۇنچىلىك ئاۋارە بولمىسامۇ مېھرىنىڭ
خۇدا بەرگەن ھۆسنى ـ جامالى بار، —
دېدى.

خوجا سەئىد مېھرىنى ۋەزىرنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كىردى. مېھرى گويا بېھشـ
تىن چىققان ھۆر ـ پەرىگە ئوخشاپ قالـ
غانىدى. ۋەزىر مېھرىنى كۆرۈپلا ھوشىنى
يوقاتتى. ئۇ مېھرىگە ئاشىق بولغانىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ھوشىغا كېلىپ دېدىكى:

— ئەي خوجا، بۇ قىزنىڭ ئىش ھەقـ
قى قانچە؟

— مۇشۇ چۆرىدەك ئون باراۋەر كېـ
لىدىغان كۈمۈش بېرىڭ.

ۋەزىر ئۇنىڭ دېگىنىنى بېرىپ قىزنى
چۆرىلىككە ئالماقچى بولدى. ئەمما دەللالـ
لار ئارىغا چۈشۈپ:

ــ ئەي خوجا، ئالته باراۋەر كۈمۈش بېرەيلى قانداق دەيسىز؟ ــ دېدى. خوجا سەئىد ماقۇل بولدى. ۋەزىر خۇشاللىقىدا دەرهال ئۆز يېنىدىن كۈمۈش چىقىرىپ خوجا سەئىدكە تۇتقۇزدى ۋە مېهرىنى مەپىگە سېلىپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ راۋان بولدى.

مېهرى ئۆيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا خوجا سەئىد ئۇنىڭغا «كېيىنكى كۈنلەردە هاجىتىڭگە ياراپ قالار» دەپ مىڭ تەڭگە بەرگەنىدى. ۋەزىر خىزمەتكارلىرىغا «مېهرىنى ئارقامدىن ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىڭلار...» دەپ تاپشۇرۇپ، ئۆزى مېهرىنى كۈتۈشنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدىن ئۆيگە يۈرۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا مېهرى چۈشكەن مەپە مەكتەپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. مېهرى ئۆزىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان خىزمەتكارلارغا:

ــ مۇشۇ مەكتەپتە مېنى ئوقۇتقان مۇئەللىمىم بار. ئۇنى چاقىرىپ بېرىڭلار، كۆرۈشۈۋالاي، ــ دېدى.

مۇئەللىم يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. مېهرى ئۇنىڭغا سالام قىلدى ۋە هېلىقى مىڭ تەڭگىنى مۇئەللىمگە بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ:

ــ خوجا سەئىد مېنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە تۇتۇپ بەردى. ئەگەر خوجا ۋاپا كېلىپ قالسا خەۋىرىمنى سىزدىن ئاڭلىسۇن. ئۇنىڭغا سالىمىمنى ئېيتىپ قويۇڭ. بىز ئىككىمىز ۋەدىلەشكەنىدۇق. مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلمەن...، ــ دېدى. ئاندىن مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.

ۋەزىر ئالاهىدە بىر ئىمارەت سالدۇرغانىدى. مېهرىنى شۇ ئىمارەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بىرمۇنچە كېنىزەك ـ چاكارلارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويدى. مېهرى هاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ۋەزىر مېهرىنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇ مېهرىگە مۇهەببەت توغرىسىدىكى هېكايىلارنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى ـ مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇ بىتاقەت بولۇپ مېهرىگە قول ئۇزاتتى. مېهرى خەنجىرى بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، خەنجەر ۋەزىرنىڭ ئوقرىكىدىن كىرىپ، دولىسىدىن چىقتى. ۋەزىر «ۋاي» دېگىنىچە يەرگە يىقىلدى. خىزمەتكارلار دەرهال ئۇنى يۆلەپ ئاچىقىپ كەتتى ۋە «بىرمۇنچە مال ـ دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆز خوجىسىغا بۇنداق زۇلۇم سالغىنى نېمىسى؟ ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ۋەزىر بولسا:

ــ ئۇ تېخى كىچىك قىز ئىكەن. بىر كۈنى ئەقلىگە كېلىپ قالار، ــ دېدى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمىدى.

ۋەزىر بىرقانچە كۈنلەرگىچە خەنجەردىن يەتكەن زەخمىنىڭ دەردىنى تارتتى. ئاخىرى يارىسى ساقايدى. ئۇ «ئەمدى ئەقلىگە كېلىپ قالغاندۇ» دەپ ئويلاپ، مېهرىنىڭ قېشىغا كىردى. مېهرى ۋەزىرنى كۆرگەن هامان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەگاغا چۈشتى. «هەر هالدا ئەقلىگە كېلىپ قاپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋەزىر. ئاندىن ئۇ:

ــ ئەي مېهرى، مەن سېنى ئۆزۈڭدەك ئالته هەسسە كۈمۈش بېرىپ چۆرىلىككە ئەپكەلگەنمەن. سەن ماڭا تەۋە ئادەم تۇرۇپ ماڭا نېمىشقا بۇنداق ئەدەبسىزلىك قىلىسەن؟ ــ دېدى ـ دە، مېهرىگە



يەنە قول ئۈزاتتى. مېھرى ۋەزىرگە بار
كۈچى بىلەن خەنجەر سالدى. خەنجەر
ئۇنىڭ مەيدىسىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن
چىقتى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتكارلار يۈگۈ-
رۈپ كىرىپ ۋەزىرنى يۆلەشتۈرۈپ ئاچى-
قىپ كەتتى. خىزمەتكارلار: «مېھرىنى
چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. بولمىسا
ۋەزىر ئاقىۋەت مېھرىنىڭ قولىدا ھالاك
بولغۇدەك» دېيىشتى. ئەمما ۋەزىر:

— ياق، مېھرىگە ھەرگىز دەخلى
يەتكۈزمەڭلەر. ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن مېنىڭ
ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە
سۆزنى خوجا ۋاپادىن ئاڭلايلى. خوجا
ۋاپا مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىشىدا شە-
ھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ سودا قىلدى.
ئۇنىڭ سودىسى ئاقتى. ھېچكىم سودىدا
ئۇنىڭچىلىك روناق تاپمىغان بولغىيدى.
ئاخىرى ئۇ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا
چىقتى. شەھەرگە يەتكىلى بىر كۈنلۈك
يول قالغاندا مېھرىنىڭ ئىشتىياقى بىلەن
ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئاخىرى شەھەر-
گە يېتىپ كېلىپ ئۆز ھويلىسىغا چۈشتى
ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ يىغلاشتى،
ئاتىسىغا ھازا ئاچتى. ئاندىن ئۇ مېھرى
بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، بىرمۇنچە
سوۋغا-سالاملار بىلەن مۇئەللىمنىڭ قېشىغا
باردى. ئۇلار بىر قۇر ئەھۋاللاشقان
كېيىن، خوجا ۋاپا مۇئەللىمدىن مېھرىنى
سورىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا خوجا سەئدىنىڭ
مېھرىنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە بەرگەنلىكىنى
سۆزلەپ بەردى. خوجا ۋاپا مۇئەللىمدىن
سورىدى:

— ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە قانچە پۇل
بەردى؟

— ئۆزىدەك ئالتە باراۋەر كۈمۈش
بەردى.

— ۋاي ئىست! مەن ئۇنى ئۆزىدەك

ئۇن باراۋەر ئالتۇن بېرىپ ئالغان بولاتتىم...

خوجا ۋاپا زار-زار يىغلاپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— ئەمدى بۇ ئىشقا قانداق ئامال قىلغۇلۇق؟

— ئەي خوجا ۋاپا، غەم يېمەك!— دېدى مۇئەللىم،— بىرمۇنچە مال-دۇنيا بىلەن قوشۇپ سىزنى ۋەزىرگە نۆۋكەر قىلىپ بېرەي. شۇ چاغدىلا سىز مېھرىنى كۆرەلەيسىز.

خوجا ۋاپا مۇئەللىمنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ بىرمۇنچە لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە مۇئەللىم بىلەن بىللە ۋەزىرنىڭ ئىشىكىگە يەتتى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىدىن بىر خىزمەتكار چىقىپ كەلدى. ئۇلار خىزمەتكارغا ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خىزمەتكار ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ چىقتى ۋە خوجا ۋاپا بىلەن مۇئەللىمنى ۋەزىرنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى. مۇئەللىم سالام-سائەتتىن كېيىن ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىر، بۇ بالا سودىگەر خوجا پەرۇخنىڭ ئوغلى خوجا ۋاپا بولىدۇ. بۇ ئاتا-بالا ئىككىسى مەككىگە سەپەر قىلغانىدى. يولدا خوجا پەرۇخ قازا تېپىپتۇ. ئەمدى بۇ بالا دادىسىدىن يېتىم قالدى. كېيىن يامان يولغا كىرىپ كەتمىسۇن دەپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا باشلاپ كەلدىم...،— دېدى.

ۋەزىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە:

— راست ئېيتىسىز، ئەقىللىق ئادەم مانا شۇنداق قىلىدۇ، مەنمۇ بۇ بالىنىڭ ئاتىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۆتكەنىدىم. بوپتۇ، بالىنىڭ ھالىدىن مەن خەۋەر ئالاي،— دېدى.

ۋەزىر بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا تائام كەلتۈردى. ئاندىن ئۇ خوجا ۋاپانىڭ يېتىپ قوپۇشى ئۈچۈن ئارا ھويلىدىن مەخسۇس بىر ھۇجرا ئاجراتتى. خوجا ۋاپا تولىمۇ باي بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر قانچە كۈنلەرگىچە مۇشۇ ھوجرىدا تۇردى.

ۋەزىرنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ، يارىسى ساقايدى. مېھرىگە بولغان ھەۋىسىمۇ كۈچىيىپ باردى. بىر كۈنى ۋەزىر يەنە مېھرىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنى كۆرگەن مېھرى يۈگۈرۈپ پەنائىغا چۈشۈپ تۇردى. ۋەزىر ئۇنىڭغا:

— ئەي مېھرى، مەن سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرۈپ، بىر مۇنچە ھەق بېرىپ ئەپكەلدىم. سېنى چۆرە-دېدەكلەرنىڭ قاتارىغىمۇ قوشمىدىم. شۇنىڭ بەدىلىگە كۆڭلۈمنى ئالارمىكىن، دېسەم ئەكسىچە مېنى ئازابقا گىرىپتار قىلدىڭ،— دەپ ئۇنىڭغا نورغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئاندىن بۇ بىچارە ئاشىق ۋىسال گۈلزارىدىن مۇراد گۈلىنى ئۈزمەكچى بولۇپ مېھرىگە قول سۇندى. مېھرى يەنە ئۇنىڭغا خەنجەرنى سالدى. ۋەزىر «ۋاي، مېنى ئۆلتۈردى» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يېقىلدى. خەنجەر ئۇنىڭ غولىدىن كىرىپ، كۆكرىكىدىن چىققانىدى. خىزمەتچى خادىملار ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئەپچىقىپ كەتتى. ۋەزىرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە چوڭ-كىچىك خىزمەتكارلىرى «مېھرىنى ئەمدى ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ۋەزىر نائىلاج مېھرىنى ئېسىشقا ئەمىر قىلدى. خادىملار دەرھال مېھرىنى ئېلىپ چىقىپ سارايىنىڭ

تورۇسغا ئاستى.

خوجا ۋاپانىڭ زىرەك ئاتلىق بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن خوجا ۋاپانىڭ ئالدىغا چاپتى ۋە خوجىسىغا:

— ۋەزىرنىڭ مېھرى ئىسىملىك بىر جۆرىسى بار ئىدى. ئۇنى بۈگۈن دارغا ئاستى...، — دەپ بولغان ۋەقەنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجا ۋاپا ھەيران ۋە پەرىشان بولدى، ۋە:

— سەن دەرھال بېرىپ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ كەل، — دەپ زىرەكنى ئەۋەتتى. زىرەك چىقىپ كەتكەن ھامان ۋاپا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. ئۇ بېلىدىن پوتىسىنى يېشىپ، تورۇستىكى ياغاچقا بىر ئۇچىنى باغلىدى. ئورۇندۇققا چىقىپ پوتىنى بويىنىغا سالدى.

ئەلقىسسە، مېھرىنىڭ قېشىدا ئىككى خاس خىزمەتكار بار ئىدى. ئۇلار مېھرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مېھرىنىڭ ئەھۋالىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، ۋەزىر پادىشاھ ئۈچۈن ئالدىم، دەپ مېھرى ئىسىملىك بىر جۆرە ئەپكەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇنى ئوردىغا ئەۋەتمەي ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى. ئۇ قىز ھۆسنى-جامالدا كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئىككىنچى يۈسۈف دېيىشكە لايىق ئىدى. بۈگۈن ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ ئەرز قىلدى.

مەلىكە دەرھال قاراۋۇللارنى چاقىرىپ:

— مېھرى ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى، تىرىك بولسا ئۆزىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى.

قاراۋۇللار بېرىپ مېھرىنى داردىن چۈشۈردى. ئۇ جېنىدىن ئايرىلغاندەك تۇراتتى. مېھرى مەلىكىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدى. مەلىكە مېھرىنىڭ باشقىلار تەرىپلىگەنىدىنمۇ ئارتۇق گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەينەك تۇتقانىدى، ئەينەك ھورداشتى، بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئاغزىغا شەربەت ئېمىتتى. مېھرى بىرەر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى ھەشەمەتلىك تەخت ئۈستىدىكى قىزنىڭ ئالدىدا كۆردى. بېشى يەنە بىر قىزنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىگە تەزىم قىلدى. مېھرىنىڭ مىجەزخۇلقىغا ھەۋىسى كەلگەن مەلىكە ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ، ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

زىرەك بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ خوجا ۋاپانىڭ قېشىغا چاپتى. ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچالمىدى. چۈنكى ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. ئۇ كوچەپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە خوجا ۋاپانىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال پوتىنى كېسىپ، خوجا ۋاپانى يەرگە چۈشۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ بېقىپ، تېخى نەپىسى ئۈزۈلمىگەنلىكىنى بىلدى. ۋاپانىڭ ئاغزىغا سۇ ئېمىتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلدى. زىرەك ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. خوجا ۋاپا خۇشاللىقىدا زىرەكنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، سۆيۈنچىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىڭ تەڭگە بەردى.

— ئەي خوجا، سىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرماڭ. مېھرى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئىش باردەك تۇرىدۇ. مېھرى ئۇ يەردە ئېسىلسا، سىز بۇ يەردە ئېسىلىۋاپسىز.

— مېھرى خوجا سەئىدنىڭ قىزى. مەن بولسام خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى. ئاتام

بىلەن مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايتقىچە ئوجا سەئىد مېھرىنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە تۇتۇپ بېرىپتۇ. مېھرى مېنىڭ مەشۇقۇم، مەن ئۇنىڭ ئاشىقى. بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ.

— مەن بۇ ئىشنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ئىلاجىسىنى قىلغان بولاتتىم. ھېلەمۇ بىر ئامال ئىزدەپ باقاي.

— قانداق قىلماقچىسەن؟

— يېقىندا مەلىكە زانۇشنىڭ تويى بولماقچى. شۇڭا ئۇلار مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن مال ئالىدۇ. سىز ياخشى ماللارنى تاللاپ بىر دۇكان ئېچىڭ. دۇكىنىڭىزدا خىلمۇ خىل ماللار، خۇش پۇراق ئەتىرلەر بولسۇن. مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىلىرى مال ئالغىلى بازارغا چىققاندا ئۇلارنى ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلىمىز. ئاندىن شۇلار ئارقىلىق مېھرىنىڭ خەۋىرىنى ئالىمىز.

خوجا ۋاپا زېرەكنىڭ سۆزلىرىگە خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قۇر ئۇستىباش كىيدۈردى. ئۆزى ئەڭ ياخشى ماللاردىن تاللاپ بىر دۇكان ئاچتى.

زېرەك بازاردىن ئىنىكئانىلارنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى:

— ئەي ئاغىچىلار، سىلەرگە مال لازىم بولسا، ئاۋۇ يەردە ياش بىر سودىگەر دۇكان ئېچىپتۇ. ماللىرى ئېسىل ۋە نەپىس ئىكەن، ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار.

ئىنىكئانىلار زېرەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن خوجا ۋاپانىڭ دۇكىنىغا كەلدى. خوجا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ۋە دۇكانغا تەكلىپ قىلدى.

— مەلىكەمگە لايىق ماللىرىڭىز بولسا ئەپچىقىڭ، كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئۇلار.

خوجا ۋاپا ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەرخىل ماللارنى ئەپچىقىپ قويدى. ئۇلار بۇ ماللارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

— ئۆيدە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىلىرى بار، — دېدى خوجا ۋاپا ۋە خېرىدارلارنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى.

ۋاپانىڭ خىزمەتكارلىرى مېھمانلارغا دەرھال داستىخان سالدى. خىلمۇ خىل نازۇ-نېمەتلەر، لەززەتلىك تائاملارنى ھازىرلاپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن خېرىدارلار ۋاپانىڭ ماللىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇلار ھازىرغىچە بۇنداق ئېسىل ماللارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا بىر-بىرىدىن سەرخىل ماللارغا قاراپ ھەيران قېلىشتى. خوجا ۋاپا مەلىكىگە ئاتاپ توققۇز كىيىملىك رەخت، ئىنىكئانىغا توققۇز كىيىملىك رەختنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىغا قويدى.

— ئەي خوجا، بۇ ماللىرىڭىزنىڭ باھاسى قانچە؟ — دەپ سورىدى خېرىدارلار.

— بۇ مەلىكەمگە ۋە سىلەرگە قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن مەلىكەمگە ۋە سىلەرگە لەئلى، گەۋھەر، ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىق نەرسىلەر كېرەك بولۇپ قالسا كېلىۋېرىڭلار، — دېدى خوجا ۋاپا.

خېرىدارلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، يەنە كېلىشكە ۋەدە بېرىشتى ۋە ماللارنى ئېلىپ قايتىشتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: «بۇنچىۋالا مالنى بىكاردىن-بىكارغىلا سوۋغا قىلامدۇ، بۇنىڭدا جەزمەن بىر سىر بار. بەلكى بۇ يىگىت مەلىكەمگە ئاشىق بولۇپ قالغاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇلارنى چوقۇم مۇراد-مەقسىتىگە يەتكۈزۈش كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ئىنىكئانىلار ماللارنى كۆتۈرۈپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. مەلىكە بۇ

ماللارنىڭ ئېسىللىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى ياق-
تۇردى. ئىنىكئانا خوجا ۋاپانىڭ مەقسىتىنى
بىلمىگەچكە، مەلىكىگە «بۇ ماللارنى سېتىۋ-
ۋالدىم» دەپ يالغان ئېيتتى.

خوجا ۋاپاغا ئىنىكئانىنىڭ مېھرى
چۈشۈپ، ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ مال
ئالغىلى بىر قېتىم كەلسە، ۋاپانى كۆرگىلى
بىرەر باھانە بىلەن بەش قېتىم كېلەتتى.

بىر كۈنى مەلىكە بىلەن توي قىلىش-
قا پۈتۈشكەن شاھزادىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى
توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. مەلىكە بۇ
خەۋەرنى ئاڭلاپ خىزمەتچىلىرىگە:

— شاھزادە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى
كىرگەندە قېشىمدا مېھرى بىلەن ئۈچ
قىز قالسۇن. ئۇلاردىن باشقىلارنى كىرگۈز-
مەڭلار، — دېدى.

شاھزادە داغدۇغا بىلەن توي تارتىپ
يېتىپ كەلدى. مەلىكە بىلەن ئىككىسىنىڭ
نىكاھى ئوقۇلغاندىن كېيىن، شاھزادە مە-
لىكە بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مېھرى
ئۈچ قىز بىلەن بىللە مەلىكىنىڭ سارىيىغا
شارابلارنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەل-
دى. شاھزادىنىڭ مېھرىگە كۆزى چۈشكەن
ھامان بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەلىكە بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇ پۇ-
شايمان ۋە نادامەتلەر قىلىپ: مېھرىنىڭ
ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشىنى بىلمەي،
ئۇنى يېنىمدا ھەمراھ قىلىۋاپتىمەن. بۇنى
ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوقاتمىسام بولمايدىكەن»
دەپ ئويلىدى. بۇ ئارىدا شاھزادە ھوشىغا
كەلدى. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا بايىقى
رەئنا كۆرۈنمىدى. «ۋادەرىخ، ئۇ قۇياش
مەسەللىك ئېسىلزادە قىز نەدىدۇر؟» دەپ
ئاھ چەكتى. شاھزادە: «ئۇ گويا دەريا،
مەلىكە بولسا ئۆستەڭ ئىكەن. ئۇ ئاي بول-
سا، مەلىكە يۇلتۇز ئىكەن» دېگەنلەرنى

كۆڭلىدىن كەچۈردى - دە، ئاستا چىقىپ
ئۆز يۇرتىغا راۋان بولدى.

مەلىكىنىڭ ھوشى كاللىسىدىن ئۇچتى.
ئۇ غەزەپ بىلەن:

— مېھرىنى تېپىپ كېلىڭلار، ئۆزىنى
خېرىدارغا سالىدىغان ئۇنداق نېمە ئۆلۈمگە
مەھكۇم! — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىنىكئانا
ئارىغا چۈشتى:

— قوللىرىنى ئۇنىڭ قېنى بىلەن
بويىغاندىن كۆرە مېھرىنى دەرياغا تاشلى-
ۋېتەيلى، دەريادا غەرق بولسۇن.

— مەيلى، ئۇنى كۆزۈمدىن تېز يوقى-
تىڭلار!

ئىنىكئانا چوڭ بىر ساندۇق ياساتتى.
يېرىقلىرىنى مۇملىدى ۋە ئىچىگە بىرچارەك پىستە
بىلەن بىر قاپاق سۇنى سالدى. ئاندىن
مېھرىنى شۇ ساندۇققا سولاپ، ئۇنى شىد-
دەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا قويۇۋەتتى.

ئەتىسى ئىنىكئانا نەرسە - كېرەك
سېتىۋالغىلى خوجا ۋاپانىڭكىگە باردى.
ۋاپا دەرھال دەستىخان تارتىپ مېھمان
قىلدى. ئالدىغا توققۇز خىل لازىمەتلىك
قويدى، تاماقتىن كېيىن ئىنىكئانا خو-
جىدىن ئەھۋال سوراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەي خوجا، شۇنچە ۋاقىتتىن
بېرى بىزگە ھەدىيە قىلغان ماللىرىڭىزغا
بىرتىيىن ھەق ئالمىدىڭىز. بۇ خىزمىتىڭىز
بىلەن بىزنى مەمنۇن قىلدىڭىز. بۇنداق
قىلىشتىن بىرەر مۇددىئايىڭىز بارلىقى بى-
لىنىپ تۇرىدۇ. قانداق سىرىڭىز بولسا
ئېيتىڭ، ئاڭلاپ باقاي. بەلكىم ياردىمىم
تېگىپ قالار.

بۇنى سوراپ ياخشى قىلدىڭىز. سىز-
دىن تارتىنىپ دېمىگەنىدىم. مەلىكىنىڭ
قېشىدىكى مېھرى دېگەن قىز مېنىڭ جانانىم
ئىدى.مەن شۇنىڭ جامالىنى كۆرەلمىگەن

دېگەن ئۈمدتته سىزگە يېقىنچىلىق قىلى-
ۋاتىمەن.

ئىنىكئانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىككى
تىزىغا ئۇرۇپ نادامەت قىلدى:

— ئەي خۇجا، بۇ گەپنى نېمىشقا
بالدۇرراق ماڭا دېمىدىڭىز؟ ئەگەر بۇرۇن-
راق بۇ ئەھۋالنى بىلگەن بولسام، مەلى-
كەمنى ماقۇل قىلىپ، مېھرىنى سىزگە-
نىكاھلاپ بەرمەسمىدىم. تۈنۈگۈن
مەلىكەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېھرى دەر-
ياغا تاشلاندى.

خۇجا ۋاپا مەست ئىدى، هوشيار
بولدى. ئۇيقۇلۇق ئىدى، بىدار بولدى.
ئىنىكئانىنى ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كېيىن،
ئۇ بارلىق مال - دۇنياسىنى خۇدا يولىدا
سەدىقە قىلدى. ئۇ «مېھرى دەرياغا تاش-
لانغان بولسا، ماڭا بۇ دۇنيانىڭ نېمە
كېرىكى بار؟» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى دەر-
ياغا تاشلىماقچى بولدى. خۇجا ۋاپا ساھىلغا
يېتىپ، بېرىپ، كېيىم - كېچەكنى سالدى.

بىر چاغلاردا خوجا پەرروخ ئۇنىڭ
بېلىگە ئۈن سەككىز دانە گۆھەرنى باغ-
لاپ قويۇپ: «بۇ گۆھەرلەرنىڭ هەربىرى
ئۈن ئەرگە دەسمايە بولىدۇ. بۇنى هەرگىز
يېنىڭدىن ئاجراتمىغىن» دېگەنىدى. خوجا
ۋاپا بۇ گۆھەرلەرنى يېشىپ ئېلىپ
«خۇدا يولىدا دەپ دەرياغا تاشلىدى. ئان-
دىن كېيىن «مەنمۇ مېھرىگە قوشۇلاي»
دەپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى.

بۇ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە ماھى-
گەر ئاتلىق بىر بېلىقچى بوۋاي ياشايتتى.
ئۇ بىر كۈنى دەرياغا تور تاشلىغانىدى،
ناهايىتى زور بىر بېلىق تورغا چۈشتى.
بېلىقنى تەسلىكتە ئۆيىگە ئاپىرىپ قارنىنى
يارغانىدى، ئىچىدىن يۇسۇف ئەلەيهىسسا-
لامدەك گۈزەل بىر يىگىت چىقتى. ئەم-

ما ئۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى
بىلگىلى بولمايتتى. ماھىگەرنىڭ خوتۇنى
ئۆمرىدە بىر قانچە پەرزەنت كۆرگەنىدى.
بۇ پەرزەنتلەر چوڭ بولۇپ ئەمدىلا كۆز-
گە كۆرۈنگەندە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ
كېتىپ، پەرزەنتسىز قالغانىدى. بوۋاي
بىلەن موماي ئىككىسى بۇ يىگىتنى كۆ-
تۈرۈپ يۇمشاق ئورۇنغا ياتقۇزدى ۋە
بۇرنىغا خۇشبۇي دورىلارنى پۇراتتى. بىر
ئازدىن كېيىن يىگىت كۆزىنى ئاچتى. ئۇ-
نىڭ هاياتىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرگەن ماھىگەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى
تەڭرىگە شۈكرى بەجا كەلتۈردى. يىگىت-
كە يۇمشاق، يەڭگىل تاماقلارنى يېگۈزۈپ،
ئاغزىغا سۈت - شەربەتلەرنى تېمىتىپ
ئاۋايلاپ باقتى. بىرقانچە كۈنگە قالماي
يىگىت ئۆڭشىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ
ماھىگەرگە ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋاپا ئىكەنلىكى،
بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ دېڭىز
سەپىرىگە چىققانلىقى، دېڭىزدا بوران
چىقىپ كېتىپ، كېمىلەر ئاغدۇرۇلۇپ
كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى
بىلمەيدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى
سۆزلەپ بەردى. ماھىگەر بىلەن ئايالى
ۋاپانىڭ ئۆزلىرىگە بالا بولۇپ، مۇشۇ جايدا
تۇرۇپ قېلىشىنى ئۆتۈندى. ۋاپا ئۇلارنىڭ
تەلىپىگە قوشۇلدى.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مېھ-
رىدىن ئاڭلايلى.

بىر كۈنى ئىككى دوغا دەريادىن
ئۆتمەكچى بولۇپ كېمىچىلەرنىڭ كېمىسىگە
چۈشتى. ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەل-
گەندە بىر ساندۇقنىڭ بەزىدە چۆكۈپ،
بەزىدە لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆردى. كېمىچىلەر مىڭبىر جاپا - مۇشەق-
قەتتە ساندۇقنى سۇدىن تارتىپ چىقىد-

رىۋالدى. ساندۇق ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭغا چويۇن قۇلۇپ سېلىنغانىدى. كېيىنكىلەر بۇ ئاجايىپ ساندۇققا قىزىقىپ قالدى. كېمىچىلەر ساندۇقنى ئېچىپ باقماقچى بولدى. ئەمما دوستلار كۆڭلىدە: «كىم بىلىدۇ، بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ھېسابسىز دۇنيا چىقىپ قالامدۇ تېخى. ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىدىكىنى كۆرگەندىن كېيىن كېمىچىلەرنىڭ بىزنى بۇنىڭغا شېرىك قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بۇنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش كېرەك» دەپ ئويلاشتى. دوستلاردىن بىرى:

— ھەي كېمىچىلەر، بۇ ساندۇقنى ئاچىمىز دەپ ئاۋارە بولماي، بىزگىلا سېتىپ بېرىڭلار. مىڭ تەڭگە بېرەيلى،— دېدى.

كېمىچىلەرمۇ: «بۇنىڭ ئىچىدىكى نېمە ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە نەق پايدىنى ئالايلى» دېيىشىپ، دوستلارغا ساندۇقنى سېتىۋەتتى. ئۇلار ساندۇقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

مېھرى ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، سۇدىن قۇتۇلغانلىقىنى ئەمما قانداقتۇر نامەلۇم كىشىلەرنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ تەڭرىگە نالە قىلىپ يىغلىدى. «بۇ ئادەملەر مۇسۇلمانمىدۇ؟ ياخشىمىدۇ، يامانمىدۇ؟ ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟» دەپ ئەندىشىدە قالدى. مېھرى ناھايىتى چاچلىق بولۇپ، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن تەپمۇ تەڭ تۇراتتى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ چاچلىرىنى يېشىپ بەدىنىگە ياپتى. ئۇ خۇددى قاپقارا يۇڭدىن كىيىم كىيىۋالغاندەك بولۇپ قالدى. بىر قانچە ۋاقىتتىن بېرى سۇدا ئېقىپ كەلگەچكە چىرايى قارىنىۋسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

ھېلىقى ئىككى دوغا ساندۇقنى كۆتۈرۈشۈپ كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارغىچە ھېرىپ ھالى قالمىدى. ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن زور ئۈمىد بىلەن ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. ئاچتىيۇ، ساندۇق ئىچىدە خۇددى دىۋىگە ئوخشاش قاپقارا بىر نەرسىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار «ۋاي» دەپ ۋارقىراشقىنىچە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپتى ۋە دەرھال قۇلۇپىنى سالدى. «بۇ بىر بالايىئاپەت بولۇپ، كىمدۇر بىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ساندۇققا سولاپ سۇغا قويۇۋەتكەن ئىكەن-دە،» دەپ ئويلىدى ئۇلار.

— بۇ ساندۇقنى مۇشۇ پېتى بازارغا ئەپچىقىپ ساتايلى. بەختىمىز ئۇڭدىن كېلىپ قالسا، بىزگە ئوخشاش خام تەمەدىن بىرى مىڭ تەڭگىگە ئالسا ئەجەپ ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ ئالىمىز،— دېيىشتى ئۇلار.

ئىككى دوغا ساندۇقنى ئۈششىسىگە ئارتىپ تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ باردى، ۋە:

— بۇ ساندۇقنى ئالغان ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئالمىغان ئادەم ئارماندا قالىدۇ. باھاسى مىڭ تەڭگە! — دەپ جار سېلىشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا خوجا ۋاپا ماھىگەردىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرنى سەيلە قىلىشقا چىققانىدى. ئۇ تۆت كوچىغا كېلىپ، بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ نېمىگىدۇر ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. يېقىن بېرىپ قارىسا بىر ساندۇق تۇراتتى. ساندۇقنىڭ ئىگىسى:

— بۇ ساندۇقنىڭ باھاسى مىڭ تەڭگە. بۇنى ئالغان ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ،

ئالمىغان ئادەم ئارماندا قالىدۇ،— دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

خوجا ۋاپانىڭ كۆڭلىدە «ئىنىكىسانا دېگەن ساندۇق مۇشۇ بولمىسىغىدى» دېگەن گۇمان پەيدا بولدى. ساندۇقنى سېتىۋالاي دېسە يېنىدا ھېچنەرسە يوق ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ۋەزىر يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ۋەزىر: «ساندۇقنىڭ ئىچىدە چوقۇم نۇرغۇن بايلىق بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئۇ دەرھال مىڭ تەڭگىنى ساناپ بېرىپ ساندۇقنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

بېچارە خوجا ۋاپا پەرىشان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ماھىگەر ئۇنىڭغا قاراپ سورىدى:

— ئەي بوتام، نېمە بولدىڭىز؟ ئەجەبا، بۈگۈن پەرىشان كۆرۈنىسىزغۇ؟

— شەھەرگە كىرىپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ بىر ئاز پاراكەندە بولۇپ قالدىم،— دەپ جاۋاب بەردى ۋاپا.

ئەلقىسسە، ۋەزىر ساندۇقنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئاغزىنى ئاچتى. ساندۇقنىڭ ئىچىدە قارا دېۋىگە ئوخشاش بىر نەرسە دۈمچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نەرسە ۋەزىرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ھۆرپەيدى. ۋەزىر «ۋاي ئاللا، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى تېز ئېتىڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەتراپىدىكى خىزمەتكارلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئەتتى. ۋەزىر تۆت - بەش قېتىم قېقىلىپ ئاندىن ھوشىغا كەلدى.

«بۇ ساندۇقتىكى دېۋە ئىكەن. ئەگەر بوشىنىپ ساندۇقتىن چىقىۋالسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ تۇتۇپ ساندۇققا بەنت قىلالمايمىز. ئەڭ ياخشىسى بۇنى ساندۇق بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋەزىر. ئۇ يەنە: «ئۆز پۇلىنى ئۆزى كۆيدۈرگەن ئادەم ئەقلىدىن ئازغان ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇنى مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالغانىدىم. ماڭا ئوخشاش خىيالپەرەست ھاماقەتتىن يەنە بىرى چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ...» دەپ ئويلاپ، ساندۇقنى ساتقىلى بازارغا ئېلىپ چىقتى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا ئاتىسى ماھىگەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن شەھەرگە باردى. قارىسا ھېلىقى ساندۇقنى يەنە ساتقىلى ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. ساتقۇچى:

— كىمكى بۇ ساندۇقنى ئالسا پۇشايمان قىلىدۇ. ئالمىسا ھەسرەتتە قالىدۇ،— دەپ ۋارقىرايتتى.

خوجا ۋاپا «مۇشۇ چوقۇم مېھرى سولانغان ساندۇق بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلىدى. ساندۇقنى ئالاي دېسە پۇلى يوق ئىدى. ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇدۇل ماھىگەرنىڭ قېشىغا باردى.

— ئەي ئاتا، — دېدى ۋاپا،— دەرياغا تور تاشلاپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— شۇنداق قىلسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاتتى بالام، — دېدى ماھىگەر ،— ئۈچ كۈندىن بېرى تورغا بىرمۇ بېلىق چۈشمىدى.

خوجا ۋاپا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ماھىگەرگە تەزىم قىلدى، ۋە:

— ئىنشائاللا، تەلىيىمنى سىناپ باقاي،— دەپ تور بىلەن قاماقنى قولىغا ئالدى.

— بۇ ئىشقا قىزىقامسىز، بالام؟— دېدى ماھىگەر.

— تولىمۇ قىزىقىمەن،— دەپ جاۋاب بەردى ۋاپا.

خوجا ۋاپا دەريا بويىغا كېلىپ «بىسمىللا» دەپ ئاتىسىغا ئاتاپ تور تاشلىدى. تورغا يوغان بىر بېلىق چۈشتى. ئىككىنچى قېتىم «ئانامغا» دەپ تور سالدى. بۇ قېتىم تورغا بىر قانچە تال بېلىق چۈشتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىگە ئاتاپ تور تاشلىدى. تورغا ئىنتايىن چوڭ بىر بېلىق چۈشتى. بۇ بېلىققا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولدى ۋە دەرھال بېلىقنىڭ قارنىنى ياردى.

نېمىنى كۆردى دېمەمسىز، ئۆزى دەرياغا تاشلىغان ئون سەككىز دانە گۆھەر بېلىقنىڭ قارنىدا شۇ پېتى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ گۆھەرلەرنىڭ بىرىنى ئەپقېلىپ، قالغان ئون يەتتە گۆھەرنى پۇختا بىر يەرگە يوشۇردى. ئاندىن ھېلىقى بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ شەھەرگە كەلدى. ئۇ گۆھەرنى جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى. جاۋاھىر پۇرۇش گۆھەرنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى ۋە باھاسىنى سورىدى. خوجا ۋاپا:

— ئونمىڭ تەڭگە بېرىڭ،— دېدى.

جاۋاھىر پۇرۇش بۇ سودىدىن بەك رازى بولدى. خوجا ۋاپا مىڭ تەڭگىنى ئالدى ۋە قالغىنىنى نېسى قالدۇرۇپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي ئۇدۇل تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا چاپتى. ئۇ جايغا يېتىپ بارغىچە «ساندۇقنى باشقا بىرسى ئېلىپ كېتەرمۇ» دېگەن ئەندىشىدە تىت-تىت بولدى. ئۇ يېتىپ كېلىپلا مىڭ تەڭگىنى ساناپ ۋەزىرنىڭ خىزمەتكارىغا تۇتقۇزدى-دە، ساندۇقنى سېتىۋالدى.

ۋاپا ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ماھىگەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. يول ئۈستىدە بىر گۈمبەز بار ئىدى. ساندۇقنى گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئەپكىرىپ قويۇپ، ئۆزى گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا قارىدى. يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ گۈمبەزگە كىرىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. قارىسا، مېھرى چاچلىرىنى پۈتۈن بەدىنىگە يۆگەپ ياتاتتى. ئۇلار بىر-بىرىنى تونۇغاندىن كېيىن «ئەي جانى جاھانىم، ۋاي ياي مېھرىبانىم، سېنى كۆرىدىغانمۇ كۈن بار ئىكەنغۇ» دەپ يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىر ھازا بىھوش بولۇپ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ساندۇقنى گۈمبەزدە قالدۇرۇپ، يولغا راۋان بولدى. بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق باشتىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى يولبويى بىر-بىرىگە سۆزلىشىپ، مۇڭ-زارلىرىنى ئېيتىپ ماڭغىنىچە ماھىگەرنىڭ ئۆيىگە يەتتى.

خوجا ۋاپا خۇشال-خۇرام ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ماھىگەر ئۇنى كۆرۈپ:

—ئەي بوتام، خۇداغا شۈكرى. خېلى خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ؟— دېدى.

— ئەلھامدۇلىللا خۇشالمەن،— دېدى ۋاپا،— بىر مېھمان باشلاپ كېلىۋىدىم، كۆرپە سالايلى.

— ئوغلۇم، سىز بىر غېرىپ-مۇساپىر تۇرسىڭىز، نەدىكى مېھمان ئۇ؟ — دېدى ماھىگەر ۋە بىر كونا كۆرپىنى سالدى،— قېنى مەرھەمەت!

ماھىگەر قۇياش تەلئەتلىك ئايجامال بىر نازىنىننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئەي ئوغلۇم،— دېدى ماھىگەر،— بۇ نازىنىننى نەدىن تاپتىڭىز؟ كىمنىڭ قىزىنى ئەپقاچتىڭىز؟

— ئەي ئاتا، بۇ مېنىڭ جانانىمدۇر. نەچچە يىللاردىن بېرى جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىشىم مۇشۇ قىز ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ ئىسمى مېھرى. مېنىڭ ئىسمىم خوجا ۋاپادۇر. مېھرىنى دەرياغا تاشلىغاندا مەنمۇ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغانىدىم. مېنى بېلىق يۇتۇپ، سىز بىلەن ئاتا-بالا بولۇپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولدى-دەپ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى. ئاندىن خوجا ۋاپا ماھىگەرگە قاراپ:

— ئەي ئاتا، مەن بىردانە گۆھەرنى پالانى جاۋاھىر پۇرۇشقا ئونمىڭ تەڭگىگە ساتقانىدىم. مىڭ تەڭگىنى شۇ ۋاقىتتا قولۇمغا بەردى. قالغىنى نېسى قالغانىدى. سىز بازارغا بېرىپ جاۋاھىرپۇرۇشتىن قالغان پۇللارنى ئېلىپ كېلىڭ،— دېدى.

ماھىگەر جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، جاۋاھىر پۇرۇش

دەرھال توققۇزمىڭ تەڭگىنى تەييارلاپ ماھىگەرگە بەردى. ماھىگەر پۇلنى ئەپكەلگەندىن كېيىن خوجا ۋاپا:

— ئەي ئاتا، بۇ پۇلدىن ئېلىپ، ئۆيگە لازىملىق نەرسە-كېرەكلەرنى ئەپكېلىڭ، — دېدى.

ماھىگەر بىر قانچە تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا باردى. ۋە خوجا ۋاپا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئەپكەلدى.

ئۇلار بىر قانچە كۈن خۇشال-خۇرام ئۆتتى. ئاندىن خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ، يول تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. ماھىگەر ئەر-خوتۇن ئىككىسى يىغلاپ خوشلاشتى. ئۇلار ئۇلاقلىرىغا بىر قانچە كۈنلۈك ئوزۇق-تۈلۈكنى يۈكلەپ، بوۋاي-موماي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

مېھرى بىلەن ۋاپا بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىرى بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار سال باغلاپ دەرياغا سالدى ۋە ئۆزلىرى چۈشۈپ، دەريادا كېتىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز چوڭ بىر بېلىق قۇيرۇقى بىلەن سالنى ئۇردى. سال پارە-پارە بولدى. خوجا ۋاپا بىر پارچە ياغاچنىڭ ئۈستىدە، مېھرى بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە قالدى. شۇ تەرىقىدە بىر كۈن ئۆتتى. كۈن كەچ بولغىچە ئۇلار بىر-بىرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ تۇردى. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ھەر ئىككىلىسى قاراڭغۇلۇقتا غايىپ بولدى.

ئۈچ كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن مېھرى ئۆزىنى بىر ئاماللار بىلەن قىرغاققا ئالدى. بۇ يەردە بىر دەرەخزارلىق بار ئىدى. مېھرى شۇ دەرەخزارلىققا كىرىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى قۇرۇتتى. شۇ چاغدا بىر توپ ئاتلىق ئادەم يېتىپ كەلدى. بۇلار ئەسلىدە شىكارغا چىققان مىسىر پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى ئىدى. مېھرى خوجا ۋاپا بىلەن سەپەرگە چىققاندا ئەرەنچە كىيىنىۋالغانىدى. مىسىر پادىشاھىنىڭ ياساۋۇللىرى كۆردىكى، دەرەخزارلىقتا ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇراتتى. مۇلازىملار ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھقا بۇ تولىمۇ چىرايلىق، يېقىملىق بىر بالا بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مېھرى چۈشۈپ قالدى-دە، ئۆزى بىلەن بىللە ئوردىسىغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ پادىشاھنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ مېھرىنى «ئۆز بالام» دەپ شەھەر خەلقىگە جاكارلىدى. ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى كىيگۈزدى.

بىر كۈنى پادىشاھ قول ئاستىدىكى ئەمىرلەر، ۋەزىر-ۋۇزۇرالىرىنى يىغىپ:

— مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى بۈگۈندىن باشلاپ ئوغلۇمغا تاپشۇردۇم، بۇنىڭغا سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

پادىشاھنىڭ ئويلىغانلىرىغا ھەممەيلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ، پادىشاھ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. مېھرى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى خوجا ۋاپادىن ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە، خوجا ۋاپا دەريادا مېھرىدىن ئايرىلىپ، يەتتە كېچە-كۈندۈز ئاقتى. يەتتىنچى كۈنى سۇ ئۇنى بىر قۇملۇققا چىقىرىپ قويدى. ۋاپانىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا بىر نەچچە توپ مېۋىلىك دەرەخ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ مېۋىلەرنى ئۈزۈپ ئازراق يېدى. شۇنىڭدىن كېيىن «تەۋەككەل» دەپ يولغا چۈشتى. ماڭا-ماڭا بىر مەھەللىگە كېلىپ قالدى ئۇ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇردى ۋە ئىچكىرىدىن بىر كېنىزەك چىقتى-دە، خوجا ۋاپادىن:

— ئەي خوجا، نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر مۇساپىر، بۇ يۇرتلاردا ھېچقانداق تونۇش-بىلىشىم يوق، — دېدى خوجا ۋاپا.

— بۇ خوجا تاھىرنىڭ ھويلىسى، — دېدى كېنىزەك ۋە ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا تاھىر چىقتى، قارىسا ئاپتاپ تەلئەتلىك بىر يىگىت تۇرغان. خوجا ۋاپا خوجا تاھىرنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭغا سالام قىلدى. خوجا تاھىر ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر سودىگەرمەن، بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن بىللە كېمىگە چۈشۈپ سەپەرگە چىققاندۇق. يولدا پالاكەت بېسىپ كېمىمىز سۇغا چۆكۈپ كەتتى. مەن بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. بىر قانچە كۈن دەريادا ئاقتىم. ئەمدى قىرغاققا چىقىپ بۇ يەرگە كېلىشىم، — دېدى خوجا ۋاپا.

— ئەي يىگىت، — دېدى خوجا تاھىر، — مېنىڭ بىرمۇ پەرزەندىم يوق سىزنى ئوغۇل قىلىۋالسام، ئىككىلەن ئاتا-بالا بولۇپ بىللە ياشساق نېمە دەيسىز؟

— خوپ، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى خوجا ۋاپا تەزىم قىلىپ.

كۈنلەر ئۆتتى. خوجا ۋاپانى مېھرىنىڭ ئىشقى-پىراقى بارغانسىرى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ خوجا تاھىردىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

بۇ ئەسلىدە مىسىر شەھىرى ئىدى. ۋاپا شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشىگە دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ باردى. چۈنكى مېھرى خوجا ۋاپانى تېپىش مەقستىدە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا مەخسۇس ئادەم قويۇپ، ئۇلارغا «ھەر قانداق مۇساپىر كەلسە، ماڭا كۆرسەتمەستىن يولغا سالماڭلار» دەپ ئەمرى قىلغانىدى.

ياساۋۇل كىرىپ، بىر مۇساپىر يىگىتنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى پادىشاھ ئۇنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

مېھرىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان مۇساپىر يىگىت خوجا ۋاپاغا ئوخشاپ كەتتى.

— ئەي يىگىت، — دېدى مېھرى، — قايسى شەھەردىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ پەرزەندى بولىسىز؟

— مەن خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى خوجا ۋاپا بولىمەن. شەھىرىمىزدە مېھرى ئاتلىق بىر قىز بولۇپ، ئۇ مېنىڭ مەشۇقۇم ئىدى...، — دەپ ئۆز كەچمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. مېھرى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ خوجاۋاپا بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇشقان ۋەزىر-ۋۇزۇرالار بىلەنمۇ قايتا كۆرۈشتى. ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

مېھرى ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ھەممىگە مەلۇم قىلدى ۋە خوجا ۋاپانى ئۆزىنىڭ ئورنىغا، شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. خوجا ۋاپا پۈتۈن شەھەر خەلقىنى چاقىرىپ، زور داغدۇغا، ھەشەمەت بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلدى. ئاندىن ۋەزىر-ۋۇزۇرا، ئەمىر-ئۆلىمالارنى يىغىپ مېھرىنى نىكاھلاپ ئۆز ئەمرىگە ئالدى مېھرى بىلەن ۋاپا مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتتى.

«مەجمەئۇل ھېكايەت» ناملىق قول يازمىدىن ئېلىندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن.

# ئەپسانىلار

## مۈشۈك نېمىشقا يۈزىنى يۇيىدۇ

قەدىم ئۆتكەن زاماندا، مەلۇم بىر ماكاندا، ئۆي ئىگىسىگە ئوبدان خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مۈشۈك بار ئىكەن. بىر كۈنى ئايال خوجايىن بىر ئايلىق بولغان بالىسىنى بۆشۈكتە ئۇخلىتىپ قويۇپ، بازارغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا يوغان بىر چاشقان بۆشۈك ئۈستىگە چىقىپ، بوۋاقنىڭ قۇلىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ-دە، بەدەر قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مۈشۈك دەرھال چاشقاننى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ بوۋاقنىڭ يۈزىدىكى قاننى پاكىزە يالىۋېتىپ، بىر چەتكە بېرىپ مۈگدەپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايال خوجايىن بازاردىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بوۋاقنىڭ قۇلىقىنىڭ پۇچۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە مۈشۈكنىڭ ئاغزى قان يۇقى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، قولىغا كالتەكنى ئېلىپ:

— ھۇ بېشىڭنى يېگۈر ئوغرى مۈشۈك! — دېگىنىچە، مۈشۈكنى ئۇرۇپ پۇتىنى چېقىۋېتىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن ئەر خوجايىن كەپتۇ. ئۇ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوغان بىر ئۆلۈك چاشقاننىڭ ياتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدا بوۋاقنىڭ قۇلىقىنىڭ بىر پارچىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، خوتۇنىغا:

— خاتا قىپسەن خوتۇن، ئەھۋالنى ئۇقماي، مۈشۈككە بىكاردىن ئازار بېرىپسەن! — دەپتۇ.

ئايالى راستىنلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىپتۇ. ۋە:

— جېنىم مۈشۈكۈم، ساڭا ناھەق ئازار بېرىپتىمەن، — دەپ مۈشۈكتىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئەمما مۈشۈكنىڭ توكۇر بولۇپ قالغان پۇتى ئورنىغا كەلمەپتۇ. بۇ ئىشتىن مۈشۈك: «ھەر قانداق نەرسىنى يېگەندە، يالىغاندا دەرھال يۈزنى يۇيۇۋېتىش لازىم ئىكەن، بولمىسا ئۇقۇشماسلىقتىن كىشى مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىكەن» دېگەن ساۋاققا ئىگە بوپتۇ. مۈشۈك بالىسىدىن بالىسىغا يۈزنى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى مۈشۈكلەر بىر نەرسىنى يېگەندىن كېيىنلا دەرھال يۈزىنى يۇيۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋاپتۇدەك.

## ئىت بىر-بىرىنى كۆرگەندە نېمىشقا چىشىنى ھىڭگايتىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر باينىڭ بىر ئىتى، بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. ئىتى قېرى، مۈشۈكى ياش ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئىت بىلەن مۈشۈككە ئىش تاپشۇرۇپتۇ:

— ئىككىڭلار قوشنا يېزىدىكى قىزىمغا ماۋۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاپىرىپ بېرىپ كېلىڭلار. مۈشۈك، سەن ئۈزۈكنى ئېلىپ ماڭ، ئىت ساڭا يول باشلاپ ماڭسۇن. ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۈزۈكنى يوقىتىپ قويماڭلار.

ئۇلار يولغا راۋان بوپتۇ. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ. دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىكەن. ئۇلار ئىلاجىسىز دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. مۈشۈكنىڭ سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئەمەسلىكىنى بىلگەن ئىت ئۈزۈكتىن ئەنسىرەپتۇ:

— ھەي مۈشۈك، سۇدىن ئۆتكۈچە ئۈزۈكنى ماڭا بەرگىن، سەن يوقىتىپ قويىسەن، — دەپتۇ ئىت مۈشۈككە.

— ياق، — دەپتۇ مۈشۈك، — خوجايىن: ئۈزۈكنى سەن ئېلىپ ماڭ دېگەن، ساڭا بەرمەيمەن.

— مەن سەندىن پۇختىراق، سۇدىن ئۆتكۈچە ئۈزۈكنى مەن ئاغزىمغا سېلىۋالاي، ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ ئىت.

مۈشۈك ئاخىرى ئۈزۈكنى ئىتقا بېرىپتۇ. ئۇلار سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغاندا ئىت:

— ۋاي، ئۈزۈك ئاغزىمدىن سۇغا چۈشۈپ كەتتى — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ مۈشۈك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— مەن ئىزدەپ باقاي، - دەپتۇ ئىت. لېكىن قانچە ئىزدىگەن بىلەن تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار ئەھۋالنى خوجايىنغا ئېيتىش ئۈچۈن قايتىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئىت خوجايىننىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، ئورمانلىققا قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

مۈشۈكنىڭ يالغۇز ۋە شۇنچە تېز قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خوجايىن ئەنسىرىگەن ھالدا:

— ئىت قېنى؟ — دەپتۇ.

— ئۈزۈكنى يوقىتىپ قويۇپ قېچىپ كەتتى، — دەپتۇ مۈشۈك ۋە بولغان ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

غەزەبلەنگەن باي ئىتنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، يېزىدىكى بارلىق ئىتلارنى يىغىپتۇ-دە، ئۇلارغا نەدىن بولمىسۇن ھېلىقى ئىتنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

— بىز ئۇ ئىتىڭىزنى باشقا ئىتلاردىن قانداق پەرق ئېتىمىز؟ — دەپ سورىشىپتۇ ئىتلار.

— ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق، چىشىغا قاراپ ئۇڭايلا بىلىۋالىسىلەر دەپتۇ باي.

شۇنداق قىلىپ ئىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ چىقىپ كېتىشىپتۇ. بارمىغان شەھەر، يېزا، چىقمىغان دۆڭ، چۈشمىگەن ئوي قالماپتۇ. لېكىن ئۇ ئىت ھېچيەردىن تېپىلماپتۇ. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىزدىشىۋاتقۇدەك، زادىلا تاپالمايۋاتقۇدەك. شۇڭا ھازىرمۇ ئىتلار بىر-بىرىگە يولۇقۇپ قالغان ھامان: «باينىڭ ئۈزۈكىنى يوقاتقان ئىت مەن ئەمەس، ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق، چىشلىرىم ساق» دەپ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشىكەن.

## تۆگىنىڭ قۇيرۇقى نېمىشقا كالتە بولۇپ قالغان

بۇرۇنقى زاماندا، يىراق تاغنىڭ ئارىسىدا بىر توپ ھايۋانات ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت زىلزىلە بولۇپ، يەر يېرىلىپ، تاغلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلغىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ ئەھۋالدىن قورقۇپ كەتكەن هايۋانلار بىخەتەر، كەڭ دالاغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. تاغلار يېرىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، هايۋانلار دالاغا قاراپ قېچىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ تېز يوگورەلەيدىغان، چاققانلىرى ئامان-ئېسەن قېچىپ چىقىپتۇ. بىراق توڭگىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن هەم كالامپاي بولغاچقا، ئۇ هەممە هايۋانلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، يېرىلغان تاغلار جۇپلەشكەندە قۇيرۇقى قىسىلىپ ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئۆزى بولسا، ئارانلا قېچىپ چىقىۋاپتۇ. توڭگىنىڭ قۇيرۇقى شۇنىڭدىن بۇيان كالتە بولۇپ قالغانىكەن.

## چەۋىن هەققىدە

هازىرقى چەۋىنلەر ئەسلىدە بىر يالماۋۇز ئىكەنمىش. ئۇ مەلۇم شەهەرگە ئاپەت ياغدۇرماقچى بولۇپ كېلىۋاتقاندا، شەهەرنىڭ پادشاهى دەرهال مەيدانغا چىقىپ:

— شەهىرىمىزگە بىر يالماۋۇز كېلىۋاتىدۇ، چوڭ-كىچىك هەممىمىز جەڭگە ئاتلىنىپ شەهىرىمىزنى قوغدايلى. بىرىنچى سەپتىكىلەر ئوقيا ئالسۇن؛ ئىككىنچى سەپتىكىلەر نەيزە ئالسۇن؛ ئۈچىنچى سەپتىكىلەر قىلىچ ئالسۇن! — دەپ پەرمان قىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي هېلىقى يالماۋۇز يېتىپ كەپتۇ. شەهەر خەلقى بىلەن يالماۋۇز ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. خەلق ئاخىرى يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە خۇشال-خۇرام ئۆيلىرىگە قاراپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئەقىللىق پادشاه نەۋكەرلىرىگە:

— يالماۋۇز تېخى ئۆلمىدى. سىلەر ئۇنىڭ جەسىدىنى ئۈچ پارچە قىلىپ، ئۈچ تاغنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

نەۋكەرلەر پادشاهنىڭ بۇيرۇقىنى دەرهال ئىجرا قىپتۇ. ئەتىسى پادشاه يەنە:

— ئۇنىڭ جەسىدىنى كۆيدۈرۈپ چۆل جەزىرىلەرگە چېچىۋېتىڭلار! — دەپ ئەمرى قىپتۇ. نەۋكەرلەر شاهنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىشنى ئورۇنداپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت خەلقى خاتىرجەم بوپتۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي شەهەر ئۈستىگە بىرخىل هاشارات ئۇچۇپ كەپتۇ. گەرچە بۇ هاشاراتلار چوڭ زىيان كەلتۈرەلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ پاسكىنىلىقى بىلەن كىشىنى يىرگەندۈرىدىكەن. ئۇ داۋاملىق «مەن چامامنىڭ يېتىشىچە سىلەردىن ئۈچ ئالىمەن!» دەپ گىژىلدىغۇدەك. شۇ چاغدا كىشىلەر بۇلارنىڭ هېلىقى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن يالماۋۇزنىڭ كۈلىدىن پەيدا بولغان هاشارات ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا «چەۋىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پالاق ياساپ، چەۋىننى كۆرگەن زامان قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈش ئادەتكە ئايلانغانىكەن.

## ئېشەك مۈڭگۈزىدىن قانداق ئايرىلىپ قالغان

بۇرۇنقى زاماندا ئېشەكنىڭمۇ خۇددى كالىنىڭكىدەك قاتتىق، يوغان مۈڭگۈزى بارىكەن. ئۇ ئاشۇ بىر جۈپ مۈڭگۈزىگە تايىنىپ هەممىلا يەردە زوراۋانلىق قىلىدىكەن. بوزەكنى بوزەك ئېتىپ، ئاجىز-ئۇششاقلارغا زادىلا كۈن بەرمەيدىكەن. ئۇ كۆرەڭلەپ، ئۇچرىغاننى ئۈسسۈيدىكەن، يېقىن كەلگەننى تېپىدىكەن، ئىشلىمەي چىشلەيدىكەن.

ئىشەكنىڭ قۇلۇم - قوشنا، يار - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ مۇنداق زوراۋانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، هايۋانلار پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئىشەكنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— هەي شەرمەندە! بېشىڭدىكى بۇ مۈڭگۈزنى ساڭا ئۆزىنى دۈشمەندىن قوغدىسۇن دەپ بەرگەن، ئەمدى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز دوستلىرىڭغا، قۇلۇم - قوشنا ئاجىزلارغا كۈن بەرمەيدىغان بولدۇڭمۇ؟ — دەپتۇ ۋە غەزەبلىنىپ ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى شۇ يەردىلا يۇلۇپ تاشلاپتۇ. ئېشەك مۈڭگۈزىدىن ئەبەدىي ئايرىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئېشەك ئادەتتىكى هايۋانلاردىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. «خۇدايىم بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## مۈشۈك نېمە ئۈچۈن چاشقان يەيدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا مۈشۈك بىلەن چاشقان ناهايىتى ئىناق دوست ئىكەن. ئۇلار تاپقاننى تەڭ يەپ، بىللە ئويناپ، بىللە ياشايدىكەن.

شۇ دەۋرلەردە ئىنسانلار يىل مۆچەللىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن هەر خىل هايۋانلارنى يىغىپ سايلام ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ - دە، پۈتۈن هايۋانلارغا سايلامغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىپتۇ.

مۈشۈكنىڭ ئۇيقۇسى قاتتىق ئىكەن، شۇڭا ئۇ مۆچەل سايلىمىغا قاتنىشالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دوستى چاشقانغا:

— ئاداش، ئەتە سايلامغا بىللە بارايلى. ئۇيقۇمنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلىسەن، مېنى چوقۇم ئويغىتىپ قوي، ئەتىگەنرەك بارىمىز جۇمۇ، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بول، مۈشۈك ئاكا، مەن سەهەر ئويغىنىمەن. سېنى چاقىرمايمۇ ماڭمايمەن، — دەپتۇ چاشقان. لېكىن ئۇ كېچىچە «سايلامغا قاتنىشىدىغانلار قانچە ئاز بولسا، شۇنچە ياخشى، كۆپ بولۇپ كەتسە سايلىنالماي قالىمەن» دەپ ئويلاپ، ئېچى تارلىق قىپتۇ - دە، ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۈشۈكنى چاقىرماستىنلا ئۆزى يالغۇز سايلام مەيدانىغا كېتىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئون ئىككى هايۋان قاتارىدا يىل مۆچەللىكىگە سايلىنىپتۇ. هەتتا بېشەملىك قىلىپ مۆچەلنىڭ ئەڭ ئالدىنقى رېتىنى قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن چاشقان كۆرەڭلىگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغان مۈشۈك چاشقاندىن:

— سايلامغا قاچان بارىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتامسەن، نېمە؟ — دەپتۇ چاشقان كۈلۈپ، — سايلام ئاياغلاشقىلى نېكەم، مەن سايلانغىنىمدىن باشقا تېخى بىرىنچى رەتنىمۇ قولدىن بەرمىدىم!

— نېمىشقا مېنى چاقىردىۋالمىدىڭ؟ — دەپتۇ مۈشۈك خاپا بولۇپ.

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ چاشقان.

غەزەپتىن مۈشۈكنىڭ بۇرۇتلىرى تىك بولۇپ كېتىپتۇ ۋە «هو يۈزسىز!» دەپ

تىللىغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ چاشقاننى بوغۇپ تاشلاپتۇ. چاشقان شۇئان جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. مۇشۇك ھەر قانچە قىلسىمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەپتۇ. يىل مۆچەللىكىگە سايلىنىشتىن قۇرۇق قاپتۇ. شۇ سەۋەپتىن چاشقاننى كۆرگەن ھامان مۇشۇكنىڭ غەزىپى قوزغىلىدىكەن-دە، ئۇنى شۇ يەردىلا بوغۇپ يەۋېتىدىكەن. چاشقان شۇ چاغدىن باشلاپ ئون ئىككى مۆچەلنىڭ بىرىنچى يىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغانىكەن.

## قاغا نېمە ئۈچۈن قارا

بۇرۇنقى زاماندا قاغا تۈك-پەيلىرى، قانات-قۇيرۇقلىرى بەك چىرايلىق، تۈزىنىڭكى دىنىمۇ رەڭدار، ناھايىتى يېقىملىق سايرايدىغان قۇش ئىكەنمىش. شۇڭا ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ نەگىلا بارسا، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىدىكەن ۋە ئۇنى ئورمانلىقتىكى ھۆر پەرى دەپ ماختايدىكەن. بۇ گۈزەل قۇش ماختاشلارنى ئاڭلاۋەرگەندىن كېيىن، مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، بارا-بارا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ باشقا قۇشلارنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىغان ھامان تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ:

— بولدىلا، قۇلىقىمنى ئاغرىتماي ئاغزىڭنى يۇمۇش! ئاۋازلىرىڭ نېمىدېگەن سەت. ماڭا ئوخشاش سايرىيالىساڭ سايراش. بولمىسا، كۆزۈمدىن يوقىلىش! — دەپ ۋارقىرايدىكەن. شۇڭا قۇشلار ئۇنى كۆرسىلا قاچىدىغان بولۇشۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قۇش تاغ باغرىدا ئۆزى يالغۇز ئاخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، دالىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئوتنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىمۇ چىرايلىق قۇش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ-دە، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەيۋە قىپتۇ:

— ھەي، سەن قانداق قۇش؟ سەن تەپ تارتماستىن مېنىڭ ئالدىمدا ئەدەبسىزلىك قىلىپ، قانات قېقىپ، يالتىراپ يۈرۈيسەنا؟!

ئوت يەنىلا يالتىراپ، «چاراس-چۇرۇس» ئاۋاز چىقىرىپ، تېخىمۇ ئەدەپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ھاكاۋۇر قاغا: «بۇ تېخى مېنىڭ گېپىمگە جاۋاب بەرمەكتە يوق، يەنە ناخشا ئېيتىپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇغۇ!» دەپ ئويلاپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، ئوتقا قاراپ تاشلىنىپتۇ.

قاغا «پاژ-پۇژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، «ۋايجان، مەن كۆيۈپ كەتتىم!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ۋە مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىسا، بەدىنىدىكى رەڭگارەڭ چىرايلىق پەيلىرىدىن، ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. پەقەت بەدىنىدە ئازغىنە قارا تۈك، سوكال قۇيرۇقلا قاپتۇ. سايراپ باقماقچى بولغانىكەن، ھەر قانچە قىلسىمۇ سايرىيالماپتۇ. پەقەت «قاق-قاق» قىلغاندىن باشقا ئاۋاز چىقماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىكى بىر گۈزەل قۇش ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن بۈگۈنكى قاپقارا قاغىغا ئايلىنىپ قالغانىكەن.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەخەت ھاشىم.

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## تەدبىرلىك ئالىم

مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشفىي ھەر جۇمە كۈنى ھىراتنىڭ ئۇلۇغ مەيدانىدا ۋەز ئېيتىپ، خەلققە پەند-نەسىھەت قىلاتتى. ئىبرەتلىك ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل سۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان خەلق مەۋلانا ھۇسەيىنگە تاپقانلىرىنى دۇئا قىلدۇراتتى. ۋەزدىن كېيىن، يىغىلغان ھەممە نەرسىنى ئاپىرىپ مەدرىسىدىكى مۇساپىر تالىپلار، غېرىب-غۇربا، يوقسۇزلارغا بۆلۈپ بېرەتتى.

بىر جۇمە كۈنى مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشفىي يىغىلغان پۇل ۋە ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ كەمبەغەل-نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشكە ماڭدى.

يېرىم كېچە بولغاندا، مەدرىسە ئەھلى شېرىن ئۇيقۇدىكى چاغدا مەۋلانانىڭ ھۇجرىسى يېنىدا ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. ھۇجرا ئىشىكىنى بىرى تاراقلاتقىلى تۇردى. مەۋلانا ھۇسەيىن ئىشىكنى ئېچىشغا قوراللىق ئالتە كىشى يۇپۇرۇلۇپ كەلدى. مەۋلانا ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

بۇ نامەلۇم ئادەملەر ئىچكىرىگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلىدى. ئۇلاردىن بىرى مەۋلانە ھۇسەيىنگە تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك داموللام، بىز ئوغرىلار تائىپىسىدىن بولىمىز. ھازىر پۇلغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدۇق. بۇ ھەقتە ئۆز ئەھۋالىمىزنى سىلىگە دېگىلى كەلدۇق. بۈگۈن چۈشكەن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى بىزگە بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەۋلانا ھۇسەيىن ئوغرىلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. دەرھال داستىخان سېلىپ، نازۇ نېمەتلەرنى مول قويۇپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى:

— ئەزىزلەر، بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولۇپ كەپسىلەر، بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇرسەنمەن. ساھىبخان ئەلۋەتتە مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى كېرەك. مەندىن ياردەم سوراپ كەپسىلەر، جان-دىلىم بىلەن قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى نەرسىنى سىلەردەك ئەزىز مېھمانلاردىن ئايىمايمەن. يالغۇز بۈگۈن چۈشكەن ئالتۇن-كۈمۈشنىلا ئەمەس، ھەر قايسىڭلارغا بىردىن تونمۇ ھەدىيە قىلىمەن. ھازىر پولۇ تەييارلاشقا تۇتۇش قىلايلى، گۆش، سەۋزە بېرەي، ئۇنى ئۆزۈڭلار توغراڭلار، بىرىڭلار ئوچاققا ئوت قالاڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن بىر پولۇ يېيىش ئارزۇسىدىمەن، — دېدى.

ئوغرىلار ماقۇل بولۇشتى. مەۋلانا

كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۇلارغا تەقلەپ بەردى. ئاندىن ئۇلارغا:

— مەنمۇ بىكار ئولتۇرماي، سىلەرگە قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى.

ئوغرىلار مەۋلانا كاشفىينىڭ ئۆتكۈر ناتىقلىقىنى، سۆزلىرىنىڭ تەسىرلىك ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى. ئوغرىلار بۇ ئالىمنىڭ ھېكايىسىنىڭ پولۇدىنمۇ لەززەتلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشتى. مەۋلانا ئۆز ھېكايىسىنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال ئىككى قارىمۇ-قارشى تەرەپكە كۈرسى (كىچىك ئورۇندۇق) قويىدى. ئوغرىلار بۇ ئورۇندۇقلارغا جايلىشىپ ئولتۇرۇشتى. مەۋلانا ئۆزىنىڭ ھېكايە سۆزلەش ئادىتى بويىچە ئوتتۇرىدا ئۇ باشتىن بۇ باشقا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر شەھەردە ئەخمەت دېگەن بىر كەمبەغەل ئادەم بار ئىدى. ئۇ شەھەرگە يېقىن بىر پارچە يەرگە تېرىقچىلىق قىلىپ، شۇنىڭدىن چىققان دارامەت بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ئۇ بىر يىلى ئەتىيازدا يەر ھەيدەۋېتىپ، قوشنىڭ چىشىغا قاتتىق بىر نەرسىنىڭ تاقىشىپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ قوشنى توختىتىپ، ئۇ يەرنى كولاپ تەكشۈردى. قوشنىڭ چىشىغا ئۇرۇلغىنى ئاغزى مەھكەم بېكىتىلگەن بىر كوزا بولۇپ چىقتى. ئەخمەت كوزىنى كولاپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا لىق تۇرغان قىممەتلىك ئېسىل جاۋاھىر ۋە ئالتۇن تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئەخمەت بۇنىڭ بىلەن سەل تەمتىرەپ قالدى. كوزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىدى، شۇنداقلا ئۇنى ئەكەتكەن تەقدىردىمۇ، باشقىلارنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كوزىنى يەرگە قايتا كۆمۈپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتتى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، بۇ كوزىنى يېقىن قوشنىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئەكىلىپ بۆلۈۋالماقچى بولدى.

ئەخمەتنىڭ يېقىن قوشنىسى ھىيلىگەر بىر باي ئىدى. ئۇ سوپىلىق قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق بۇزۇقچىلىق ۋە جىنايەتتىن يانمايتتى. ئەخمەت ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغىنى ئۈچۈن يولدا كېلىۋېتىپ ئويلىغانلىرىنى بۇ قوشنىسىغا ئېيتتى.



ھىيلىگەر باي قوشنىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئەتىسى ئىككىسى بىللە ئېتىزلىققا باردى. كوزىنى كۆمۈلگەن جايىدىن كولاپ چىقاردى. بەتنىيەت قوشنىسى نىيىتىنى بۇزدى، بۇ بايلىققا يالغۇز ئۆزى ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلدى. ئاجىز ئەخمەتنى بىردەمدىلا يەرگە يىقىتتى ۋە كانىيىغا پىچاق سۇرۇشكە تەييارلاندى...

ئوغرىلار ھېكايىغا مەھلىيا بولۇپ كېتىپ، قالغان ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرۈپ ھېكايە ئېيتىۋاتقان مەۋلانا كاشىفىي پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى چىقىرىپ، ئاستالا ئېچىپ قويدى-دە، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىچارە ئەخمەت بۇ رەھىمسىز قوشنىسىغا «جېنىم قوشنام، ماڭا رەھىم قىل، مېنى ئۆلتۈرمە، بۇ كوزىدىكى ھەممە دۇنيانى سەنلا ئال. ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالمىدى. جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئەخمەت قوشنىسىغا: «ئەمدى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. سەن مېنى جەزمەن ئۆلتۈرىسەن. سېنىڭدىن پەقەت بىرلا ئىلتىماسىم بار، بۇنى رەت قىلما. ئايالىم ھامىلدار ئىدى. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن ئەگەر كۆزى يورۇپ، سالامەت پەرزەنت كۆرسە، ئىسمىنى «دات» قويسۇن، — دېدى.

باي ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى-دە، ئەخمەتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە، ئوغرىلار ۋارقىرىشىپ، ئەخمەتكە ئىچ ئاغرىتىشتى. مەۋلانەكاشىفىي ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— باي ئەخمەتنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، كوزىنى چاپىنىغا ئوراپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئالدىراپ كېلىۋېتىپ، يولدا ئەخمەتنىڭ خوتۇنىغا ئۇچراپ قالدى، ئايالغا ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېيتتى. بىچارە ئايال نېمىمۇ قىلالىسۇن، كۆز يېشىغا زورلاش بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى. ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭغا «داد» دېگەن ئىسىم قويدى. بىچارە ئايال نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەت چېكىپ، بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىدى. بالا تۆت ياشقا كىردى.

بىر كۈنى شەھەر ھاكىمى ئۆز ئادەملىرى بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، داد كوچىدا ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىسى بىر توپ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغلىغا قاراپ:

— داد...! — داد...! — نەدىسەن ئوغلۇم داد! جېنىم بالام داد، — دەپ ۋارقىراپ بالىسىنى چاقىردى.

مەۋلانە ھۇسەيىن كاشىفىي ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە پۈتۈن مەدرىسىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، «داد...!» دېگەن سۆزنى ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ ئېيتتى. مەدرىسىدىكىلەر «داد!» دېگەن ئاۋۇشىنىڭ مەۋلانە كاشىفىينىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، شۇ ياققا قاراپ يۈگۈرۈشتى ۋە بىردەمدىلا ھەممىسى ھۇجرىغا قاپساپ كەلدى. مەۋلانانىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇلار ئوغرىلارنى تۇتۇپ باغلىۋالدى. ئوغرىلار شۇ چاغدىلا بۇ ئالىمنىڭ ھىيلىسىنى چۈشىنىپ، پۇشايمان قىلىشتى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئوغرىلارنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئەكېلىشتى. پادىشاھ ۋەقەنى ئۇققاندىن كېيىن، ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كاشىفىيغا تەزىم قىلدى ۋە مۇنداق تەلەپ قويدى:

— مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىي،

تەدبىرلىرىگە بارىكاللا! بىزنى ھېچقانداق ھاكىم-ئەمەلدار تۇتالمىغاندى، ئۆزلىرى ئاجايىپ تەدبىر ئىشلىتىپ، بىزنى تۇتتىلا. ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن زېرەك، تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكلىرىگە باش ئېگىمەن. پەقەت ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزلىرىگە بىرلا ئىلتىماسىم بار: ھېكايىلىرىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ بەرسىلە، ئاندىن ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق، — دېدى.

مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىي پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ھېكايىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى؛

— ھاكىم «داد» دېگەن ئاۋۇشنى ئاڭلاپ دەرھال توختىدى. مۇلازىملىرىغا داد دېگۈچىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار كىچىك بىر بالىنى قۇچاقلاپ، يىغلاپ تۇرغان بىر ئايالنى ئەكەلدى.

ھاكىم ئاتتىن چۈشۈپ ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئايالدىن:

— قىزىم، نېمىشقا داد، دەپ يىغلايسەن؟ سېنى كىم ئازابلىدى، قايسى نائىنساب سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى؟ سەن ئەھۋالنى ماڭا تەپسىلىي ئېيت، ساڭا جەبرۇ-زۇلۇم سالغان زالىمنىڭ جازاسىنى بېرەي، — دېدى.

ئايال يىغىدىن توختاپ:

— ماڭا ھېچكىم زۇلۇم سالمىدى. مۇنۇ ئوغلۇمنى ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالمىغىدى، دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانىدىم، — دېدى.

ھاكىم ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇڭنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئېتى «داد».

— بۇنداقمۇ ئىسىم بولامدۇ؟ بۇ ئىسىمنى كىم قويغان؟

ئايال ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئېرىمنى ئېتىزدا بىراۋلار ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا بىزنىڭ بىر باي قوشنىمىزغا: «ئەگەر ھامىلدار ئايالىم سالامەت پەرزەنت كۆرسە، ئىسمىنى ‹داد› قويسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن، قوشنىمىز ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتىنى ماڭا يەتكۈزدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بالامنىڭ ئىسمىنى داد قويدۇم، — دېدى.

ھاكىم بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئاڭلاپ، ھاياجانلاندى؛ بۇ دەردمەن ئايالنىڭ ھالىدىن ئېچىندى. مۇلازىملىرىغا ئايالنىڭ باي قوشنىسىنى ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. ئايالنى بالىسى بىلەن بىرگە مەھكىمىگە ئەكەتتى.

ياساۋۇللار باينى مەھكىمىگە ئەكىلىشتى. باي قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھاكىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

— بۇ بالىغا كىم «داد» دېگەن ئىسىمنى قويدى؟

— دادىسى.

— دادىسى قويدىمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئەھۋالنى جەريانى بىلەن سۆزلە.

— بالىنىڭ دادىسى — ئەخمەت چالا ئۆلۈك قىلىنىپ ئېتىزغا تاشلاپ قويۇلغانىكەن، دەل ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ئىش بىلەن بېرىپ قاپتىمەن. ئەخمەتنىڭ قانغا بويىلىپ، توپىدا ئېغىناپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ماڭا ئايالىنىڭ ھامىلدارلىقىنى، ئاي، كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى، ئەگەر

سالامەت پەرزەنت كۆرسە ئۇنىڭ ئېتىنى
«داد» قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىپلا جان
ئۈزدى. مەن كېلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى
خوتۇنىغا ئېيتتىم، — دېدى.

باي بۇنى سۆزلىگۈچە بىردە تەرلەپ،
بىردە تىترەپ، رەڭگىرويى ئۆچۈپ كەتتى.

هاكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن:

— سەن يالغان سۆزلىدىڭ، ئۇنىڭ
يېرىگە قانداق رەزىل غەرەز بىلەن باردىڭ؟
ئوغرىلار مال-دۇنياسى بار ئادەمنى كۆزلە-
تىدۇ، بولىدۇ. ئۇنىڭدەك كەمبەغەل ئادەمنى
نېمە قىلىدۇ؟ راستىڭنى ئېيت! — دەپ
بۇيرۇق قىلدى غەزەپ بىلەن.

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ئوغرىلار
هاكىمنىڭ سۆزىگە ھېسداشلىق قىلىشتى.

مەۋلانا كاشىفي ھېكايىسىنى داۋام-
لاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، چالا ئۆلۈك يات-
قان ئەخمەت سېنىڭ قولۇڭدا جان ئۈزۈپتۇ.
ئۇنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ
سورىدى هاكىم يەنە.

— شۇ يەرنى كولاپ كۆمۈپ قويدۇم، —
دېدى باي ئىختىيارسىز هالدا.

— جەسەتنى ھەرقانداق ئەھۋال
ئاستىدا ئىمكانىيار ئۆيىگە ئەكىلىپ يۇيۇپ،
نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىش
كېرەك ئەمەسمىدى؟

باي جاۋاب بېرەلمەي جىم تۇرۇپ
قالدى. ئەخمەتنىڭ ئايالى هاكىمغا ۋە مەھ-
كىمىگە يىغىلغان يۇرت چوڭلىرىغا:

— ئاشۇ پاجىئە پەيدا بولغان كۈنى
ئەتىگەندە ئېرىم بۇ باي قوشنىمىز بىلەن
ئېتىزلىققا بىللە كەتكەن. كەچقۇرۇن قاي-
تىپ كەلمىدى. تىت-تىت بولۇپ تۇراتتىم،
بۇ قوشنىمىز كىرىپ، ئېرىمنىڭ ۋاپات
بولغانلىقىنىلا ئېيتتى، قانداق، نېمە سەۋەب
بىلەن ئۆلگەنلىكىنى دېمىدى. مەنمۇ بۇ
ئېغىر قايغۇ بىلەن گاڭگىراپ كېتىپ، ئۇ-
نىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلماپتىمەن، —
دېدى.

مەھكىمىدە ئولتۇرغان بىرنەچچە كى-
شىمۇ شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئەخمەتنىڭ
مۇشۇ باي بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى
كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

هاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن:

— مانا ئاڭلىدىڭمۇ، — دېدى بايغا، —
قىلغان سۆزۈڭنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى دەلىل-
لەيدىغان پاكىتلار تولۇق. ئۇ بېچارىنى
ئۆلتۈرگۈچى قاتىل سەن ئېيتقاندەك قان-
داقتۇر نامەلۇم ئوغرىلار ئەمەس، بەلكى
سەن ئۆزۈڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنى
ئېيتىپ بەر، — دەپ قىستىدى. باي ئىلاجى-
سىز جىنايىتىگە ئىقرار بولدى. هاكىم
شەرىئەت هۆكمى بويىچە ئۇنى دارغا ئاس-
تى. ئۇنىڭ بارلىق مال-مۈلۈك، دۇنياسىنى
مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى دادىنىڭ نامىغا ياز-
دۇردى ۋە بالىغا قاراپ:

— ئوغلۇم، ئىسمىڭنى بۇندىن كېيىن
«دىلشات» دەپ ئۆزگەرتەيلى. چۈنكى
شېهىت بولغان داداڭنىڭ ئىنتىقامى ئېلى-
نىپ، دىلىڭ شادلاندى. داداڭ ساڭا نېمە
ئۈچۈن «داد» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنىڭ
سىرى بۈگۈن ئېچىلدى، — دېدى.

مەۋلانا هۇسەيىن ۋائىز كاشىفي
ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. مەھكىمىدىكى
ھەممەيلەن ھەتتا ئوغرىلارمۇ هاكىمنىڭ
قىلغانلىرىغا رازى بولۇشتى ۋە ئۇنىڭ
ئادالەتپەرۋەرلىكىدىن خۇرسەن بولۇشتى.

ئۇغرىلارنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— رەھمەت سىلىگە مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىي، ھېكايىنى ئاخىرغىچە ئېيتىپ بەردىلە. ئەمدى ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق، — دېدى.

مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىي پادىشاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىدىن مېنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. بەلكىم بۇ ئىلتىماسىمنى جانابلىرى رەت قىلماس، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئادەملەر ئوغرىلىق قىلىشتەك يامان يولدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، جازاغا تارتىلىشى كېرەك. لېكىن بۇلار بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولدى.

ھېكايە ئېيتىپ بۇلارنى تۇتۇپ بېرىشتىن مەقسىتىم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالدىڭىزدا بۇلارنى ئۆزى قىلغان يامانلىقلىرىغا تۇۋا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مەن ھېكايىنى سۆزلەۋاتقان چېغىمدا بۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلدىم: بايىنىڭ ئەخمەتنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلەنگەندە، بۇلار ھەسرەت چېكىپ، يىغلىشىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئۇلار يامان ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىدىغانلىقىغا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرسىمۇ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىدى. ئۇلارنىڭ بۇ روھىي ھالەتلىرىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ئوغرىلىقنى مۇقىم كەسىپ قىلمىغان. موھتاجلىق ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي، يامان يولغا كىرىپ قېلىشقان. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، مېنىڭ تەربىيىلىشىمگە بېرىشلىرىنى سورايمەن. مەن بۇلارنى ئاشۇ يولدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمغا، بۇلارنىڭمۇ خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇشىغا ئىشىنىمەن، — دېدى.

پادىشاھ مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىينىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. ئوغرىلارنى ئازاد قىلىپ مەۋلانانىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئوغرىلار مەۋلانا كاشىفىينىڭ بۇ ئالىيجانابلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاشتى. پادىشاھ ۋە مەۋلانا ئالدىدا تۇۋا قىلىشتى. مەۋلانا ئۇلارنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋالدى. ئاشۇ ئالتە ئوغرى ھەزرىتى مەۋلانا كاشىفىينىڭ ئالىم، پازىل شاگىرتلىرىدىن بولۇپ يېتىشتى.

## غەيۋەتخورنىڭ جازاسى

ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن سەلجۇقىيلارنىڭ ئالتىنچى سۇلتانى سەنجەر مازىينىڭ ۋەزىرى سۇلتانغا بىر ئادەمنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئىنتايىن ئەسكى ئادەم، ئۈستىڭىزدىن ھەرخىل بولمىغۇر گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرىدۇ. دۆلىتىڭىز ئۈچۈن خەۋپلىك بولغان بۇ ئادەمگە جازا بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى.

سۇلتان سەنجەر مازىي:

— بولىدۇ، ئەتە ئۇ ئادەمنى سېنىڭ دېگىنىڭدەك جازالايمەن، — دېدى.

ۋەزىر خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز ئۆيىگە قايتتى. سۇلتان ئەتىسى ۋەزىر دېگەن

ئادەمنى جاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئات، تون ۋە پۇل ئىنئام بەردى. بۇ ئادەم سۇلتاننىڭ بەرگەن سوۋغاتلىرىدىن خۇشال بولۇپ قايتتى. ۋەزىر سۇلتاننىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ:

— ئۇنىڭغا جازا بەرمەكچىدىڭىز، ئەكسىچە سوۋغات بېرىپ، ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدىڭىز، بۇ ئىشىڭىز مېنى ھەيرانلىقتا قالدۇردى، — دېدى.

سۇلتان ۋەزىرگە:

— ئەگەر ئۇ ئادەم سېنىڭ دوستۇڭ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ماڭا غەيۋەت قىلمىغان بولاتتىڭ. ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىڭ. مەن سېنىڭدەك غەيۋەتخور، چېقىمچىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايمەن. جازالاش توغرا كەلسە، سەن جازالىنىشىڭ كېرەك. ساڭا ئوخشاشلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالسام، خەلقنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى يوقىلىدۇ. بۇ ھال دۆلەتكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ۋەزىر ئىنتايىن نۇسال ئەھۋالدا قالدى.

## ھارۇن بىلەن باغۋەن

ھارۇن رەشىد باغدات كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر قېرى باغۋەننىڭ خورما كۆچىتى تىكىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— خورما كۆچىتى ئۇزۇن يىلدىن كېيىن مېۋە بېرىدۇ. بەلكىم بۇ كۆچەتلىرىڭىز مېۋە بەرگۈچە ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمرىڭىز پايلىماس، قىلغان ئەجرىڭىزگە يارىشا بۇنىڭ مېۋىسىنىمۇ يېيەلمەسسىز. ئاۋارە بولغىنىڭىزلا قالارمىكىن؟

باغۋەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

— بوۋىلىرىمىز تېرىدى، بىز يېدۇق. ئەمدى بىز تېرىساق باللىرىمىز يەيدۇ.

باغۋەننىڭ سۆزى ھارۇنغا يېقىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا يۈز تىللا ئىنئام بەردى. باغۋەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ۋە شۈكرى-سانا ئوقۇدى. ھارۇن باغۋەننىڭ نېمە ئۈچۈن شۈكرى-سانا ئوقۇغانلىقىنى سورىدى. باغۋەن ھارۇنغا:

— باشقىلار تىككەن خورما كۆچىتى كۆپ يىلدىن كېيىن مېۋە بەرگەن بولسا، مېنىڭ بۇ كۆچەتلىرىم تىكىلگەن كۈنىلا مېۋە بەردى. شۇنىڭغا شۈكرى-سانا قىلدىم، — دېدى.



ھارۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يەنە يۈز تىللا بەردى. باغۋەن يەنە شۈكرى دېدى. ھارۇن ئۇنىڭدىن يەنە بۇ ئىككىنچى قېتىملىق شۈكرى دېيىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. باغۋەن ئۇنىڭغا:

— باشقىلارنىڭ كۆچىتى يىلىغا بىر قېتىم مېۋە بەرسە، مېنىڭ كۆچىتىم بىر كۈندە ئىككى قېتىم مېۋە بەردى، — دېدى.

ھارۇن رەشىد باغۋەننىڭ زېرەك، بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى.

## مۇۋاپىق جازا

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋۋال شەھەرنى قامال قىلدى. ئاندىن ئىران شاھى دارادىن خەزىنىدىكى مال - دۇنيانى تەلەپ قىلدى. دارا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر ھۇجۇمنى جىددىيلەشتۈردى. ئەمما ھەرقانچە قىلسىمۇ دارانى يېڭەلمىدى. شۇندىن كېيىن ئىسكەندەر ھىيلە بىلەن دارانى يوقىتىپ، قورغاننى ئېلىشنى مەقسەت قىلدى.

دارانىڭ ئۆز قۇللىرى ئارىسىدىن تاللىۋېلىپ تەربىيىلەپ، ئاخىرىدا ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالغان ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۇ ئىككىسىگە يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ خۇپىيانە ھالدا قېشىغا بىر كېلىپ كېتىشىنى خەۋەر قىلدۇردى. بۇ ئىككى ۋەزىر تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار كېچىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىسكەندەر ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. سۆھبەت داۋامىدا ئىسكەندەر ئۇلارغا ئۆز مەقسىتىنى دېدى:

— ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم بەرسەڭلار، قىلغان خىزمىتىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئەڭ يۇقىرى ئورۇن ھەدىيە قىلىمەن.

بۇ ئىككى ۋەزىر ئىسكەندەرنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ھەرقانداق ۋەزىپە تاپشۇرۇلسا، بىجانىدىل ئورۇنداشقا ۋەدە بەردى. ئىسكەندەر ئۇلارغا دارانى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ۋەزىرلەر ئەتىسى ئىسكەندەرنىڭ بۇيرۇقىنى دېگىنىدەك ئورۇنداپ كەلدى. ئىسكەندەر دەرھال دارانى دەپنە قىلىشنى ۋە ئىككى ئېگىز دار تەييارلاپ بۇ ئىككى ۋەزىرنى ئېسىشنى بۇيرۇدى.

ئىسكەندەردىن يۇقىرى مەنسەپ، قىممەتلىك ئىنئام كۈتۈپ تۇرغان ئىككى ۋەزىر ئىسكەندەرنىڭ بۇ پەرمانىنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قېلىشتى ۋە:

— ۋەدە بويىچە بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇندىساق، بىزگە يۇقىرى مەنسەپ، قىممەتلىك ئىنئام تەقدىم قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز ۋەدىڭىزگە خىلاپلىق قىلىپ، بىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋاتىسىز. بۇ نامەردلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.

ئىسكەندەر ئۇلارغا:

— مەن نامەردلىك قىلمىدىم، ئۆزۈمگە ئىنساب، ئادالەتنى يېتەكچى قىلىپ، توغرا ئىش قىلماقچىمەن. راست، سىلەرگە يۇقىرى ئورۇن بېرىشنى ۋەدە قىلدىم، مانا ئەمدى شۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىمەن.



دارا سىلەرنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، تەربىيەلەپ ۋەزىرلىككە كۆتۈردى. ئەمما سىلەر ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا يامانلىق قىلدىڭلار. ئۆز تەربىيىچىسىگە خىيانەت قىلغانلار تۇزكور كىشىلەردۇر. ئۇنداقلاردىن ئەلۋەتتە ماڭىمۇ ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن. تۇز ھەققىگە ھۆرمەت قىلماي، خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويغانلارغا مانا شۇنداق مۇكاپات بېرىلىدۇ. مېنىڭ قوشۇنۇم ئىچىدە مانا مۇشۇ داردىن يۇقىرى ئورۇن يوق. مەرھەمەت قىلىپ ئۆز ئورنۇڭلارنى ئېلىڭلار! — دېدى دارنى كۆرسىتىپ.

## ساخاۋەت

بىر ھەممەتلىك، سېخى ئادەمنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئاشلىقى بار ئىدى. بىر يىلى ئۇ تۇرغان شەھەردە ئاشلىق قەھەتچىلىكى باشلاندى. بۇ سېخى ئادەم ھەممە ئاشلىقىنى يوقسۇل، غېرىب ـ غۇربالارغا تارقىتىپ بەردى. شەھەردە قەھەتچىلىك بارغانچە كۈچەيگەنلىكتىن، بۇ ئادەممۇ ئاشلىققا موھتاج بولۇپ، قىينىلىشقا باشلىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— قىزىق ئادەم ئىكەنسەن، ئۆزۈڭنىڭمۇ قىينىلىپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇنچە ئاشلىقىڭنى خەققە تارقىتىپ بولدۇڭ، — دەپ تاپا ـ تەنە قىلىشتى.

سېخى كىشى ئۇلارغا:

— خەلق ئاچارچىلىق دەردىنى تارتىۋاتسا، مەن راھەتتە ياشىسام، ئىنسابسىزلىق قىلغان بولمايمەنمۇ؟ ئاچلىق ئازابىنى خەلق بىلەن تەڭ تارتىشنى، خەلق قانداق ھالدا بولسا، مېنىڭمۇ شۇنداق ھالدا بولۇشۇمنى ۋىجدانىم بۇيرۇدى. مەن ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىمەن، — دېدى.

## يامانلىق قىلىپ، ياخشىلىق كۈتمە

لوقمان ھېكىم بىر بايغا قۇل بولۇپ ئىشلەيتتى. باي بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— يەرگە بۇغداي تېرىۋەت، — دەپ بۇيرۇدى.

لوقمان ھېكىم بۇغداي ئورنىغا ئارپا تېرىدى. بۇنى كۆرگەن باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن ساڭا «بۇغداي تېرىغىن» دېسەم، نېمىشقا ئارپا تېرىدىڭ؟! — دەپ سورىدى.

لوقمان ھېكىم:

— ئارپا تېرىسام بۇغداي ئۈنەمدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوئال قويىدى. باي ئاچچىقلىنىپ:

— ئەقلىڭ بارمۇ؟ نەدە ئارپا تېرىسا بۇغداي ئۈنىدىكەن؟ — دېۋىدى، لوقمان ھېكىم:

— ئۇنداق بولسا، سىز دائىم خەلققە جەبىر-زۇلۇم قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىسىزغۇ؟ ياخشىلىق قىلىسىڭىز ياخشىلىق، يامانلىق قىلىسىڭىز ئەلۋەتتە يامانلىق قايتىدۇ. ئارپىدىن بۇغداي ئۈنمىگەندەك، خەلققە ئازاب بېرىپ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلماڭ، — دەپ جاۋاب بەردى.

## ۋەسىيەتنامىدە شۇنداق دېيىلگەن...

بىر توپ موللا قاراۋۇش ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بىر ئەمەلدار ۋاپات بولۇش ئالدىدا ۋەسىيەتنامە يېزىپ، بايلىقىدىن بىزگىمۇ بىر بۆلۈك مەبلەغ ئاجراتقانىكەن. بىراق مەرھۇمنىڭ باللىرى ۋەسىيەتنامىگە ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ. ھەممە بايلىققا ئۆزلىرىلا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، بىزگە بەرمىدى. بىزنىڭ شۇ ھەققىمىزنى ئېلىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز»، دەپ ئەرز قىلدى.

قاراۋۇش ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ باللىرىنى چاقىرتىپ، دادىسى قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىنى سورىدى. ئۇلار ۋەسىيەتنامىنى بەردى. قاراۋۇش ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغان:

«ئون مىڭ تەڭگە پۇلۇمنى باللىرىم ۋە موللىلارغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇردۇم. ۋاپاتىمدىن كېيىن، موللىلارنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى باللىرىمغا، قالغىنىنى موللىلارغا بېرىلسۇن.»

قاراۋۇش ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، موللىلاردىن سورىدى:

— سىلەر قانچە تەڭگە تەلەپ قىلىسىلەر؟

موللىلار:

— توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگىنى تەلەپ قىلىمىز، — دېدى.

قاراۋۇش ئۇلارغا.

— مەن شەرىئەت بويىچە ئادىل ھۆكۈم قىلاي، رازى بولامسىلەر؟ — دېۋىدى، موللىلار:

قاراۋۇش مۇنداق ھۆكۈم قىلدى:

— ئەلۋەتتە رازى بولىمىز، بىز شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز، شەرىئەت نېمىنى بۇيرۇسا، شۇنداق بولىدۇ، — دەپ چۇرقىراشتى.

قاراۋۇش مۇنداق ھۆكۈم قىلدى.

— مەن شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ، مۇنداق ھۆكۈم قىلىمەن: ۋەسىيەتنامىدە: «موللىلارنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى باللىرىمغا، قالغىنىنى موللىلارغا بېرىلسۇن.» دېيىلگەن. سىلەر توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگىنى تەلەپ قىلدىڭلار، ۋەسىيەتنامە بويىچە موللىلار تەلەپ قىلغان توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگە پۇل مەرھۇم ئەمەلدارنىڭ باللىرىغا، قالغان بەش يۈز تەڭگە موللىلارغا تېگىشلىك. مانا كۆرۈۋاتىسىلەر، ئەمەلدارنىڭ باللىرى كىچىك، يېتىم باللار. يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش شەرىئەت بويىچە ھارام. سىلەر موللىلار ئەلۋەتتە ھارام نەرسىنى يېمەيسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن قالغان بەش يۈز تەڭگىمۇ ئۇ باللارغا

بېرىلدىۇ. بۇ هۆكۈمىم شەرىئەت ئادالىتى بويىچە بولدىمۇ. تەقسىر موللىلىرىم؟ — دېدى قاراۋۇش. موللىلار لام-جىم دېيەلمەي چىقىپ كېتىشتى.

## ئاجايىپ قىزىق بەزمە

قاراۋۇش بىر كۈنى ئارقا-ئارقىسىدىن تۆت جىنازا نامىزىغا قاتناشتى. نامازدىن كېيىن كىشىلەردىن:

— بۇلار كىملەرنىڭ جىنازىلىرى؟ — دەپ سورىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭغا: «بۇلاردىن بىرى دۇتارچىنىڭ، ئىككىنچىسى تەمبۇرچىنىڭ، ئۈچىنچىسى غىجەكچىنىڭ، تۆتىنچىسى چاڭچىنىڭ»، دەپ جاۋاب بەردى. قاراۋۇش جامائەتكە:

— بۇگۈن كېچە ئۇياقتا ئىنتايىن چوڭ بەزمە بولىدىغان ئوخشايدۇ، تاماشا قىلىشنى خالىغانلار بارسا بولغۇدەك، — دېدى.

## قايغۇنىڭ سەۋەبى

بىر ئايال ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باشقا بىر كىشى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولدى. ئايال بۇ ئېرىگە هەر كۈنى بۇرۇنقى ئېرىنى ماختاپ:

— ئۇ ئېرىمنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، دىلىمدا پەيدا بولغان قايغۇ-ئەلەمنى قانداق قىلىپ ئۇنتۇشنى بىلمەيمەن. دائىملا ئۇنى ئويلاشتىن ئۆزۈمنى توختىتالمايمەن، — دەپ هەسرەت قىلاتتى. ئېرى ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئېرىنى هەر كۈنى تەرىپ-تەۋسىپ قىلىۋېرىشىدىن زېرىكتى.

بىر كۈنى ئايال يەنە ئاۋۋالقى ئېرى هەققىدىكى سۆزىنى باشلىۋېدى، بۇ ئېرى قايغۇرغان هالدا:

— ئاۋۋالقى ئېرىڭىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا مەنمۇ ئىنتايىن قايغۇرۇۋاتىمەن. غەم-قايغۇمىنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەيمەن، — دېدى.

— هوي، سىزمۇ قايغۇرۇشقا باشلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئايال.

— راستىنى دەۋاتىمەن. ئۇ ئېرىڭىزنىڭ ۋاپاتىغا مەنمۇ قايغۇرۇشقا باشلىدىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مۇبادا ئۇ ئېرىڭ ۋاپات بولمىغان بولسا، سەن ئۇنىڭ ئايالى بويىچە قالىۋېرەتتىڭ، مەنمۇ هەر كۈنى ئۇنى تەرىپلىگەن سۆزلىرىڭنى ئاڭلاۋەرمىگەن بولاتتىم.

## يەنە كۆپىيىدۇ

بىر باي چەت مەملىكەتتە ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ بىرىنچى بولۇپ ئۇچراتقان دوستىدىن:

— شەهىرىمىزدە بۇرۇن مەن بار ۋاقىتتىكىدەك سارالىق، دىۋانىلەر كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىز كەتكەندىن كېيىن خېلىلا ئازايغانىدى، مانا ئەمدى سىز قايتىپ كەلدىڭىز، قايتىدىن كۆپىيىشكە باشلايدىغان بولدى، — دېدى دوستى.

## بەختلىك ئادەم

يېڭى ئۆيلەنگەن ئىككى يىگىت سۆھبەتلىشىپ قالدى.

— دوستۇم ئېيتىپ باققىنا، بۇ دۇنيادا ئۆيلىنىپ راھەتلەنگەن ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى بىرى.

— مەنمۇ شۇ توغرىلىق كۆپ ئويلاپ، ئاخىر ئۆيلىنىپ راھەت كۆرگەن بىر ئادەمنى تاپتىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئىككىنچىسى.

— ئۇ كىم ئىكەن؟

— ئادەم ئاتا.

— ئۇنىڭ نېمىسىگە قاراپ بەختلىك دېدىڭ؟

— قېيىن ئانىسى يوق ئىدى.

## ئەپۇ قىلىڭ، بىرئاز كېچىكتىم

هارۇن رەشىدنىڭ ئىنتايىن مىلجىك ۋە ئەزمە بىر ۋەزىرى بار ئىدى. بۇ ۋەزىر ئۆلۈشتىن بەكمۇ قورقاتتى. كېسەل ئادەملەرنى يوقلاپمۇ بارمايتتى، جىنازا نامىزىغا چىقمايتتى، هەتتا قەبرىستانلىق يېنىدىنمۇ ئۆتمەيتتى. باشقىلارنىڭ ئۆز يېنىدا ئۆلۈم هەققىدە سۆزلىشىگەمۇ يول قويمايتتى. ئۇ هارۇن رەشىدنىڭ سۆھبەتدىشى — شائىر ئەبۇ نۇۋاسنى ياخشى كۆرەتتى. شائىرنى دائىم ئۆيىگە چاقىرىپ سۆھبەتلىشەتتى ۋە يازغان شېئىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرەتتى. ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سائەتلەپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇش ئەبۇ نۇۋاسنى زېرىكتۈردى. بىر ئىلاج قىلىپ ۋەزىردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىدى. بىر كۈنى ۋەزىر ئۆز ئادىتى بويىچە شائىرغا خەۋەرچىنى ئەۋەتىپ ئۆيىگە چاقىردى. ئەبۇ نۇۋاس دېيىلگەن ۋاقىتتىن ئىككى سائەت كېچىكىپ كەلدى. ۋەزىر ئۇنىڭدىن:

— ئەبۇ نۇۋاس، نەدە يۈردىڭىز، سىزنى ئىككى سائەتتىن بېرى كۈتۈپ زېرىكتىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ئەبۇ نۇۋاس، — بىرئاز كېچىكتىم، ئىنسانىي ۋەزىپەم بۇنىڭغا سەۋەب بولدى. شۇڭا هۆرمەتلىك ۋەزىر مېنى كەچۈرەر دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلدىم.

— ئۇ قانداق ئىنسانىي ۋەزىپە ئىدى؟

— بۇ يەرگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتاتتىم قوشنام بىر كەمبەغەل ھەم ھېچكىمى يوق بىر كىشىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ياتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەن ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنىڭ قېشىغا كىردىم، — دېدى شائىر.

— قانداق ئۇنىڭ هالى يامان ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى ۋەزىر هاياجانلىنىپ.

— ئەپسۇسكى، بىچارە كەمبەغەل ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا هېچكىم بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇت-قولىنى چېتىپ،

ئېكەكلىرىنى تاڭدىم، كېيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يۇيۇندۇردۇم، كېپەنلىدىم. ئاندىن باشقا كىشىلەرگە خەۋەر بەردىم، تاۋۇتقا سېلىپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقتىم. دەپنە قىلىپ بولۇپ، ئالدىرىغىنىمدىن قولۇمنىمۇ يۇماستىن ئالدىڭىزغا يېتىپ كەلدىم، — دېدى ئەبۇ نۇۋاس.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە شائىرغا:

— بۇ يەردىن ھازىرلا كېتىڭ، بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە قەدەم باسماڭ، — دېدى.

ئەبۇ نۇۋاس ۋەزىرنى تېخىمۇ قورقۇتۇپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

— ماڭا نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ مەن سىزگە نېمە يامانلىق قىلدىم؟

— نېمە قىلدىم، دەيسەنغۇ يەنە، ئۆيۈمگە كەلگۈچە قىلغان ئەسكى ئىشىڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟

— يامان ئىش قىلمىدىم، پەقەت ئادەمگەرچىلىك ۋەزىپەمنىلا ئادا قىلدىم.

— مەن بۇنداق ۋەزىپىنى خالىمايمەن، بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشقانلارنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن، تېزرەك چىقىپ كەت، — دېدى ۋەزىر تېخىمۇ خاپا بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، مەرھەمەت قىلىپ قولىڭىزنى بېرىڭ، بىر سۆيۈۋېلىپ، ئاندىن چىقىپ كېتەي، — دەپ ۋەزىرگە يېقىنلاپ باردى. ۋەزىر تېخىمۇ خاپا بولۇپ، ۋارقىراپ:

— ياق، ياق، ماڭا يېقىن كەلمە، قولۇمنى بەرمەيمەن. تېز چىقىپ كەت! — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ نۇۋاس ۋەزىرنىڭ تېتىقسىز سۆھبىتىنى ئاڭلاپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى زايا كەتكۈزۈشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

## ئەبۇ نۇۋاس بىلەن بەدىۋى قىزى

دەشت سەھرادا كېتىۋاتقان ئەبۇ نۇۋاس ئىلاجىسىز بىر بەدىۋى (سەھرادا ياشىغۇچى، يېرىم ياۋايى كۈن كەچۈرگۈچى) ئادەمنىڭ كەپىسىدە تۈنەپ قالدى. بەدىۋىنىڭ سەككىز-توققۇز ياشلاردا ئىنتايىن ئوماق ۋە گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى. ئەبۇ نۇۋاس قىزچاقتىن:

— قىزىم ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— جەمىلە دېدى قىز جاۋاب بېرىپ.

— ساڭا بۇ ئىسىم خاتا قويۇلۇپ قاپتۇ، — دەپ قىزنى ئەركىلىتىپ چاقچاق قىلدى شائىر.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— سەن چىرايلىق ئەمەس، ساڭا جەمىلە دېگەن ئىسىم ياراشمايدۇ.

— دادام ناھايىتى توغرا دەپتىكەن.

— داداڭ نېمە دېگەن؟

— ئىنسان، ئىنساننىڭ ئەينىكى، — دەيتتى.

— سېنىڭ سەت قىز ئىكەنلىكىڭ بىلەن بۇ سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟

— ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىنى مېنىڭ يۈزۈمنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈۋاتىسىز. شۇنىڭغا

قاراپ دادامنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدىم.

— قىز بۇ جاۋابى بىلەن ئەبۇ نۇۋاسنىڭ سەتلىكىنى بىلدۈرگەندى. شائىر ھەيران بولۇپ، يەنە سورىدى:

— سەن چېچەن قىز ئىكەنسەن، سېنى كېلىن قىلىۋالسام بولامدۇ؟

— ياق، ئوغلىڭىزغا تەگمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— مەن ئىنسانغا تېگىمەن.

— ئوغلۇم ئىنسان ئەمەسمۇ؟

— سىزنى كۆرۈپ شۇنداق پىكىرگە كەلدىم.

قىزنىڭ بۇ كېيىنكى جاۋابىدىن كېيىن، ئەبۇ نۇۋاس بۇ چېچەن قىزچاق بىلەن چاقچاقلىشىپ چېقىشىشتىن توختىدى.

## چىداملىق ئادەم




بۇرنى يوغان، قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر كىشىنىڭ بىر ئايالغا مەيلى چۈشۈپ قالدى، بۇ كىشى ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى ۋە ئۆزىنى ماختاپ سۆزلەشكە باشلىدى:


— مەن ئۇنداق يېنىك ئادەملەردىن ئەمەس، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر - تاقەت قىلىپ چىدايمەن.

— راست، چىداملىق ئىكەنلىكىڭىز كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، قىرىق يىلدىن بۇيان بۇنداق يوغان بۇرۇننى كۆتۈرۈپ يۈرمىگەن بولاتتىڭىز، — دېدى ئايال.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ھاكىم مۇسا**

1977 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئاز - ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.






## بابىر لەقىمى

پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى ئۆمەر شەيخنىڭ ئوغلى زەھىرىددىن مۇھەممەت كىچىكىدىن باشلاپ ئەقىللىق، دۆ يۈرەك بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئۆمەر شەيخ بوش ۋاقىتلىرىنى شىكار بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن ھەم ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا ئوغلىنى بىللە ئېلىپ چىقىدىكەن. بىر كۈنى ئوۋ تازا قىزىغاندا ياش زەھىرىددىن مۇھەممەت جاڭگالدا ئېزىپ قاپتۇ. يۈرەكلىك بولغانلىقىدىن قىلچە قورقماپتۇ، يىغلاپ-قاقشىماپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، كەچ كىرىپتۇ. بىر ۋاقىتتا ھېچكىم يوق بىر غارنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ «شۇ يەرگە كىرىپ ياتىمەن، تاڭ ئاتقاندا بۇ يەردىن چىقىپ، ئەلۋەتتە ئاتامنى ئىزدەپ تاپىمەن» دەپ ئويلاپ غارغا كىرىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا قۇلاقىنى يارغۇدەك بىر خىل دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. شۇندىمۇ ۋەھىمىگە چۈشمەپتۇ. نېمە بولۇشنى كۈتۈپ قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى ئاۋاز بارغانسېرى غارغا يېقىنلاپ كەپتۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەت نەپىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تىكىلىپ قارىسا يوغان بىر ئولجىنى ئاغزىغا چىشلىگەن بىر ئانا يولۋاس غارغا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. بالا، ئەمدى نېمە ئىش بولىدىكىن، دەپ جىم تۇرۇۋېرىپتۇ. يولۋاس ھەيۋەت بىلەن غارغا كىرىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا يولۋاسنىڭ ئىككى كۈچۈكى بىر-بىرى بىلەن ئويناشقان پېتى زەھىرىددىن مۇھەممەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئانىسىغا يېپىشىپتۇ. ئانا يولۋاس بالىلىرىنى يالاپ ئەركىلىتىپتۇ، ئېلىپ كەلگەن ئولجىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ يېگۈزۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ بالا تاڭغىچە كىرپىك قاقماپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ ئانا يولۋاس ئولجا ئىزدەپ غاردىن چىقىپ كېتىپتۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەت بىر دەم تۇرۇپتۇ-دە، ئاندىن تەۋەككۈل قىلىپ يولۋاس بالىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاس بالىلىرى ئۇنى ئىرقىراپ قارشى ئاپتۇ. ئەمما بالا قورقماپتۇ. كېيىن تىل ئۇقۇشۇپ ئۇلار بىلەن ئىناقلىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپپاق-چاپپاق بولۇشۇپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئۆمەر شەيختىن ئىشىتىڭ: شىكارغا بېرىلىپ كەتكەن ئۆمەر شەيخ دەسلەپ ئوغلىنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقىماپتۇ. كەچ بولۇپ، كاناي-سۇنايلار چېلىنىپ شىكار توختىغاندا زەھىرىددىن مۇھەممەتنىڭ يوقلۇقى بىلىنىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر شەيخ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. دادۇپەرياد كۆتۈرۈپتۇ. مەشئەللەر ياندۇرۇپ، جاڭگالنى يىڭنە ئاختۇرغاندەك ئاختۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. «بالام تېپىلمىسا ھەممىڭنىڭ

كاللىسنى تېنىگدىن جۇدا قىلمەن»، — دەپتۇ.

بىر چاغدا ئۇمەر شەيخنىڭ كۆزى يولۋاس ئىزىدىكى قانغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ «بالامنى يولۋاس ئېلىپ قېچىپتۇ»، — دەپ ئويلاپ، پىغانى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. هوشدىن كېتىپ، ئاتتىن يىقىلىپتۇ.

ئۇمەر شەيخ هوشىغا كېلىپ، قان ئىزى بىلەن باشلاپ مېگىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار ئىزمۇئىز ماڭغانىكەن جاڭگال چېتىدىكى تاشلاندۇق بىر غارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قاپتۇ. غارغا كىرىپ قاراشسا، بىر بالا يولۋاسنىڭ ئىككى كۈچۈكى بىلەن تۇتۇشۇپ ئوينىشىۋاتقۇدەك. بالىسنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئۇمەر شەيخنىڭ يۈرىكى يېرىلىشقا ئاز قاپتۇ.

ئۇۋچىلار يولۋاس باللىرى بىلەن زەهىرىدىن مۇهەممەتنى ئېلىپ سارايغا قايتىشىپتۇ. بۇ ۋەقە بىر دەمدە شەهەرگە پۇر كېتىپتۇ. «هەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ئوغلى يولۋاس باللىرى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى يېڭىپتۇ» — دېگەن خەۋەرنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە هەممە ئاڭلاپتۇ، هەيرانلىقتىن ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمى زەهىرىدىندىن مۇهەممەتنىڭ يېنىغا بابىر، يەنى «يولۋاس» لەقىمنى قوشۇپ ئېيتىدىغان بوپتۇ. بابىر يولۋاس باللىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ چوڭ بوپتۇ. جىمى مەخلۇقلار هەتتا ۋەهشى هايۋانلار شاهى بولغان يولۋاستىنمۇ قورقمايدىغان دۆ يۈرەك كىشى بولۇپ يېتىشىپتۇ.

## ئەقىل باشتا ئەمەس.....

قەدىم زاماندا ئاخسىكەنت يۇرتىنىڭ پادىشاهى ئۇمەر شەيخ ئىدى. ئۇمەر شەيخنىڭ مىرزا بابىر ئاتلىق بەكمۇ ئەقىللىق، پاراسەتلىك پەرزەنتى بار ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇمەر شەيخ مۇتالىئە① قىلىپ ئولتۇرسا، ياساۋۇل باشلىقى قول - ئايىغى باغلانغان بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنى سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلاپتۇ. ئۇمەر شەيخ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەي: «بۇ ئاسىي بەندىلەرنىڭ گۇناهى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا ياساۋۇل باشلىقى: «بۇ يارىماسلار هەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ كەپتەرلىرىنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋېلىش ئۈچۈن قاراپ تۇرۇشقانىكەن، گۇناهلىرى شۇ»، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كەپتەرگە بەكمۇ ئىشقىۋاز بولغان ئۇمەر شەيخ قانداق ئولتۇرغان بولسا شۇ هالەتتە، يەنى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەي:

— ئۇنداق بولسا ئۇلار بېشىنى ئېلىپ...— ئۇمەر شەيخنىڭ يۆتىلى تۇتۇپ قېلىپ، سۆزىنى تۈگىتەلمەپتۇ. ۋەزىر ياساۋۇل باشلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى بۇ يەردىن تېز يوقات! دەپ ئىشارەت قىلىپتۇ. ياساۋۇل باشلىقى يىگىت بىلەن قىزنى ئىتتىرىپ، سۆرەپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر چەتتە يېزىش - سىزىش بىلەن بەنت ئولتۇرغان مىرزا بابىر ياساۋۇل باشلىقىنىڭ كەينىدىن تاشقىرىغا چىقىپتۇ. قارىسا جاللاتلار هېلىقى يىگىت

① مۇتالىئە — دىققەت بىلەن ئوقۇش، ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىش.

بىلەن قىزنىڭ: «بىزنىڭ ھېچقانداق گۇناھىمىز يوق. ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ كەپتەرلىرى ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن، بىز شۇنى تاماشا قىلدۇق، خالاس. كەپتەر ئويۇننى تاماشا قىلىشمۇ گۇناھمۇ؟ ياش جېنىمىزغا رەھىم قىلىڭلار»، — دەپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، ئۇلارنىڭ بېشىنى جادۇغا بېسىۋاتقۇدەك. شۇ چاغدا مىرزا بابىر ياساۋۇللارغا قاراپ: «توختاڭلار، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار»، — دەپ ۋاقىراپتۇ. كېيىن ئۇلارغا: «ئاتام ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار دېمىدىمۇ؟» — دەپتۇ. ياساۋۇل باشلىقى:

— ئۇنداقتا مىرزامىنىڭ پەدەرى بۇزرۇكۋارلىرى بۇ ياردىماسلارنى نېمە قىلىڭلار دەپ بۇيرۇدى؟» — دەپتۇ مەسخىرە بىلەن.

— ئالىي ھەزرەت ئۇلارنى «بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن» دېمەكچى ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇشتۇمتۇن يۆتىلىپ كېتىپ، گېپىنى ئاخىرلاشتۇرالماي قالدى. ئەگەردە ياساۋۇل باشلىقى سۆزۈمگە ئىشەنمىسىلە، ئۆزى ھەزرەت ھۇزۇرىغا كىرىپ، سوراپ چىقسۇن. بارچە ئەمەلدارلار ئاڭلاپ تۇرغان سۇلتان سۆزىنى ئۇ كىشىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بولمىش ياساۋۇل باشلىقىنىڭ ئىلغاپ ئالالمىغىنىغا تەئەججۈپلىنىمەن، — دەپتۇ مىرزا بابىر مەسخىرىگە مەسخىرە بىلەن جاۋاب بېرىپ.

پادىشاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بىلەن تالىشىپ ئۆلتۈرۈشتىن پايدا يوقلۇقىنى بىلگەن ياساۋۇل باشلىقى جاللاتلىرىغا قاراپ: «قەتلىنى توختىتىپ تۇر»، — دەپ ئۆمەر شەيخ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ.

— ياش سۆيۈملۈك مىرزىمىز كەپتەر ئوغرىسى بولغان گۇناھكارلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا يول قويمىدى، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆمەر شەيخ.

— سۆيۈملۈك مىرزىمىز «پەدەرى بۇزرۇكۋار بۇ كىشىلەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار، دەپ بۇيرۇماقچى ئەمەس ئىدى. ئۇلار بېشىنى ئېلىپ بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتسۇن دېمەكچە ئىدى، يۆتىلى تۇتۇپ قېلىپ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى» ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. نېمە قىلىشنى بىلمەي ھەيران بولدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياساۋۇل باشلىقى.

ئۆمەر شەيخ بابىرنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن گۇناھكارلارنى ھىمايە قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— مەن، گۇناھكار دەپ ئەيىبلەنگەن يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىرسىنىمۇ تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بابىر ئاتىسىغا، — مېنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىشىم تونۇش-بىلىش بولغانلىقىمدىن ئەمەس. مەن ئالەمپاناھنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇشىنى زادى ئارزۇ قىلمايمەن. ئەسلىدە پەدەرى بۇزرۇكۋار كەپتەر ئويۇننى تاماشا قىلىۋاتقان بۇ بالىلارنى «يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن»، — دېمەكچى ئىدى يۆتىلىپ كېتىپ گېپىنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمىدى.

ئۆمەر شەيخ ساراي ئەھلى ئالدىدا ئورنۇمغا پادىشاھ بولدۇ، دەپ يۈرگەن ئوغلىنىڭ سۆزىنى يالغان قىلىپ قويماسلىقنى ئويلاپ: «مىرزا ھەق گەپنى ئېيتىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار دېيىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن»، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ سۆزى ھەق. ئەمرى ۋاجىپ، گۇناھكار دەپ تېپىلغان يىگىت بىلەن قىزنى بوشىتىپ يۇرتتىن قوغلاندى قىلىش بۇيرۇقى ئوقۇلۇپتۇ. مىرزا بابىرنىڭ

ئەلدىگە كىشىلەر ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. قىز
بىلەن يىگىت ھەم مىرزا بابىرنىڭ قىلغان
ياخشىلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتماقچى
ئىكەن، ئەمما شاھزادە: «رەھمەت ئېيتىشقا
تېخى بالدۇر. جەننەتكە ئوخشاش يۇرتتىن
قوغلاندى بولماقتىن ئارتۇق ئوقۇبەت بول-
ماس. مەن بىر ئىلاجى قىلىپ ئاتامنىڭ
بۇ پەرمانىنى ھەم بىكار قىلدۇرىمەن.
سىلەرنىڭ ئانا يۇرتتىن قوغلاندى بولماس-
لىقىڭلارنىڭ چارىسىنى قىلىمەن»، — دەپتۇ.
ئۈچەيلەن (يەنى، بابىر، يىگىت بىلەن
قىز) ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپ مەسلىھەتنى بىر
قىلىپتۇ. بابىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىز
شەھەردە قاپتۇ. يىگىت سەمەرقەنت يۇرتى-
غا مېڭىپ كېتىپتۇ. سەمەرقەنتكە بېرىپ،
ئۆمەر شەيخنىڭ مەشھۇر ئۈۋچى دوستىنىڭ
كىگە چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭغا مىرزا بابىر ئاتىسىدىن
يوشۇرۇپ يېزىپ بەرگەن خەتنى كۆرسى-
تىپتۇ. ئۇ كىشى يىگىتنى «ئىككى ئوغلۇم
ئۈچ بولدى» دەي قوبۇل قىپتۇ. ئارىدىن
ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن ھېلىقى يىگىت
مەشھۇر «زىياد قۇشچى» دەپ نام چىقى-
رىپتۇ. بۇ گەپ ئۆمەر شەيخنىڭ قۇلىقىغا
يېتىپتۇ. «سەمەرقەنتلىك زىياد قۇشچىنى
تېپىپ كېلىپ ماڭا كۆرسىتىڭلار!»، — دەپ
ئەمىر قىلىپتۇ ئۆمەر شەيخ. ياساۋۇللار:
«پادىشاھنىڭ سۆزى ھەق، ئەمرى ۋا-
جىپ»، — دەپتۇ - دە، زىياد قۇشچىنى ئېلىپ
كېلىپ ئۆمەر شەيخقا روبىرو قىلىپتۇ. ئۆمەر
شەيخ شۇنداق قارىسا ئالدىدا يېقىندىلا
سەن كەپتەر ئوغرىسى دەپ گۇناھكار
قىلىنغان يىگىت تۇرغۇدەك. ئاڭلىشىمچە،
سەن مەشھۇر قۇشچى ئىمىشسەن. كەپتەرلى-
رىڭمۇ 32 خىل ھۈنەر كۆرسىتەرمىش.
بۇنىڭغا قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭ، ئۇنىڭ
سىرلىرىنى بىزگە بايان قىل! — دەپتۇ ئۆمەر
شەيخ. «بۇ كىچىكىمدىن قۇشلارغا بولغان مۇ-
ھەببىتىمنىڭ نەتىجىسى. مەن بالىلىقىمدىن
كەپتەر ۋە باشقا قۇشلار ئارىسىدا ئۆسكەن-
مەن. ئاتاممۇ كەپتەرۋاز ئىدى. قۇشلارغا
بولغان بۇ ئىشقىۋازلىقىم بېشىمغا بالا بولغى-
لى تاس قالغانىدى، — دەپ ياساۋۇل باشلىقى
بىلەن بولغان ۋەقەنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ
بېرىپتۇ. «ھېلىمۇ بەختىمىزگە ئوغلىڭىز
مىرزا بابىر بار ئىكەن. شۇ شاھزادىنىڭ
ئەقىل - ئىدراكى ۋە مەرھەمىتى تۈپەيلى
جاللات جادۇسىدىن ئامان قالدۇق»، — دەپ
ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ زىياد كەپتەرۋاز.
شۇ چاغدا ئۆمەر شەيخ ياساۋۇل باشلىقى-
نىڭ قىلمىشلىرىدىن خىجالەت بولۇپ:
«بېغىمدا قېلىپ مېنىڭ قۇشلىرىمغا قارا.
ھەققىڭنى ياخشى بېرىمەن»، — دەپتۇ.

— ئىككى شەرتىم بار. ئۇلارنى بې-
جىرسىڭىز مەيلى قالسام قالاي، — دەپتۇ
زىياد قۇشچى.

— شەرتىڭنى ئېيت، — دەپتۇ ئۆمەر
شەيخ.

— شەرتىمنىڭ بىرى ئەل ئوتتۇرىسى-
دا «زىياد قۇشچى ئوغرى ئەمەس، توغرى»
دەپ جار سالدۇرىسىز، ئىككىنچى شەرتىم،
بىزنى يۇرتىمىزدىن قوغلاندى قىلغان پەر-
مانىڭىزنى بىكار قىلىسىز.

ئۆمەر شەيخ زىياد قۇشچىنىڭ دې-
گەنلىرىنى قىلدۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە مىرزا بابىر-
نىڭ دانا مەسلىھەتلىرى بىلەن ئامان
قالغان زىياد قۇشچى خوتۇنى بىلەن تېپى-
شىپ، ئۆمەر شەيخنىڭ قۇشلىرىغا قاراشقا
باشلاپتۇ. بابىر بىلەن بىر ئۆمۈر ئاكا-
ئۇكا بولۇشۇپ قاپتۇ.

## ئاقىلانە تەدبىر

سەمەرقەنتلىك شائىر مەجلىسي هىنددستان پادىشاھى مىرزا بابىرنىڭ نەزمىم ۋە سەركەردىلىكتىكى داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرمەكچى بولۇپتۇ. شائىر سىيتاردىينى هەمراھ قىلىپ، ئۇزاق سەپەرگە — هىنددستانغا يول ئاپتۇ. ئۇلار چۆلنى چۆل، تاغنى تاغ، سۇنى سۇ دېمەي مېڭىپ، ئاخىرى هىنددستان يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار بابىر شاھ بىلەن ئۇچرىشىمىز، دەپ كۆپ ھەرىكەت قىلىپتۇ. لېكىن شاھ هوزۇرىغا كىرىشنىڭ هېچقانداق ئىلاجى بولماپتۇ. نېمە قىلىشنى بىلمەلمەي باشلىرى قېتىپتۇ. شۇ چاغدا سىيتاردى مەجلىسىگە قاراپ: «بىرەر مەنسەپدارغا تېگىدىغان ئۆتكۈر چاقچاقتىن بىرنى قىلمىز-دە، بىزنى گۇناھكار، دەپ بابىر شاھ هوزۇرىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىز ئۇ يەردە شاھىنشاھنى كۆرۈپ، ئۆز مۇددىئايىمىزنى ئېيتىمىز»— دەپتۇ. بۇ سۆز مەجلىسىگە ماقۇل كەلمەپتۇ.

—ياق، بىكاردىن بىكار بىراۋغا ئۇرۇنۇش ياخشى خىسلەت ئەمەس،— ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ ئۇ،— بۇ يەردە ئەقىل-ئىدراك بىلەن مىرزا بابىرنىڭ هوزۇرىغا كىرىدىغان چارىنى تېپىش كېرەك.

مەجلىسي ئويلاپ-ئويلاپ:

— مەن بىر تەدبىر ئويلىدىم. بابىر شاھنى سۆكۈپ غەزەل يازىمەن-دە، ئۇنى ئادەم كۆۋجۈم يەردە تاكى شاھىنشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكىچە ئوقۇۋېرىمەن،— دەپتۇ. بۇ گەپ شائىر سىيتارىيغىمۇ يېقىپتۇ. ئىككىيلەن بازارغا بېرىپ، پالاس ۋە كۆرپە سېتىۋېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا سېلىپتۇ ۋە مەجلىسي بابىر شاھنى سۆكىدىغان غەزەلنى ئېيتىۋېرىپتۇ. ھەر تەرەپتىن كېلىپ شائىر غەزەللىرىگە قۇلاق سېلىۋاتقانلاردىن بىرى: «ئەمدى پارسچىدىنمۇ بىرەرنى ئوقۇسىڭىز» دەپتۇ. مەجلىسي پارسچە غەزەل ئوقۇشقا باشلاپتۇ. پارىسچە غەزەلدىمۇ بابىرشاھنى قارىلاپتۇ. شۇ ئارىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن پادىشاھ ئايغاقچىلىرىدىن بىرى مەجلىسي ئوقۇۋاتقان غەزەللەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ قېلىپ سارايغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئايغاقچى تېپىپ كەلگەن خەۋەردىن دەرغەزەپ بولغان مىرزا بابىر:

— مېنىڭ شەنىمگە ھاقارەت تېشىنى ئاتقان شۇ كەلگىندى شائىرنى تۇتۇپ جازاسىنى بېرىڭلار!— دەپ بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار شائىر سىيتارىيغا تەگمەي، ئۇنىڭ: «غەزەل ئېيقانغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلەمدۇ؟» دېگىنىگە قارىماي، مەجلىسىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، دار ئاستىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بوينىغا سىرتماق سېلىنغان شائىر:

— ھەممە ئەل-يۇرتتا گۇناھكار دەپ تۇتۇلغان كىشىنىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسى بېجىرىلىدۇ. بۇ ئادالەتلىك ئادەت سىلەردە يوقمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

شائىرنىڭ كۆزىنى يېشىپ، قولىنى كويزىدىن ئازاد قىلىپتۇ. «ماڭا قەغەز بىلەن قەلەم بېرىڭلار»،— دەپتۇ مەجلىسي، ئۇنىڭغا قەغەز بىلەن قەلەم بېرىپتۇ. شائىر دارنىڭ ئاستىدىلا ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىپتۇ. كېيىن:

— ماۋۇ يازغانلىرىمنى شاھىڭغا ئېلىپ بېرىپ، گۇناھكارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاخىرقى ئىلتىماسى شۇ ئىكەن، ئوقۇپ

جاۋابىنى بېرىدىكەنسىز دەيسەن،— دەپتۇ ياساۋۇل باشلىقىغا. ياساۋۇل باشلىقى مەجلىسي يېزىپ بەرگەن قەغەزنى بابىر شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

مىرزا بابىر غەزەلنى ئوقۇپ ھەيرانلىقتا ياقىسىنى تۇتۇپتۇ. مەجلىسي غەزىلىدە، بابىرنى ئىزدەپ ئۇزاق سەمەرقەندىن كەلگەنلىكىنى، شاھ بىلەن ئۇچرىشىپ غەزەلخانلىق قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما بابىرنىڭ ئالدىغا كىرەلمەي، ھىندىستان كوچىلىرىدا ئاچ-توق، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىش يولىدا قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. يەنە: «شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم سېنىڭ شەنىڭگە يامان سۆزلەرنى يازدىم. ئادەتتە كىشىلەر ماختاشنى ئەمەس، غەيۋەتنى تېز يەتكۈزۈشىدۇ. چۈنكى غەيۋەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، نىشانغا تېز يېتىپ بېرىپ ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن غەيۋەتكە تولۇپ-تاشقان غەزەللەرنى يازدىمكى، ئەكسىچە ساڭا ئاتاپ ھەمدۇسانالار يازمىدىم. بەلكى، ھەجۋىيلىرىم تەسىر قىلىپ، ھۇزۇرۇڭغا كىرىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولسام، دەپ ئويلىدىم. ئەگەر رىسقىم تۈگەپ، ھىندىستان ئېلىدە بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىشسا، تېنىمنى ئانا يۇرتۇم سەمەرقەندگە ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدۇرساڭ»،— دەپ يېزىپتۇ-دە، ئاخىرىغا بابىرنىڭ:

ياد ئەتمەس ئىمىش كىشىنى غۇربەتتە كىشى،
شاد ئەتمەس ئىمىش كۆڭۈلنى مېھنەتتە كىشى،
كۆڭلۈم بۇ غېرىبلىقتا شاد بولمىدى؛ ئاھ،
غۇربەتتە سۆيۈنمەس ئىمىش ئەلۋەتتە كىشى.

دېگەن رۇبائىسىنى كەلتۈرۈپتۇ.

غەزەلنى ئوقۇپ بولۇپ: «گۇناھكار دېيىلگەن شائىرنى تېز ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىڭلار!»،— دەپ بۇيرۇپتۇ بابىر. مەجلىسىنى سارايغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بابىر ئۇنى: «خوش كېلىپسىز، مەرھەمەت!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنتايىن ئىللىق چىرايى بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. مەجلىسي شائىر سىيتارىنىمۇ سارايغا ئالدۇرتۇپ كېلىپتۇ.

«باغىي بابىرىي» (بابىر بېغى) دا مەجلىس چاقىرتىلىپ، مۇشائىرە باشلىنىپتۇ. غەزەلخانلىق، قىزىقچىلىق تاڭ ئاتقۇچە داۋام ئېتىلىپتۇ.

مۇشائىرەدە شائىر مەجلىسي بىلەن بابىر شاھ بىر-بىرىنى يېڭىشەلمەپتۇ. ئۆز غەزەللىرىگە ياخشى جاۋاب ئالغان مىرزا بابىر مەجلىسىنى ھۇزۇرىدا ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا مۆھىردارلىق ۋەزىيىسىنى بېرىپتۇ.

1982-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەللامەلەر ئىبرەتى» دېگەن كىتابچىدىن
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى.




ئاپئاق سۇلتان مۇنارىڭغا بۇلبۇل قونۇپتۇ،
تولۇن ئايدەك چىرايىڭغا تۇپراق قونۇپتۇ.

ۋەسسەما ۋەتتارىخى بولۇپتىمەن تەن ئاغرىقى،
ھەممە ئاغرىق بىر سېرى، يامان ئىكەن دەرد ئاغرىقى.

يارى بول دەمدۇ مېنى يار بولمىسام كۆڭلى قالار،
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن يارىم كېلىپ ئايرىپ ئالار.

سەن كېچە ئۇيقۇغا مايىل مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە زار،
تاغدا كاككۇك بالىسىدەك تاڭنى ئاتقۇزماققا زار.

قارلىغاچ تۆڭلۈككە كەلدى ئويغىنىپ كۆزۈڭنى ئاچ،
ئۇيقۇدىن نېمە چىقار ئولتۇرۇپ كۆڭلۈڭنى ئاچ.

ھاۋادىكى ئىككى قۇش، بىرى باغلاق، بىرى بوش،
ئاخشام ياتسام كۆڭلۈم خوش، تاڭ ئاتقاندا قوينۇم بوش،

كېچە ئۇيقۇ ئارا ياتسام، ئېتىكىنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ،
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق، يۈرەككە چوغ سېلىپ ئۆتتۈڭ.

سەن قاچان تۆڭلۈككە كەلدىڭ، مەن ساڭا ئۈن بەرمىدىم،
سەن كىرەلمەي مەن چىقالماي ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

نېمە قىلدىم مەن ساڭا، ئەجەبمۇ قىلدىڭغۇ ماڭا،
قىلغىنىڭ يادىڭدا تۇرغاي مەنمۇ قىلارمەن ساڭا.

ئالمىنىڭ ئېقى تولا شاپتۇلىنىڭ بەرگى تولا،
يېڭى يار تۇتقان كىشىنىڭ ئىچىدە دەردى تولا.

بىر بالاغا سالدىلا ئىككى بالاغا سالدىلا،
بوينى باغلاق بوزلاچىندەك ئىنتىزارغا سالدىلا.

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن بەشكىرەم سايباغىغا،
ئىزدىسەم ئىندەككە كەلمەس كەتتى جەننەت باغىغا.

قوي ئۆلۈپ قويلار ئۆلۈپ قوزىسى مەرەپ قالمىسۇن،
يار ئۆلۈپ يارلار ئۆلۈپ ئاشىقى يىغلاپ قالمىسۇن.

قارىچۇغام ئۇچتى قولۇمدىن پەلىيىمنىڭ يوقىدىن،
يارغىنەم كەتتى يىراققا، تەلىيىمنىڭ يوقىدىن.

شۇنداق قىلغان بارمىدۇر دەردتە ئۆلگەن بارمىدۇر،
قاشى قارا بۇۋىنىڭ تامغان يېشى دەريامىدۇر.

ئىشىك ئالدى بىر ئېرىق، بىر ئېرىقتا مىڭ بېلىق،
ھەممە ئاغرىق بىر سىرى، يامان ئىكەن غېرىبچىلىق.

قوۋۇق ئالدىدىن ئاتلىۋىدىم تۇتۇلدى تۇمان،
ئاتمۇ ياخشى يولمۇ ياخشى غېرىبلىق يامان.

غېرىبدۇرمەن غېرىبدۇرمەن يارسىز غېرىبمەن،
غېرىبلىققا چىدىيالماي سارغىيىپتىمەن.

ئايدەككىنە مېھرى بار تالدەككىنە قايرىلدىلا،
قىزىل گۈلدەك ئاچىلىپ ئىشقى ئوتىنى سالدىلا.

زارۇ زار قاخشاپ يۈرۈپ ئاقتى كۆزۈمنىڭ قارىسى،
بىۋاپاغا ئاشىق بولۇپ ئۈزۈلدى دىلىنىڭ تارىسى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: بايىر روزى

بىر جۈپ ئالما ساقلىدىم،
يار كەلسە بېرەرمەن دەپ.
ئۆيۈمنى بېزەپ قويدۇم.
كۆڭلىنى ئالارمەن دەپ.

ئۇتىڭىز يامان ئىكەن،
تۇتاشتى بۇ يۈرەككە.
تارتمايدۇ مېنىڭ كۆڭلۈم،
سىز يارىمدىن بۆلەككە.

ئاسمىنىڭدا سا بولدۇم،
ئىشكلەردە خار بولدۇم.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم.

ئۆگزەڭگە چىقۇېلىپ،
كىمگە قىلسەن گەپنى.
كۆيۈشكەندە تەڭ كۆيگەن،
بىللە تارتىلى دەردنى.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتكەندە،
ماڭا كۆيمىدۇ دەمسەن.
مەندىن باشقا يارى يوق،
يىغلاپ يۈرىدۇ دەمسەن.

چوڭ يولچىلاپ ماڭساڭچۇ،
بۇغدايلىقنى يول قىلماي.
چىرايىڭنى ئاچساڭچۇ،
كۆڭلۈمنى يېرىم قىلماي.

گۈلنى گۈلگە ئوخشاتماڭ،
مېنى مۇنچە قاخشاتماڭ.
سىز ماڭا يار بولسىڭىز،
دۈشمىنىمگە قاش ئاتماڭ.

بۇ يۇرتتا يالغۇز يۈرۈپ،
كىشى بىلەن كارىم يوق.
غېرىب بولغان بەندىمەن،
ئەسلىگىلى يارىم يوق.

ئەپكەش سالدىم مۈرەمگە،
سۇغا چىقتىم ئۆستەڭگە.
شۇنچە ئىچىم كۆيەدۇر،
قېشىڭ بىلەن كۆزەڭگە.

قىزىل گۈل ئاراسىدا،
يۆگىمەچ بىلەن ئويلا.
بىز ئىككىمىز قانداقتۇق،
ئولتۇرۇپ راسا ئويلا.

ئۆستەڭ بويىدا ئاق ساندۇق،
ئاق ساندۇققا خەت سالدۇق.
سىز يارىم چىرايلىقتا،
يىغلاپ تۇرۇپ خەت يازدۇق.

يېشىل قارىغاي تاغدا،
يېمىشىنىڭ تاتلىقى باغدا.
دۈشمەنلەر كۆرەلمەيدۇ،
بىزلەر ئوينىغان چاغدا.

مېنى بۇندىن كەتتى دەپ،
كىملەر تۇتتى قولۇڭنى.
كۆرگەنلەرگە خار قىلما،
خۇمار كۆزۈڭ، بويۇڭنى.

ئىشىك ئالدى مۇز كۆلچەك،
ئاتلىماي ئۆتۈپ كەتتىم.
باشقا يار تېپىۋاپسەن،
قارىماي ئۆتۈپ كەتتىم.

قىزىل گۈلنى ئۈزمەيمەن،
ئۆزى توزۇپ كەتكۈچە.
ئۈمىدىمنى ئۈزمەيمەن،
بۇ دۇنيادىن كەتكۈچە.

قوغۇنلۇققا كىردىممەن،
بىر چىلگىنى ئۈزدۈممەن.
ئەسقاتمىغان شۇ ياردىن،
ئۈمۈدۈمنى ئۈزدۈممەن.

ياغلىقىمنى يۇيدۇرۇپ،
ئاق يانتاققا يايدۇردۇم.

ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
بەش كۈن بولدى ياندۇردۇم.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى تاشلىق،
يولدا تۇرسەن ئاتلىق.
بىر سۆيۈپ قويغىن دىسەم،
يەرگە قارىغان تاتلىق.

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى يوغان تاۋاردا.
ئۆتكەن، ئاخشام سىز چىقماي،
توڭلاپ قالدىم تالادا.

## كاككۇك

باھار ۋاقتىدا كەلمىشتۇر،
ئەجەب دەردى يامان كاككۇك.
ئۆز جۈپتىدىن ئايرىلىپ،
سەھەردە يىغلىغان كاككۇك.

ئاڭلاپ مەن ئاۋازىڭنى،
سەھەر ۋاقتىدا ئويغاندىم.
يۈرەك باغرىمنى ئەزدىڭ سەن،
ياتالماي قانچە تولغاندىم.

تۇرالماي سىنى ئويلاندىم،
قاياشى يوق يىتىم كاككۇك.
غىرىبلىق دەشتىدە قالغان،
ئەجەب مەستانىسەن كاككۇك.

بۇ يۇرتقا مۇساپىرمەن،
مىنىڭ ھالىمنى سورىماسەن؟
ئۇچار قۇشلار ئاراسىدا،
بولۇپ مەستانىسەن كاككۇك.

چىمەنلىك باغۇ بوستاننى،
ئەجەبمۇ لالىزار قىلدىڭ.
زىمىستان قىشنى قوغلاپ، سەن
ئاجايىپ خۇش باھار قىلدىڭ.

مىنى بەكمۇ خۇمار قىلدىڭ،
جىنىم قۇربان ساڭا كاككۇك.
يىتىمنىڭ كۆڭلىنى ئەزگەن،
ھەمىشە يىغلىغان كاككۇك.

زىمىنۇ ئاسمان يىغلار،
سىنىڭ بۇناله زارىڭغا.
كىچە - كۈندۈز پىغان ئەيلەپ،
ياتالماي يىغلىغان كاككۇك.

بىخەستە بىناۋا قالدىم،
ئۈمىدىم ھۇرى غىلماندىن.
ئۇشۇل سەھرايى مەھشەردە،
سىنىڭ دەردىڭ تولا كاككۇك.

ھاۋا گۈلدۈر قىلدۇ،
يامغۇر ياغامدۇ.
يانىمغا بارالمىسام،
كۆڭلۈڭ قالامدۇ.

دەريادىكى كۆۋرۈكتىن،
تۇنجى ئۆتتۇم ئۇياققا.
تاشلاپ كەتتىڭ سەن مېنى،
قايتا كەلمە بۇياققا.

قىزىل گۈلنى مەن تۇتسام،
لەيلى گۈلگە كۆيەمسەن.
مەن ساڭا كۆڭۈل بەرسەم.
باشقىسىنى سۆيەمسەن.

تارىم دەريا بويىدا،
قومۇشلۇققا چۆكتۈم مەن.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
تولا ھەسرەت چەكتىم مەن.

رومالنى سىلىۋاپسەن،
قارا ساچىڭنى يېپىپ.
يېڭى يارنى تاشلايمەن،
ئەقلى ھوشۇمنى تېپىپ.

سەھەردە ئېچىلغان گۈل،
كۈن چىقمىسا سولاشماس.
يارىمنىڭ كۆڭلى بولسا،
مېنى مەڭگۈ ئۇنتۇماس.

ئەجەب ياغدى بۇ يامغۇر،
پېشانەمنى ھۆل قىلىپ.
يارىم خاپا بولۇپ قاپتۇ،
كۆڭلۈمنى مالال قىلىپ.

ئالما، ئۆرۈك ئالدىم مەن،
يانچۇقۇمغا سالدىم مەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
سىزگە سالام يازدىم مەن.

بىر چېلەككە گۈل تېرىدىم،
بىر چېلەككە يۆگىمەچ.
يۆگىمەچتەك قۇرۇپ كەتتىم،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

ئالەمدىكى كىشىلەر،
قۇلاق سالماس ئاھىمغا،
باغرى تاش قارا قاشىم،
ھېچ يەتمەيسەن ھالىمغا.

ھاراق ئىچكەن مەس ئەمەس،
تاماكا چەككەن نەس ئەمەس.
باشتا سۆيگەن يارىنى،
ئەمدى سۆيمەك تەس ئەمەس.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆمەر قادىر



# چاغاتايچە لۇغەت

«خ»*

تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى،
ئىسمائىل قادىرى

خەنناس [خناس] (ئە) 1› ئازدۇرغۇچى، شەيتان:
ئۆزى مانەندى خەنناسى ھەمە ئىللەتدە سەنىاسى،
شەياتىن خەيلىدىن بولغان ئەمەس ھەرگىز بەشەر سۇلتان.
— موللا نىياز.

2› يامان ئىش قىلغۇچى، شەيتان سۈپەت ئادەم:
دىدى: «ئەي دەللەسەن كاپكىيۇ ۋەسۋاس،
ساڭا جىن ئولاشىپ بولدۇڭمۇ خەنناس.
— موللا فازىل.

خەنناق [خناق] (ئە) بوغۇپ، دىمىقتۇرۇپ ئۆلتۈرگۈچى.
خەۋاتىر [خواطر] (ئە) تىنىچسىزلىق، تەشۋىش:
قالماغاندىن سوڭ كۆڭۈللەردە خەتەر،
ھېچ خاتىردە خەۋاتىردىن ئەسەر.
— نەۋائى

خەۋارىق [خوارق] (ئە) ئاجايىپ-غارايىپلار؛ كارامەت:
قايدە خەۋارىق ئىلە مۆئجىزدۇرۇر،
ئەقل ئانىڭ ئىدراكىدە ئاجىزدۇرۇر.
— نەۋائى.

خەۋارىقى ئادەت — كارامەت.
خەۋاس [خواص] (ئە) 1› خاسىيەتلەر، خۇسۇسىيەتلەر. 2› خاس كىشىلەر، ئۇلۇغ زاتلار.
خەۋاقىن [خواقين] خاقانلار.
خەيال [خيال] (ئە) 1› ئوي، پىكىر، نىيەت، مۆلچەر، پەرەز؛ 2› گۇمان؛

---

*بېشى ئۆتكەن ساندا

خەيال ئەيلەمەك ــ ئويلىماق، پىكىر قىلماق، مۆلچەرلىمەك، پەرەز قىلماق:

نەچە شاھلارنى مىسال ئەيلەدىم،
ئۇلار كارۇ بارىن خەيال ئەيلەدىم.

ــ ئا. نىزارى.

**خەيالات** [خيالآت] (ئە) خىياللار، پىكىرلەر، پەرەزلەر؛ گۇمانلار:

خەيالات مەيدانىغە ئەزم ئېتەي،
كى مەزمۇن ھەرفى بىلەن بەزم ئېتەي.

ــ ئا. نىزارى.

خەيالاتى سەۋدا ــ بۇزۇق خىياللار، يامان ئويلار:

كى دەريانى سەير ئەتسە دەفئ ئولغۇسى،
خەيالاتى سەۋداكى رەفئ ئولغۇسى.

ــ ئا. نىزارى.

**خەير** [خير] (ئە) ياخشى، ياخشىلىق، ئىنئام:

مېزبانلەرگە مەلالەت يەتكەي،
خەير بىرلە ئەل ئانى ياد ئەتكەي.

ــ نەۋائى.

خەيرۇ بەرەكات ــ ئىجابى نەتىجىلەر.
خەيرۇ سەلامەت ــ تىنچلىق، ئامانلىق.
خەيرۇ شەر ــ ياخشىلىق ــ يامانلىق.
خەيرۇ دۇئاقىلماق ــ ياخشىلىق تىلىمەك، ياخشى نىيەتتە دۇئا قىلماق.

**خەيرات** [خيرات] (ئە) ياخشىلىق؛ بەرىكەت.

**خەيرئەندىش** [خيرانديش] (ئە + پ) ياخشى پىكىرلەر، ياخشى نىيەتلەر.

**خەيرباد** [خيرباد] (ئە + پ) خەيرلىشىش، خوشلىشىش، ۋىدالىشىش.

**خەيرۇلبەشەر** [خيرالبشر] (ئە) ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى.

**خەيل** [خيل] (ئە) 1 › نۇرغۇن، تولا؛ گورۇھ، تائىپە:

نە خۇب ئېردىكى تەندىن چىقسە جانىم،
قۇتۇلغاي ئېردى بۇ خەيلى خەيالىم.

ــ موللا فازىل.

2 › ئەل، جامائە:

خەيلىم ئارا سالسە بۇيلە ئەفسۇس،
تۇشسە قارا يەرگە نەڭگۇ نامۇس.

ــ نەۋائى.

3 › ئائىلە، بالا ـ چاقا:

ھەر نېچە ئەدەب بولسە قاتىغ يەتكۇرگىل،

خەيلىغىمە ئەدەب قىلىپ ئاسىغ يەتكۈرگىل.
— نەۋائى.

خەيلى سىپاھ — قول ئاستىدىكى ئادەملەر ۋە ئەسكەرلەر.
خەيلى بەشەر — ئىنسانلار.
خەيلى مەۋەددەت — بىر - بىرىگە ئىخلاسلىق ۋە مۇھەببەتلىك كىشىلەر.
خەيلى شۇكۇفە — گۈللەر گۇرۇپپىسى، گۈللەر توپى.

خەيمە [خيمه] (ئە) كىگىز ئۆي، چېدىر:
كىرىپمىز ھەمە كارۋان كېمەگە،
كى ساكىن بولۇپ كېمەدە خەيمەگە.
— ئا. نىزارى.

خەيمەدۇز [خيمەدوز] (ئە + پ) كىگىز ئۆي، چېدىر تىككۈچى.
خوب [خوب] (پ) 1 › ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك:
بار ئېردى بىر ئوغلى ئانىڭ خوب دەلىر،
قىلىپ پەنىد بىرلە ئۇنى سەن ئەسىر.
— ئا. نىزارى.

2 › ياخشى، دۇرۇس:
دېدى شاھى قۇلزەم: «سۆزۈڭ خوب ئېرۇر.
قىياس ئەيلەسەم ئانچە مەرغۇب ئېرۇر،
— ئا. نىزارى.

3 › چىرايلىق، گۈزەل:
تۇمەن جىلۋە بىرلە كىرىپ ئول پەرى،
كى مەكتەب ئارا خوبلار سەرۋەرى.
— ئا. نىزارى.

4 › ئەۋزەل:
ۋەگەر خۇد ئۆزىن بىلسە مەغلۇبدۇر،
نەسىھەت بىلە ئىكتىفا خوبدۇر.
— نەۋائى.

خوب كەس — ياخشى ئادەم؛
ئاتادىن يەتىم قالدى بىكەس بولۇپ،
بۇ ئاستانەدە يۈرسە خوب كەس بولۇپ.
— ئا. نىزارى.
خوبلار سەرۋەرى — ياخشىلارنىڭ باشلىقى؛ گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى:
دېدى ئول: «ئايا خوبلار سەرۋەرى،
مېنى قەيد قىلغان ئىدى بىر پەرى.
— ئا. نىزارى.

خوبۇ جەمىل ـ گۈزەل ۋە كۆركەم، چىرايلىق ۋە كېلىشكەن:

جۇملەئى جانان ئارا شاھ سەن ئۇلساڭ نە سۆز،
كىم بىرى ئېرمەسدۇرۇر سەن كەبى خوبۇ جەمىل.

— ناقىس.

**خوبان** [خوبان] (پ) 1 › چىرايلىق، چىرايلىقلار، گۈزەل، گۈزەللەر، كۆركەم، كۆركەملەر:

ماڭا بەس گۇشەئى خاتىر ئېرۇر ئول شاھى خۇباندىن،
ئەجەب ئېرمەس ئەگەر ئىشق ئەھلى بولسە بەندە فەرمانىم.

— ئەرشى.

2 › ياخشى ئادەم:

خوبانى جەھان تەلبە كۆرۇبان قاچادۇرلەر،
ئادەم ئەمەس ئول تائىفە گوياكى پەرىزاد.

— زەلىلى.

**خوبلاشماق** [خوبلاشماق] خوشلاشماق، خەيرلەشمەك:

كى پەدرۇد ئېتىپ چىقتى، بولدى سەۋار،
ئىكەۋ خوبلاشىپ، يىغلاشىپ زار - زار.

— ئا. نىزارى.

**خوبلۇق** [خوبلوق] گۈزەللىك، ھۆسىندارلىق؛ ياخشىلىق:

قىزىنىڭ خوبلۇقى بولغاي ئانادىن،
ئىلىكلارىنىڭ ئۇلۇر ياخشى ئىنادىن.

— موللا فازىل.

**خورد I** [خورد] (پ) يارىشا، مۇناسىپ، لايىق، لاياقەت.

**خورد II** [خورد] (پ) يېمەك ـ ئىچمەك، تائام، غىزا.

خوردۇ خاب ـ يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئۇيقۇ:

يەھرە خوردۇ خابىن ئول تاپتى، بۇدۇر ئانداكىم،
قىلدى ئەھيا كېچەسىن، سايىم كېچۇردى كۈندۈزىن.

— نەۋائى.

**خورما** [خرما] (پ) خورما دەرىخى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى:

كىرىپ بىشە ئىچرە يېدىلەر غىزا،
ئىدى خورما ئاندا ئەدەدسىز تولا.

— ئا. نىزارى.

**خوشە** [خوشە] (پ) 1 › باش، باشاق:

ئوغۇرلاپ كېچە خوشەۋۇ ئۇنچەنى،
كى مەھكەم قىلىپ تولدۇرۇپ گۇشەنى.

— غەرىبى.

2 › 12 ئاسمان بۇرچىنىڭ ئالتىنچىسى (سۇمبۇلا):
تۇتۇپ مەھسۇلى ھىرزىن خوشە خىرمەن،
چايانغە كەففەنىڭ ئاستىدا مەسكەن.
— نەۋائى.

خوشەچىن [خوشەچين] (پ) باشاقچى، باش تەرگۈچى:
مەلاھەتتە جەھان خوبانلارىكىم خوشەچىنىڭدۇر،
نەسىمى رۇھپەرۋەردىن ئاچىلغان خىرمەنى گۇلشەن.
— زەلىلى

خوشەزار [خوشەزار] (پ) باشاق كۆپ جاي، باشاقلىق:
خوشەزارى دەھر ئارا بىر ھۇسن گۇندەم گۇن كۆرۈپ.
پۇشتى پايى ئۇرماسە فىردەۋسنى، ئادەم ئەمەس.
— ئەرشى

خۇ [خو] (پ) خۇي، قىلىق؛ تەبىئەت، مىجەز:
مەن ۋەفاۋۇ مېھر ئايىنىنى خۇ قىلغان سارى،
سەن جەفاۋۇ جەۋر رەسمىنى شىئار ئەتكەن يىگىت.
— ئەرشى.

خۇي يۇمشاق — خۇش خۇي، مىجەزى ياخشى:

خۇبەسا [خبثا] (ئە) قەبىھ، ئىپلاس ئادەملەر.

خۇفتەن [خفتن] (پ) ئۇخلاش ۋاقتى، كەچ:
ۋەقتى خۇپتەن كېتەدۇر،
تاڭ ئاتقۇنچە ياتادۇر،
ئۆزكە ئىشلار قىلادۇر،
دەبان خەلقلەر ئىدىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

خۇتبە [خطبه] (ئە) 1 › جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا خاتىب (خۇتبە ئوقۇغۇچى) تەرىپىدىن مۇنبەرگە چىقىپ ئوقۇلىدىغان پەند نەسىھەت سۆزلىرى:
ئەيلەبان ئىنشاكى مۇنبەر ئۆزرە تاڭلا خۇتبەدە،
زاھىر ئەتكەي شاھ ئاتىدىن سوڭ دۇئايۇ مىدھەتىن.
— نەۋائى.

2 › نىكاھ ۋاقتىدا ئىمام تەرىپىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار مۇقەددىمىسى:
خۇتبە ئەمرىنى ئىفتىتاھ ئەتتى،

خوجەغە سىڭلىنى نىكاھ ئەتتى.

— نەۋائى.

3› سۇپەتلەش، ماختاش.

4› كىتاب مۇقەددىمىسى.

**خۇتۇت** [خطوط] (ئە) «خەت»نىڭ كۆپلۇكى — خەتلەر.

**خۇتۇر I** [خطور] (ئە) ئويىدا، خاتىرىسىدە ساقلاش، ئەستە تۇتۇش، ئەسلەش.

**خۇتۇر II** [خطور] (ئە) [بىرلىكى: خەتەر] خەتەرلەر:

دىيانەت بىناسىغە يەتمىش فۇتۇر،

ئىبادەت مەكانىغە بولمىش خۇتۇر.

— ئا. نىزارى.

**خۇتۇۋۋەت** [خطوت] (ئە) قەدەم، چامدام، ماڭدام:

رەئاياغە قىلمىش مۇرۇۋۋەت بەسى،

بەراياغە ئەيلەپ خۇتۇۋۋەت بەسى.

— ئا. نىزارى.

**خۇجەستە** [خجسته] (پ) قۇتلۇق، مۇبارەك؛ بەختلىك:

خۇجەستە زاتىڭ ئول ۋەقتىكى پەيدا قىلدى ئول هادىس،

كى قىلدى خىلئەتىڭنى ئايەتى لەۋلاكىغە لابىس.

— موللا قۇربان.

خۇجەستە ئەسەر — تەبىرلىك ئەسەر.

خۇجەستە ئەلپاز — گۈزەل سۆزلەر.

خۇجەستە ئەۋقات — مۇبارەك ۋاقىتلار.

خۇجەستە جەمال — چىرايلىق، هۆسىندار.

خۇجەستە دەۋران — ئاجايىپ ياخشى زامان، دەۋر.

خۇجەستە كەلام — دانا، خۇش گەپ، شېرىن سۆز.

خۇجەستە مەقام — قۇتلۇق جاي.

خۇجەستە مەقدەم — قۇتلۇق قەدەم.

خۇجەستە ھەرىپ — بەختلىك دوست، ياخشى ئۈلپەت.

**خۇد I** [خود] (پ) جەڭچىلەر كىيىدىغان تۆمۈر قالپاق:

ئاتى نەئلىدىن تاكى خۇددىدا مىل،

كىرىپ كۆك تېمۈر ئىچرە ئانداقكى نىل.

— نەۋائى.

**خۇد II** [خود] (پ) 1› ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن:

تاتماغلىق ئانى ئەھلى ئەدەبنى ئۆرتەر،

تاتماغلىق ئانى خۇد ئىككى لەبنى ئۆرتەر.

— نەۋائى.

2› يالغۇز، پەقەت:

تىفەيلى ئانىڭ بارچە جانۇ جەھان،
تاپىپ خۇد ئاندىن بۇكەۋنى مەكان.
— ئا. نىزارى.

3 › ئۆزى ئۆزىلا:
نە تەشنە بولغانى يادىغا كېلۇر،
نە ھۇشۇ فەھم خۇد يادىغا كېلۇر.
— موللا فازىل.

4 › ھېچ، ھېچقانداق:
ئىبادى ئاسى ـ جافى تاڭلا مەھشەرگاھ ئارا تولغاي،
ھېساب ئالغاندا مەئيۇب ئۆزلەر خۇد غەيىبكە قولغاي.
— موللا قۇربان.

**خۇدا** [خدا] (پ) ياراتقۇچى، ئاللا، تەڭرى:
خۇدا بىزگە فەرزەند قىلدى ئەتا،
يېتىپ پىرلىق بولدۇم ئەمدى فەنا.
— ئا. نىزارى.

**خۇدايى زۇلمەنەن** ـ ئېھسانلار ئىگىسى خۇدا:
رەھم قىل گۇمنامغە بىر خەستەدۇر زارىڭ سېنىڭ،
دەۋلەتىڭ پايەندە قىلسۇن ئول خۇدايى زۇلمەنەن.
— گۇمنام.

**خۇدايار** ـ خۇداغا يېقىن، خۇداغا دوست:
ئايا دوستلار خۇدانىڭ يادىدىن ھېچ بولماغىل غاپىل،
خۇدا يارى بىلە بولغىن بۇ دۇنيا ئىشى بىكارى.
— موللا مۇھەممەت نىيازى

**بەرايى خۇدا** ـ خۇدانىڭ رايى بىلەن، خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن:
تۇمەن رەنج ئىلە قىلدى ئاندىن خەلاس،
بەراي خۇدا قىلدى جانىمغە خاس.
— ئا. نىزارى.

**خۇداداد** [خداداد] (پ) 1 › سوۋغا قىلغان، ئىنئام قىلغان، بەخش ئەتكەن، ئىلتىپات قىلىنغان.
2 › تەبىئى، تۇغما:
مەھبۇبدەكىم بار تۇرۇر ھۇسنى خۇداداد،
بەربەستە ئۇشۇل، زىبىنەتۇ زېۋەرگە نې ساندۇر.
— ھافىز خارەزمى.

**خۇداۋەندە** [خداوند] (پ) 1 › خۇدا، تەڭرى، ئاللا:
ئىدا كويۇڭدا ئۇرمىش «سەۋفە يۇئتىكە فەتەرزا»نى،

رىزالىق ئىزدەبان مەئشۇق ھەمىن ئاشىق خۇداۋەندا.
— شەۋقى.

2 › ئىگە، خوجايىن:
خۇداۋەندى ئىنسۇ خۇداۋەندى جان
خۇداۋەندى مۇلكۇ مەكىنۇ مەكان.
— ئا. نىزارى.

**خۇداۋەند تەئالا** — ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك خۇدا.
**خۇداۋەند كەرىم** — ئالىيجاناب، سېخىي خۇدا.

**خۇداپەرەس** [خداپرست] (پ) خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان.

**خۇدبىن** [خودبین] (پ) باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھاكاۋۇر، تەكەببۇر، مەنمەنچى:
بۇ كۈن تەبلى تەمەننا قاقماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن،
مەلامەت ئاتەشىگە ياقماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن.
— زەلىلى.

**خۇدبىنلىق** [خودبین‌لق] ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق:
كۆرمە ئارادە ئۆزۈڭنى مىسكىنلىك ئارا،
كىم بولدى كىشى ھەلاكى خۇدبىنلىك ئارا.
— نەۋائى.

**خۇدپەسەند** [خودپسند] (پ) ئۆزىگە ئىشەنگەن؛ تەكەببۇر:
نەۋاساز قۇشنى قەپەس ئىچرە بەند،
چۇمەسئۇد قاشىدا قويۇپ خۇدپەسەند.
— ئا. نىزارى.

**خۇددام** [خدام] (ئە) مۇلازىملار، خىزمەتچىلەر، خادىملار:
گەرساڭا خۇد لەبىيۇ خۇددام ئېرۇر،
قايغۇلارى كۆڭلىگە ناكام ئېرۇر.
— نەۋائى.

**خۇدراي** [خودرای] (پ) باشباشتاق، قەيسەر، جاھىل:
قىرقىپ ئېردى قاشىن ئول بادە نەرەستى خۇدراي،
تازە چىقمىش، نى ئەجەپ، گەر دېسەم ئانى يېڭى ئاي.
— نەۋائى.

**خۇدرەڭ** [خودرنک] (پ) بويالمىغان. ئۆز ئەسلى رەڭگى، باشقا رەڭگە ئارىلاشمىغان رەڭ.

**خۇدرۇ** [خودرو] (پ) ئۆزى ئۆسۈپ قالغان، ياۋا:
تاشلاغىل ناقىس، رىزا دەشتىغە قويماي ھالىغە،
گەر سېنى تىندۇرماسا ھەريان سۇرۇپ خۇدرۇ كۆڭۈل.

ـــ ناقس.

خۇدروي [خودروى] (پ) «خۇدرو»غا قاراڭ.
كۆزمۇدۇر يا كافىرى خۇنرىز يا جادۇيى ھىند،
يۈزمۇدۇر يا لالەئى خۇدروي يا بەرگى سۇمەن.
ـــ ھافىز-خارەزمى.

خۇدستانلىغ [خودستانليغ] ئۆزىنى ماختىماق.

خۇدشىكەن [خودشكن] (پ) كەمتەر، كىچىك پېئىل.
خۇدشىكەنگە يەتتى ئول ئالى مەقام،
خۇدنەما تاپتى بۇ يەڭلىغ ئىنتىقام.
ـــ نەۋائى.

خۇدكار [خودكار] (پ) ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدىغان، ھەرىكەتچان:
خەبەر ئالدى خەددام خۇدكارلار،
يىغىلدى ھەمە يار، ئەغيارلار.
ـــ ئا. نىزارى.

خۇدكام [خودكام] (پ) پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان:
كىمكى مەندەك ئىشق ئەرا بىسەبرۇ ئارام ئولماسۇن،
يار ئاڭا بىر سەن كەبى بەدمەھرى خۇدكام ئولماسۇن.
ـــ نەۋائى.

خۇدكامە [خودكامه] (پ) «خۇدكام»غا قاراڭ.

خۇدنەما [خودنما] (پ) شۆھرەتپەرەس، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئىنتىلگۈچى، ئابرويپەرەس:
مەرھەلەئى فەنانەكىم ئەھلى بەقا نەزەر قىلىڭ،
جەزبە ئەھلى سەۋارەدۇر، زاھىد خۇدنەما ياياق.
ـــ زەلىلى.

خۇدنەمالىق [خودنماليغ] شۆھرەتپەرەسلىك، ئابرويپەرەسلىك.

خۇدنەماي [خودنماى] (پ) «خۇدنەما» غا قاراڭ.

خۇرە [خورد] (پ) ئۇششاق، كىچىك؛ پارچە، پارچىلانغان:
تۇرالماي شەھەر ئىچرە، كەلدىم بۇيان،
كى ماتەم تۇتۇپ بارچە خۇردۇ كەلان.
ـــ ئا. نىزارى.

خۇردى كەلان ــ چوڭ كىچىك، ئۇششاق ــ چوڭ:
تۇشۇپ تاغ باشىدىن ھەمە كافىران،
توشۇپ بۇتلارىن ھەمە خۇردۇ كەلان.
ـــ ئا. نىزارى.

خۇردە [خورده] (پ) «خورد»غا قاراڭ.

**خۇردەدان** [خوردەدان] (پ) زىھنى ئۆتكۈر، پەملىك:
بەقاسىزدۇر جەھان مۈلكىنى شاھى خۇردەدان كەتمىش،
ۋەلى گەر كەتسە ھەر كىمدەك نە بىنامۇ نىشان كەتمىش.
— ئەرشى.

**خۇردەدانلىق** [خوردەدانلىق] ئۆتكۈرلۈك، ھوشيارلىق.

**خۇررەم** [خرم] (پ) خۇشال، شاد، خۇرسەند:
جەمالۇ ھۆسنى ئەكسىندىن گۈلىستان يەڭلى خۇررەمدۇر،
ئانىڭ ھۆسنى جەھان ئاراسى تاكىم بولدى جان ئارا.
— ھافىز خارەزمى.

خۇررەم بولماق — خۇشاللانماق، شادلانماق:
جەھان خۇررەم بولۇپ خۇددى بارىنتەك،
سۈزۈلۈپ چەشمەلەر مايى مايىنتەك.
— لۇتفى.

خۇررەم قىلماق — خۇشاللاندۇرماق، شادلاندۇرماق:
قىلىپ سەن جەھاندا مەنى غەم سىرىشت،
كەرەم بىرلە قىل تاڭلا خۇررەم سىرىشت.
— ئا. نىزارى.

**خۇررەملىق** [خرملىق] شادلىق، خۇشاللىق، خۇرسەندلىك:
باردۇ يامان ئەلگە ھەمنەشىنلىغدە زەرەر،
خۇررەملىق ئارا رەنجۇ ھەزىنلىغدە زەرەر.
— نەۋائى.

**خۇرسەند** [خرسند] (پ) رازى، مەمنۇن، خۇشال، شاد:
شەئن-شەۋكەتدە مىسلى قازى كەلان،
داغى خۇرسەند ئىبرۇر مۇڭا زىبىجان.
— موللا قۇربان.

**خۇرسەندلىق** [خرسندلىق] رازىلىق، مەمنۇنلۇق، خۇشاللىق، شادلىق.

**خۇرشىد** [خورشيد] (پ) 1) قۇياش، كۈن، ئاپتاپ:
كى خۇرشىدنىڭ ئەۋجى قىلدى زەۋال،
كى مەغرىب سارى ئەيلەدى ئىنتىقال.
— ئا. نىزارى.

2) ناھايىتى گۈزەل، بەك چىرايلىق:
ئول بار ئىكەنۇ ئۆزگە قاچان كۆزگە كۆرۈنسۇن.
خۇرشىد بارىندە مەھۇ ئەختەرگە نى ساندۇر.
ھافىز خارەزمى.

خۇرشىدى پەرتەۋرا — نۇرلۇق قۇياش:

مەھۋەشىم رۇخسارىدىن خۇرشىدى پەرتەۋراسى بار،
خەمزر خەتتى ئاستىدا لەئلى مەسىھ ئەنفاسى بار.
— ئەرشى.

خۇرشىدى خاۋەر — شەرق قوياشى:
كى خۇرشىدى خاۋەر يۈزى كۆزگۈسى،
قۇلاقىغە پەرۋىن ئىرور ئۈنجۈسى.
— ئا. نىزارى.

خۇرشىد رەخشان — پارلاق قۇياش:
نەماھىكى، خۇرشىد رەخشان كەبى،
چۇ بەرپا قىلىپ خىيمەۋۇ بارگاھ.
— ئا. نىزارى.

خۇرشىدى فەر — كۆركەم، ھەيۋەتلىك قۇياش:
تەۋسەنى دۆۋلەت ئۆزە مىنسەڭ سەن، ئەي خۇرشىدى فەر،
قىلغۇدەكسەن سەير بەزمىدە بۇ ئون ئىككى بۇرج.
— قەلەندەر.

خۇرشىد ماھ — نۇرلۇق ئاي:
بىناگاھ يېتىپ كەلدى خۇرشىد ماھ،
يىراقدىن كۆرۈپ كوھكەن چەكتى ئاھ.
— ئا. نىزارى.

خۇرشىد يۈز — گۈزەل يۈز، چىرايلىق يۈز:
خۇرشىد يۈزۈڭنى ئەي قارىنداش،
ئول كۈن يەنە كۆرمەسەم ئىكەن كاش.
— موللا نىياز.

خۇرشىد راي [خورشيدراى] (پ) ئۆتكۈر، روشەن پىكىرلىك:
رەۋان بولدى خاقانى خۇرشىدراي،
بۇ ئىلكىدە ئايىنە، ئول بىردە ئاي.
— نەۋائى.

خۇرشىد سىيما [خورشيدسيما] (پ) قۇياش يۈزلۈك، گۈزەل.
خۇرشىدۋار [خورشيدوار] (پ) قۇياش كەبى، قۇياشتەك.
خۇرشىدۋەش [خورشيدوش] (پ) قۇياشتەك نۇرلۇق، يارقىن:
ئۆزى بىر تەخت ئۈستىدە جەمشىدۋەش،
يانىدا گۈلچېھرەئى خۇرشىدۋەش.
— نەۋائى.

خۇرۇج [خروج] (ئە) قارشى چىقىش، توپىلاڭ قىلىش:
مەخدۇمى پاكبازى، پەرۋازى شەھبازى،

ساھىبى خۇرۇج غازى، چۈن ئارسلان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

خۇرۇج ئەتمەك — قارشى چىقماق، توپىلاڭ قىلماق:

ئانى ھەم تەماشا قىلىپ نەچچە كۈن،
خۇرۇج ئەتكەلى بەلكى يۈتكەپ ئورۇن.

— ئا. نىزارى.

خۇرۇج ئەيلەمەك — «خۇرۇج ئەتمەك»كە قاراڭ.

**خۇرۇس** [خروس] (پ) خوراز:

ئۇچسە ئۇچقاي ئىبردىلەر تاكىم قاناتىنىڭ زورىدىن،
ھالى مەكيانۇ خۇرۇسنىڭ مادەۋۇ نەردىن ئەمەس.

— ئەرشى.

**خۇرۇش** [خروش] (پ) قىچقىرماق، چىللىماق، تۈۋلىماق، ھۆركىرىمەك، پىغان، پەرياد، نالە:

رەڭگى گۈل سىمگۇندۇر، شىشەئى شەبنەمنى نۇش ئەتكەچ،
چەمەن گويا مۇسىبەتخانەدۇر، بۇلبۇل خۇرۇش ئەتكەچ.

— زەلىلى.

خۇرۇش ئەيلەمەك — ۋارقىرىماق، ھۆركىرىمەك، قىچقىرماق، تۈۋلىماق؛ پەرياد چەكمەك، نالە قىلماق:

سۇ ئالىبان زەررەئى نۇش ئەيلەدىم،
جۇش قىلىپ بەسكى خۇرۇش ئەيلەدىم.

— زەلىلى.

خۇرۇش قىلماق — «خۇرۇش ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

مۇنچە بولۇپ باقمادى قىلدىم خۇرۇش.
بىلمەدى گۈل قەدرىنى بوستان فۇرۇش.

— زەلىلى.

**خۇرۇشان** [خروشان] (پ) پىغان، پەرياد چەككۈچى، قىچقىرغۇچى، شاۋقۇن سالغۇچى:

بولدى ھەر نەۋاكەش بىر بەھرى جۇشان،
رۇبائىي بەھرى ساز ئەيلەپ خۇرۇشان.

— نەۋائىي.

**خۇسرەۋ** [خسرو] (پ) 1) بۇرۇنقى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرىنىڭ لەقىمى:

مەدايىن ئېلى شاھى خۇسرەۋ ئىدى،
كى ھۇرمۇز مەقامىدا پەيرەۋ ئىدى.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: پادىشاھ، شاھ.

باشمغه تاپىلسه تاقىيئى نەۋ،
بىلسەم ئانى مىسلى تاجى خۇسرەۋ.
—موللا نىياز.

خۇسرەۋانە [خسروانه] (پ) پادىشاھلارچە، پادىشاھلاردەك. پادىشاھلارغا لايىق:
ياساپ خۇسرەۋانە چۇ ئەسبابى بەزم،
قىلىپ مۇندا بارچە كىرەكلىكنى جەزم.
— ئا. نىزارى.

خۇسرەۋانى [خسروانی] (پ) پادىشاھلىق، پادىشاھلارغا تېگىشلىك، پادىشاھلارغا مەنسۇپ.

خۇسۇسەن [خصوصاً] (ئە) 1› بولۇپمۇ، ئەڭ مۇھىمى:
خۇسۇسەن فەقىر غەمكەشۇ ناتەۋان،
سىرىشكىمنى ھەر سۇبھى ئەيلەپ رەۋان.
—ئا. نىزارى.

2› ئاتايىن، مەخسۇس:
خۇسۇسەن خىسالى ھەممىدىن بىلىپ،
ئۇلۇغ ئېھتىماد ئىشلەرىگە قىلىپ.
— نەۋائى.

خۇسۇمەت [خصومت] (ئە) دۇشمەنلىك، ئاداۋەت:
خۇسۇمەت تەرەپتىن يىراق كاردۇر،
دېسەك راست سۆزنى فىراق كاردۇر.
— ئا. نىزارى.

خۇسۇسىيەت [خصوصیت] (ئە) 1› سۈپەت، بەلگىلەر، 2› خاسلىق، مەخسۇسلۇق.

خۇش [خوش] (پ) 1› ياخشى، ماقۇل:
يالغۇز بول، رەنج پەرۋەرد ئۇلماق،
خۇشراق چۇ يامان رەفىقدەك فەرد ئۇلماق.
— نەۋائى.

2› چىرايلىق، يېقىملىق:
خۇش ئېرۇر كۆزلەرى بىمارى دائىم،
ۋەلې خۇش ئۆزگەيۇ، بىمار ئۆزگە.
— ھافىز خارەزمى.

3› شاد، خۇشال، خۇرسەن:
خۇش ئېرۇر كۆزلەرى بىمار دائىم،
ۋەلې خۇش ئۆزگەيۇ، بىمار ئۆزگە.
— ھافىز خارەزمى.

خۇش ئەلھان—خۇش ئاۋاز، يېقىملىق ئاۋاز:

سايەئى سەرۋى مەنۇ يارى گۇلۇ بوستانى،
نەغمە سەنج ئولسە دەغى بولبۇلى خۇش ئەلهانى.
ـــ زەلىلى.

**خۇش** بولماق ـ شادلانماق، خۇشاللانماق، خۇرسەن بولماق:
مەنىم بىرلە بەسى خۇش بولغاي ئېردىڭ،
قاچان كەتسە ئارادىن بۇ مەگۇ تۇ.
ـــ هافىز خارەزمى.

**خۇش** خەبەر ـ ياخشى خەۋەر، خۇرسەندلىك بېغىشلىغۇچى خەۋەر، شاتـ
لاندۇرغۇچى خەۋەر:
دېدى قىز: «ئىشتىكىل ساڭا خوش خەبەر،
ماڭا ئول كۆرۈنگەن ئېرۇر سىيمبەر».
ـــ ئا. نىزارى.

**خۇش** سۇلۇك ـ خۇش مۇئامىلە:
ئېرۇر شاهىمىز ئىسمى تاجۇل مۇلۇك،
ئۆزى فەقرپەرۋەر تۇرۇر خۇش سۇلۇك.
ـــ ئا. نىزارى.

**خۇش** نەفەس ـ ئاۋازى يېقىملىق، تاتلىق ـ شېرىن سۆزلەيدىغان:
ئاسپدۇر تورۇسقا چۇ ئالتۇن قەفەس،
قۇشى بىر ـ بىرىدىن ئېرۇر خۇش نەفەس.
ـــ ئا. نىزارى.

**خۇش** نەهاد ـ خۇش تەبىئەت، مىجەزى يېقىملىق:
چۇ شەهبال بولدى بۇ سۆزلەرغە شاد،
كۇلۇپ لەفز ئەيلەپ هەمۇل خۇش نىهاد.
ـــ ئا. نىزارى.

**خۇش** ۋەقت ـ ۋاقتى خۇش، خۇشال ـ خۇراملىق:
سىزلەرنى داغى تۇتۇپ سەلامەت،
خۇش ۋەقتلىغىن قىلىپ كەرامەت.
ـــ موللا نىياز.

**خۇشا** [حوشا] (پ) نېمىدېگەن ياخشى؛ قانداق ياخشى:
بولۇپ هەم سەئب هالەت بولماغاي هىجران بەلاسىدىن،
خۇشا، ئىككى كۆڭۈللىۈك بولسە ۋەسل ئاقشامىدا بىردەك.
ـــ ئەرشى.

**خۇشاب** [خوشاب] (پ) تازا، ساپ، تىنىق، يالتىراق:
ئەدەب بىرلە بانۇغە بەردى جەۋاب،
كى هەرلەفزى ئانىڭ چۇ دۇررى خۇشاب.

— ئا.نىزارى.

دۇررى خۇشاب ـ ساپ، تازا ئۈنچە ـ مەرۋايىت:

فىراقى رەڭگى رۇخسارى لەبىڭدە تۈنلەيۇ كۈنلەپ،
سىرىشكىم يىغلارەم ھەر قەترەسىن دۇررى خۇشاب ئەيلەپ،
— ئەرشى.

**خۇشامەت** [خوش آمد] (پ) بىرەۋگە تەمەگەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىش، خۇشامەت:

كى مەھزۇن خۇشامەت قىلىپ دايەگە،
قىلىپ فەرش توققۇز مەتائ پايەگە.
— مەھزۇن.

**خۇشئايەندە** [خوش آينده] (پ) خۇش كەلگۈچى، گۈزەل تۇيۇلىدىغان، يېقىملىق:

ئانداغ خۇشئايەندە كۆزۈم قاشىدىن ئاشدى،
كىم گۈلشەنى جاندە يۈرۈسە سەرۋى خىرامان.
— ھافىز خارەزمى.

**خۇشباش** [خوشباش] (پ) خۇش مۇئامىلە، خۇش ۋاقت.

**خۇشبەرنا** [خوش برنا] (پ) چىرايلىق، كېلىشكەن.

**خۇشبۇ** [خوش بو] (پ) خۇش بۇي، ئىللىق:

دۇد سالدىم كىرفىك ئىلە كەلمەكىن ئىستەردە سەن،
جەمى ئۇلۇپ كەلمىش پەرى ھەر سارىدىن خۇشبۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

**خۇشتالىئ** [خوش طالع] [پ + ئە] بەختلىك، بەختىيار، تەلەيلىك:

بىر سۇبھىكىم ئاڭاكىم تالىئ ئۇلۇر بادە قويانىنى،
خۇش بەختى ھۇمايۇن بىلە خۇش تالىئىن فىرۇز.
— نەۋائى.

**خۇشتەبئ** [خوش طبع] (پ + ئە) ياخشى تەبىئەتلىك، مىجەزى خۇلقى ياخشى؛ شائىرانە مىجەزلىك، ئەدىب.

**خۇشتەر** [خوشتر] (پ) ياخشى، ناھايىتى ياخشى:

فۇقەراھەم ئەتاسىدىن خۇشتەر،
بىنەۋالار سەخاسىدىن پەرۋەر.
— موللا قۇربان.

**خۇشتەقرىر** [خوش تقرير] (پ + ئە) يېزىقتا مەزمۇننى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگۈچى، چىرايلىق، مەزمۇنلۇق جۈملىلەرنى تۈزگۈچى.

**خۇشتەۋر** [خوش طور] (پ + ئە) ھەركىتى يېقىملىق.

**خۇشخان** [خوش خوان] (پ) خۇش ئاھاڭ، خۇش ئاۋاز.

**خۇشخۇ** [خوش خو(ى)] (پ) خۇش تەبىئەتلىك، ياخشى مىجەزلىك، ئوچۇق كۆ-
ڭۈل، خۇش خۇي، مۇلايىم:

رەنىج بولماس ھەر جەفايىكىم چېكەر ئەغياردىن،
يار يادى بىرلە ئادەت ئەيلەگەن خۇشخۇ كۆڭۈل.
— ناقىس.

**خۇشرەفتار** [خوش رفتار] (پ) چىرايلىق ماڭىدىغان.

**خۇشرەڭ** [خوش رنگ] (پ) رەڭگى چىرايلىق، گۈزەل.

**خۇشسائەت** [خوش ساعت] (پ + ئە) ياخشى سائەت، ياخشى پەيت.

**خۇشك** [خشك] (پ) 1› قۇرۇق، سۇسىز:
ياپۇشسە ئول ئوتدىن ھۆلۇ خۇشك ئارا،
ئۆچۇرمەك نە مۇمكىن سالۇر ماجەرا.
— ئا. نىزارى.

2› قۇرۇق يەر:
كى خۇشكىدا ئولتۇرۇپ ئىردى ئول،
تەۋەھھۇم بىلەن باقىبان ئوڭۇسول.
— ئا. نىزارى.

**خۇشك رۇد** [خشك رود] (پ) قۇرۇغان دەريا، قۇرۇغان ئېقىن:
كىشى كىم مۇھەببەتى يوق ئانى دەرلەر خوشك رۇدى،
سەبەبى تەمام ئالەم ئەۋلانىڭ ئېرۇر ۋۇجۇدى.
— زەلىلى.

**خۇشك سال** [خشك سال] (پ) قۇرغاقچىلىق يىلى:
خۇشك سال ئولدى بۇ يىل ئول نەۋئىكىم گەرد ئىچرە ئەل،
بىر - بىرىن كۆرمەس ئەگەرچە ئولتارۇرلەر روبەرۇ.
— نەۋائى.

**خۇشك لەب** [خوشك لب] (پ) مەھرۇم، بىبەھرە، تەشنا:
چەشمەئى ھەيۋاندىن ئۆتكەن خۇشك لەب،
بەركەدىن دەفئى ئەتەش قىلغان تەلەب.
— نەۋائى.

**خۇشكۇۋار** [خوشكوار] (پ) 1› تاتلىق، تەملىك، پۇراقلىق:
گۈلىستان خۇررەمۇ خۇش بولدى، ئەمدى بىر نىگار ئىزدە،
تۈزۈپ زەۋقۇ سەفا سازىن شەرابى خوشكۇۋار ئىزدە.
— ھافىز خارەزمى.

**خۇشگۇي** [خوش كوى] (پ) شىرىن سۆز، چىرايلىق سۆز:
سەراۋۇ سەھنى گۈلشەندە بولۇپ نەغمە سەرا ھەردەم،
ئۆزۈڭگە بۇلبۇلۇ خۇشگۇيلارنى دەستيار ئىزدە.
— ھافىز خارەزمى.

**خۇشلەھجە** [خوش لهجه] (پ + ئە) خۇش ئاۋاز، يېقىملىق سۆزلەيدىغان.

خۇش مەشرەب [خوش مشرب] (پ) ياخشى تەبىئەتلىك، خۇش چاقچاق، خۇش خۇي، لەۋەن.

خۇش مەقال [خوش مقال] (پ + ئە) سۆزگە ئۇستا، گەپدان.

خۇشنەما [خوش نما] (پ) كۆركەم، چىرايلىق، گۈزەل:

باسىپ تۇخمىنى چۈن چىقاردى بالا،

پەرۇ بال ئىلەكىم بولۇپ خۇشنەما.

— ئا. نىزارى.

خۇشنەۋا [خوش نوا] (پ) ئاھاڭى يېقىملىق، خۇش ئاۋاز.

خۇشنەۋاز [خوش نواز] (پ) ياخشى چالغۇچى، ئۇستا سازەندە.

خۇشنەۋىس [خوش نويس] (پ) چىرايلىق خەت يازغۇچى، خۇشخەت.

خۇشنۇد [خوشنود] (پ) رازى، مىننەتدار، شاد:

رىزالىق ئەيلەرەم ھەردەم ئانىڭ ياخشى فەئالىغە،

مېنىڭ خۇشنۇدلۇقۇمدىن ئۇل بەھىشتى جاۋىدان كەتتى.

— موللا سالىھ.

خۇففاش [خفاش] (ئە) قارىغۇ ياپىلاق، شەپەرەڭ.

خۇك [خوك] (پ) توڭگۇز، چوشقا.

خۇكبان [خوكبان] (پ) توڭگۇز باققۇچى.

خۇكچەران [خوك چران] (پ) «خۇكبان» غا قاراڭ.

خۇلد [خلد] مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك؛ جەننەت:

قىلىپ نۇكتە دىۋاننى نەقشى چەمەن،

مۇھەببەت ھەۋاسىدا خۇلدى بەرىن.

— ئا. نىزارى.

خۇلد ئاشيان [خلدآشيان] (پ) جەننەتكە كىرىدىغان، جەننەتىي.

خۇلد ئايىن [خلدآيين] (پ) جەننەتتەك بېزەكلىك.

خولد بەرىن [خلدبرين] (پ) جەننەت:

كەئبەۋۇ خۇلد بەرىننى كۆلبەئى ئەھزان دېمىش،

كىمسە گەر شەمئى جەمالىڭنى قۇياشقە ئۇخشەتۇر.

— ئەرشى.

خولد رىزۋان [خلدرضوان] (پ) جەننەت:

بۇلار يۈرگۈسى خۇلد رىزۋان ئارا،

تەماشا قىلىپ باغۇ بوستان ئارا.

— ئا. نىزارى.

خۇلۇس [خلوص] (ئە) خالىسلىق، توغرىلىق؛

خۇلۇس قەلب — چىن كۆڭۈل، سەممىي كۆڭۈل.

خۇم [خم] (پ) 1. كوزا، كۈپ:

مۇھتەسىب سىندۇردى خۇمنى، مۇفتى تەھسىن ئەيلەدى،
بۇ جىھەتدىن ئىككىسى ئۇمرى ئارا تاپماس ھەلال.
— ناقىس.

2 › چوڭ دۇمباق.
3 › ئۇزۇن سۇناي.

**خۇمار** [خمار] (پ) 1 › مەسلىكتىن كېيىنكى باش ئاغرىقى:
ئۆلگۈدەكدۇرمەن، خۇماردىن رەنجىدىن، ئەي پىرى دەير،
رەھم ئېتىپ ئاغزىمغە قەترە مەي تامىز چىقماستا جان.
— مەھزۇن.

2 › زور ئارزۇ، مۇشتاقلىق:
ھافىزا، ئىچكەي ئىدىم بۇ جامى جاندىن بادەلەر،
بىر نەفەس سورسە ئىدى ئول لەئلى خۇمارىم مېنىڭ.
— ئەرشى.

**خۇماسى** [خماسى] (ئە) بەشلىك، بەشتىن تەركىب تاپقان.

**خۇمخانە** [خمخانه] (پ) مەي تەييارلايدىغان ئۆي، مەيخانە:
قىلۇر ھەركىم چۇ ئۇسرۇك نەرگىسىن يادى چۇ ھاجەت مەي،
ئېرۇر خۇمخانەلەر ھەريان بۇدەم مەيخانە ئاندىن كۆپ.
— ئەرشى.

**خۇمۇل** [خمول] (پ) نامەلۇملۇق، ئېنىقسىزلىق، نام-نىشانسىزلىق:
باش كۆتەر، ناقىس، خەيال ئابادى ۋەھمىگىدىن بۇدەم،
كىم تەكەللۇم چاغى جۇرئەتدىن خىجىلدۇر ھەم خۇمۇل.
— ناقىس.

**خۇمۇل بولماق** — نام-نىشانسىز بولۇپ كەتمەك، ئىز-دېرەكسىزيوقالماق:
بۇ سۆزنى دەبان كەتتى ئالەمدىن ئول،
چۇ ئول غار بەتنىدە بولدى خۇمۇل.
— ئا. نىزارى.

**خۇن** [خون] (پ) قان:
ئۆزىن بىچارە ئەيلەپ زار مەجنۇن،
دەما دەم باغرىنى ئەيلەپ جىگەر خۇن.
— موللا فازىل.

**خۇن توكمەك** — ئادەم ئۆلتۈرمەك، قان ئاققۇزماق:
كىرىپ ئۆيگە فىلھال ئېتىپ رەۋزەنىن،
قىلىپ قەسد تۆكمەك پەرىنىڭ خۇنىن.
— ئا. نىزارى.

**خۇناب** [خوناب] (پ) قانلىق ياش، ئاچچىق يىغا:

تۆكۈپمەن بەسى ئەشكىدىن ئابلار،
كى ئەشك ئورنىدا كەلدى خۇنابلار.
— ئا. نىزارى.

**خۇنابە** [خونابە] (پ) «خۇناب» غا قاراڭ:
ئەقلىم جۇنۇن دىۋانەدۇر ئەگمە ھىلالىڭ كۆرگەلى،
ھەر كۈن كۆزۈم خۇنابەدۇر ھۆسنۈ جەمالىڭ كۆرگەلى.
— موللا سالىھ.

**خۇنابە يۇتماق** — قان يۇتماق، ئېغىر دەرد-ئەلەم تارتماق، قاتتىق ھەسرەت چەكمەك:
ئەي كۆڭۈل دەۋران غەممدىن سۆز دېمە خۇنابە يۇت،
ئاندىن ئەيلە غۇنچەدەك كۆڭلۈڭگە قۇۋۋەت لايەمۇت.
— ئەرشى.

**خۇنئاشام** [خون آشام] (پ) قان ئىچكۈچى، قانخور:
بادەئى سافى چېكىپ ئەھباب ئىلە غافىل ۋەلېك،
كىم يىراقدىن داغى بىر مەھرۇمى خۇنئاشامى بار.
— نەۋائى.

**خۇن ئالۇد** [خون آلود] (پ) قانغا بويالغان، قان ئارىلاش:
يەنە ياد ئەيلەپ دىلئارانى ھەم،
تۆكۈپ خۇن ئالۇد ياشىن دەمبەدەم.
— ئا. نىزارى.

**خۇن ئامىز** [خون آميز] (پ) قان ئارىلاش، قانلىق.

**خۇنبار** [خون بار] (پ) قانلىق ياش تۆككۈچى ئاچچىق يىغلىغۇچى:
كۆزۈ كۆڭلۈم خۇشلۇغىن خالۇ لەبىدىن ئىستەمەن،
ھەجرىدە كۆڭلۈمگە داغۇ دىيدەئى خۇنبار بەس.
— ئەرشى.

**ئەشكى خۇنبار** — قان يىغلىغۇچى، ئاچچىق ياش تۆككۈچى:
تىلاۋەت ئەيلەسەڭ دائىم ئاقىزىپ ئەشكى خۇنبارىڭ.
گور ئىچرە شەمئى تابانىڭ تەبارەك فاتىھە شەب-روز.
— شەۋقى.

**خۇنبەر** [خونبر] (پ) «خونبار» غا قاراڭ.

**خون پالا** [خون بالا(ى)] (پ) قان يۇقى، قان تەگكەن.

**خۇنخار** [خون خوار] (پ) قانخور، قان تۆككۈچى:
كۆيدۈرۈپ جانۇ كۆڭۈل ھەم قانىن ئىچمەكلىك ئۈچۈن،
لەئلى ئاتەشبار ئىلە ئول نەرگىسى خۇنخار بەس.
— ئەرشى.

خۇنخارە [خون خوارە] (پ) «خۇنخار» غا قاراڭ.

خۇنرىز [خونريز] (پ) 1) قان تـۆككۈچى، قانخور:

كەمەر باغلاپ چىقىپدۇر ئەلنى قەتل ئەيلەرگە خۇنرىزى،
بەلى، شەھلا كۆزىدىن ھەر مىژە بىر خەنجەرى تىيزى.
— زەلىلى.

2) رەھىمسىز، زالىم:

بۇ بەگلەردە يوق سەندىكى ئېتىقاد،
بۇ تۆكگان خۇنرىزى بىئېتىماد.
— موللا شاكىر.

خۇن رىزان [خون ريزان] (پ) قان تۆكۈشكەن، قىرغىن قىلىشقان ھالدا:

ياغىپ قان ھاۋادىنكى باران كەبى،
ئىكى كۈنغىچە خۇن رىزان كەبى.
— ئا. نىزارى.

خۇنسا [خونثا] (پ) ئىككى جىنسلىق:

نەيەردە ھاجى قىز خۇنساغە بولدى ئىككى-ئۈچدىن زەن،
بۇگۈن تاڭلا بولۇرمەن دەپ بۇ خاتۇنلارغا بەرمىش پەن.
— موللا قۇربان.

خۇنفىشان [خون فشان] (پ) قان چاچقۇچى، قاتىل.

خۇنكار [خونكار] (پ) قان تۆككۈچى، قان ئىچەر، جاللات:

بەسكى نەرگىس بۇ چەمەندە جىلۋە خۇنكار ئەيلەدى،
يوق چەمەن نەرگىسلەرى، بەل نەرگىسى بىمارەلەر.
— ئەرشى.

خۇنىن [خونين] (پ) قانلىق، قان رەڭ، توق قىزىل:

نۆكتەئى مەۋھۇم ئەمەس كۆڭلۈمدە ئاغزىڭ يادىدىن،
كىم بۇ خۇنىن غۇنچە ئىچرە داغى پىنھانىمدۇر ئۇل.
— نەۋائى.

خىتاب [خطاب] (ئە) 1) سۆز بىلەن قىلىنغان ئىلتىماس، مۇراجىئەت:

ئەگەر يېتىشسە ئەجەل بىر نەفەس ئارام بەرمەس،
خىتاب زائىقەتۇل-مەۋت ئىلە لەبىل-مىر ساد.
— شەۋقى.

2) بۇيرۇق:

قىلدىم ئېسە كىمىيا خىتابىڭ،
يىببەردى بۇ يەڭلىغ خىتاب ئەيلەبان.
— ناۋايى.

خىتاب ئەيلەمەك - ئىلـتـىماس، مۇراجـىئەت قىلماق، بىرەۋگە قاراپ

سۆزلىمەك:

پۇرسىشى ئىسيان سەۋاب ئەيلەگەي،
ئالەمى ئادەمگە خىتاب ئەيلەگەي.
— زەلىلى.

خىتاب قىلماق — «خىتاب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

مېھىنبانۇ ھەرنىچە قىلدى خىتاب،
چۇ بىدىل خىجالەتدە بەردى جەۋاب.
— ئا. نىزارى.

خىتتە [خطه] (ئە) مەملىكەت، ئۆلكە؛ شەھەر.

خىتتەئى پاك — گۈزەل ئۆلكە، گۈزەل شەھەر:

ئۇل ئايدىن يارۇمىش ئۇل خىتتەئى پاك،
قوياش ئۈيلەكىم بۇ مەركەزى خاك.
— نەۋائى.

خىجالەت [خجالت] (ئە) ئۇيىلىش، ئىزا تارتىش، خىجالەت:

خىجالەت بابىدىن ھەر كۈندە مىڭ تۈرلۈك ئاچىلمىشدۇر،
بۇ رەڭگىمنى كىشى كۆرگەي دىگەيلەر كىم سەمان كاغەز.
— شەۋقى.

خىجالەتزەدە [خجالت زده] (ئە + پ) ئۇيالغان، ئىزاتارتقان، خىجىل بولغان:

سۇنبۇلى زۇلفى بىلەن گۇل يۈزىدىن،
بولدى خىجالەتزەدە مۇشكۇ گۇلاب.
— ھافىز خارەزمى.

خىجلەت [خجلت] (ئە) خىجالەت، ئىزا تارتىش:

تۈنۈ كۈن ئەزم ئەيلەپ ئۇل ئالەمگە بولغاچ نۇر تاش،
خىجلەت ئەيلەپ ئاي قارالىق بولدى، سارغاردى قوياش.
— ئەرشى.

خىجىل [خجل] (ئە) ئۇيالغان، ئىزا تارتقان:

خىجىل بولدى بۇ ھالدا تىيرى مىژگان،
دىدى: بۇ فىيئلدىن، كەل ئەمدى سەن يان.
— ئا. نىزارى.

خىدمەت [خدمت] (ئە) خىزمەت، ئىش.

خىدمەتكۇش [خدمت كوش] (ئە + پ) تىرىشىپ ئىشلىگۈچى، تىرىشچان، خىزمەتلەرنى بېجىرگۈچى.

خىراج [خراج] (ئە) 1) سېلىق، تۆلەم، ئۇرۇش چىقىمى:

ئەمەس سۇلتان جەھان مۇلكىن ئالىپ، ئەلدىن خىراج ئالغان،
جەھان سۇلتانى ناقىس ھالى سورغان ئەھلى ھىممەت بىل.
— ناقىس.

2 › ئىشلىتىدىغان نەرسە، مەبلەغ، پۇل:
كى بىچارەدۇرمەن ماڭا يوق ئىلاج،
چۇ لازىم بولۇپدۇر ئاتامغا خىراج.
— ئا. نىزارى.

**خىراجەت** [خراجت] (ئە) لازىم قىلىدىغان پۇل، مەبلەغ، چىقىم:
ئۆزۈم ئىزدەمەككە ئىجازەت بىرىلىك،
كى يول جابدۇقىغە خىراجەت بىرىلىك.
— ئا. نىزارى.

**خىرام** [خرام] (پ) 1 › كېزىش، ئايلىنىش، قايتىش:
بولۇپ مەئرىكەنىڭ ئىشى ھەم تەمام،
دېدىكىم: پەرىلەر قىلۇرمىز خىرام.
— ئا. نىزارى.
2 › ناز-كەرەشمە بىلەن يۈرۈش، چىرايلىق يۈرۈش:
دۇئا قىلدى ئول پىرى ئالى مەقام،
تىرىلدىيۇ باغ سارى قىلدى خىرام.
— ئا. نىزارى.
3 › ھەرىكەت، ئۇرۇنۇش، ئولتۇرماسلىق:
كى مۇرادى ئانىڭ خىرام بولۇپ،
كۈيى مەقسۇد سارى گام بولۇپ.
— نەۋائى.
**خىرام ئەيلەمەك** — كەتمەك، جۆنىمەك، ماڭماق:
بېگىم جەننەت ئىچرە خىرام ئەيلەدى.
بۇ دۇنيا ھۇزۇرىن ھەرام ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.
**خىرام قىلماق** — «خىرام ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
بولۇپ ئانچە خۇشدىل قىلدى خىرام،
چۇ مەھۋەش سارى ئاشۇقۇپ قويدى گام.
— ئا. نىزارى.

**خىرامان** [خرامان] (پ) 1 › ئۆزىنى ئويىنىتىپ، ناز بىلەن چىرايلىق ماڭماق:
باغى كىسرەتدە نىھانى ۋەھدەتى كۆردى كۆڭۈل،
جىلۋە نەخلىستانىدا نەخلى خىرامانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.
2 › بىمالال، خاتىرجەملىك بىلەن:
خىرامان چىقىپ تەختكە پادشاھ،
كۆرۈنۈش بېرىپ، ئاچتۇرۇپ بارگاھ.
— ئا. نىزارى.

خىرامان بولماق ـ ناز بىلەن چىرايلىق ماڭماق:
گەر خىرامان بولسا ئول سەرۋى رەۋان،
جان رەۋان بولۇر ئانىڭ رەفتارىنە.
ـــ هافىز خارەزمى.

خىرامان تۇتماق ـ ئۆزىنى چىرايلىق، خاتىرجەم، بىمالال تۇتماق:
خۇدانىڭ قۇللۇغىن بىرلەن خىرامىڭنى خىرامان تۇت،
ئانىڭ يادى بىلەن (هەر كۈن) ئۆزۈڭنى شاد خەندان تۇت.
ـــ موللا نىياز.

سەرۋى خىرامان ـ سەرۋدەك چىرايلىق قامەتلىك، كېلىشكەن:
بوي چەكتىڭۇ ئافاق ئىچىدە قۇتبى قىيامەت،
هەي ـ هـەي، نە بەلا سەرۋى خىرامان يېتىلىپسەن.
ـــ لۇتفى.

خىرە [خیره] (پ) كۆكۈچ، تۇتۇق، قاراڭغۇ باسقان، خىرە؛ سۇنۇق:
كېلىپ مەن دەرگەهىڭگە خىرە چەشمىم رەۋشەن ئولغاي دەپ،
نەسىب ئولغايمىكىن شايەد كۆزۈمگە سۇرمەئى مازاغ.
ـــ شەۋقى.

خىرەد [خرد] (پ) 1) ئەقىل، هوش، پاراسەت:
كۆڭۈل ئىستەبان بىزگە بەردىڭ مەدەد،
قەبۇل ئەتمەگەي بۇ سۆزۈڭنى خىرەد.
ـــ ئا. نىزارى.

2) چوشەنچە:
گويا بۇيلە هوكم ئېتەر خىرەدىم،
كى ساڭا هەم يېتەر ئىمىش مەدەدىم.
ـــ نەۋائى.

خىرەد ئەهلى ـ ئاقىللار، دانىشمەنلەر، ئەقىل ئىگىلىرى:
ئىنانىمە، ئەي خىرەد ئەهلى، بۇ دۇنيا ئەسرۇ بىپايان،
نەچە ئەللامە ئالىم بولسە يەرنىڭ قوينىدا پىنهان.
ـــ موللا قۇربان.

خىرەد تەرىقى ـ دانالار ئۇسۇلى، ئاقىللار يولى:
هەر كىمگە خىرەد تەرىقىنىڭ نىسبەتى بار،
دەۋلەتكە ئەگەر يەتسە ئانىڭ مۇددەتى بار.
ـــ نەۋائى.

خىرەد سەفهەسى ـ ئەقىل كىتابى:
چۇ سۆز داستانىغە چەكتى رەقەم،
خىرەد سەفهەسىگە چوشوردى قەلەم.
ـــ ئا. نىزارى.

خىرەد شەمئى ـ ئەقىل چىرىغى.
خىرەد لال بولماق ـ ھەيران بولماق.
خىرەد نىشانى خىرەد ـ ئەقىل ـ ئىدراك بەلگىسى.
خىرەدنى زايىل ئەتمەك ـ ئەقىلنى يوقاتماق، مەست، بەھوش بولماق.

**خىرەد پەرۋەر** [خردپرور] (پ) ئەقىللىق، دانا.

**خىرەد پەيۋەند** [خردپيوند] (پ) ئەقىللىق دەپ ھېسابلانغان.

**خىرەد پىشە** [خردپيشه] (پ) ئەقىللىق، دانا، ئويلاپ ئىش قىلغۇچى.

**خىرەد رۇب** [خردروب] (پ) ئەقىلدىن ئازدۇرغۇچى، ئەقلى ـ ھوشىنى ئالغۇچى.

**خىرەدفەن** [خردفن] (پ) ئەقىلنى ئىشلەتكۈچى، ئەقىلدىن پايدىلانغۇچى.

**خىرەدلىغ** [خردليغ] ئەقىللىق.

**خىرەدمەند** [خردمند] (پ) 1› ئەقىللىق، دانا:

ئانىڭ دامىغە، ئەي قۇش، تۇشمەگىل بولساڭ خىرەدمەندى،
فۇسۇن دامىن قۇرۇپ ھەركىمگە بىر تەدبىر ئېتەي سۇلتان.
ـــ موللا نىياز.

2› ئالىم، ئۆلىما:

سىكەندەر مەئابۇ فەرىدۇن ھەسەب،
خىرەدمەندۇ دانايى ئالىي نەسەب.
ـــ ئا. نىزارى.

**خىرەدنامە** [خردنامه] (پ) ئەقىل ـ ھىكمەت ھەققىدىكى بايانات، ھىكمەت رىسالىسى.

**خىرەد نىھاد** [خردنهاد] (پ) ئەقىللىق، ئەقلى بار، زىرەك.

**خىرەكەش** [خيره كش] (پ) قاراڭغۇلۇقتا تارتىش، خاپىلىق كەلتۈرۈش.

**خىرقە** [خرقه] (ئە) ئەسكى چاپان، جەندە، دەرۋىشلەر كىيىمى:

كۆڭۈل ئىقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غافىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.
ـــ زەلىلى.

خىرقەئى فەقىر ـ مەخسۇس پەقىرلىق تونى.

ئاڭلابان ئول دەرد ئىلە ھالات ئاڭا،
خىرقەئى فەقر ئەتتى ھەۋالات ئاڭا.
ـــ نەۋائى.

خىرقە كىيمەك ـ دەرۋىشلەر قاتارىغا ئۆتمەك، سوپىلار يولىدا ماڭماق.
غەم خىرقەسى ـ غەم تونى:

فىتنە ئەھكامىن سۇرەرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فۇلاد ئەيلەمىش.
ـــ ئەرشى.

**خىرقەپۇش** [خرقه پوش] (ئە + پ) خىرقە كىيگەن، دەرۋىش.

**خىرقەتى** [خرقتى] (ئە) يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى، دەرۋىش.

خىرگاھ [خرگاه] (پ) 1 › چېدىر:
فەلەكدۇر يەتتە خىرگاھىكى بىر-بىر ئۈزرە تىكمىشلەر،
ئاڭا قەندىل ئېتىپ خۇرشىددىن ھەي قادىرى دانا.
— زەلىلى.
2 › مەنزىل:
ئەئجۇبەئى ئىلاھى، كەۋنەين پادشاھى،
خىرگاھى بارگاھى، چەرخى كەيۋان ئەمەسمۇ؟
— زەلىلى.
سىپېھرى خىرگاھى — ئاسمان چېدىرى، كۆك، ساما.

خىرگاھۋەش [خرگاه‌وش] (پ) چېدىرگە ئوخشاش، چېدىر كەبى.

خىرگەھ [خرگه] (پ) «خىرگاھ» قا قاراڭ:
ئول پەرى ھۆسنى جەھان ھۆسنى ئارا شەھدۇر مەگەر،
كۆزلەردم ئاقۇ قارالىق ئىككى خىرگەھدۇر مەگەر.
— ئەرشى.

خىرگەھى [خرگهی] (پ) تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىدىغان ناخشا.

خىرمەن [خرمن] (پ) 1 › ئورۇلغان زىرائەتنى توپلاپ، تېپىپ، تازىلاپ ئالىدىغان جاي، خامان:
چۇ خىرمان يېرىدە چاچىلغان ئورۇق،
ھەمە مۇرلەرغە بولۇپتۇر ئۇزۇق.
— غەرىبىي.
2 › تۇپ، نىگىز، ئاساس:
ناز ئىلە ئوتلۇق كۆزى ھەريان باقىپ،
زۇھدۇ ۋەرەئ خىرمەنىنگە ئوت ياقىپ.
— نەۋائى.
3 › كۆپ، مول:
كۆكۆلدە ئانچە ئوقۇغدىن تۆكۆلدى پەيكانكىم،
باشاق بىلە بۇ بەلا مەزرەئىدە خىرمەندۇر.
— نەۋائى.
خىرمەنى ئەغيار — دۇشمەن توپى، قارشى چىققۇچىلار، قارشى ھەرىكەت قىلغۇچىلار.
خىرمەنى بەرباد ئولماق — ھوسۇلى زايا بولماق، شامالغا ئۇچماق، يوق بولماق:
تا ھىرسۇ ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس،
تا نەفسۇ ھەۋا قەسرى بەر ئۇفتاد ئولماس.
— سەبۇرى.

خىزاب [خضاب] (ئە) بوياق، رەڭ.
خىزاب بەرمەك — قىزارتماق، بويىماق.

**خىزىر** [خضر] (ئە) خىزىر پەيغەمبەر، خىزىر ئەلەيھىسسالام:
ئابىھەيۋان ئىگە بولسە چىلۋەئى خىزرى مەسىھ،
قىلماغاي ھەددىن ئاشىپ ئول لەئلى خەندان بىرلە بەھس.
— ئەرشى.

خىزر سۇيى — ئابىھايات (ھايات بىغىشلىغۇچى سۇ).
خىزرى راھ — يول كۆرسەتكۇچى خىزىر.

**خىزرمانەند** [خضرمانەند] (ئە + پ) خىزىرگە ئوخشاش.

**خىزرۋەش** [خضروش] (ئە + پ) خىزىرگە ئوخشاش:
تەفەككۇر قىلىپ تاپمادى يارنى،
كى غار ئىچرە ئول خىزرىۋەش يارنى.
— ئا. نىزارى.

**خىسارەت** [خسارت] (پ) زىيان، چىقىم؛ زەخمىلەنمەك، زىيان تارتماق:
كى ئىجلاس قىلمە شىكايەت بىلە،
زەبۇن ئەتمە ئۆزنى خىسارەت بىلە.
— ئا. نىزارى.

**خىسال** [خصال] (ئە) (بىرلىكى: خىسلەت) خىسلەتلەر، ياخشى سۈپەتلەر:
بۇ شەھ (نىڭ) ھەممدە خىسالىن ئەگەر،
كى ئىقبالى بىرلە كەمالىن ئەگەر.
— ئا. نىزارى.

**خىسرەۋ** [خسرو] (پ) «خۇسرەۋ» گە قاراڭ.
خىسرەۋى خۇرشىد — شەرق قوياشى:
خىسرەۋى خۇرشىد شەھى كامكار،
تىكتى جەھانغە ئەلەمى زەرنىگار.
— زەلىلى.

**خىسلەت** [خصلت] (ئە) سۈپەت، خۇسۇسىيەت، ئادەت، خاراكتېر.

**خىشت** [خشت] (پ) خىش:
شۇئائى بەرق ئىلە بىر كۆردۇك شۇئلەئى بەدرىن،
مۇزەھھەب خىشت ئىلە قىلماي تەفاۋۇت ھارەئى شۇدرىن.
— موللا نىياز.

**خىلاپ** [خلاف] (ئە) 1) قارشى، قارىمۇ قارشى، زىد:
كى سەرداردىن زۇلم شايىئىدۇرۇر،
خىلاف ئەمر ئىش ئانچە ۋاقىئىدۇرۇر.
— ئا. نىزارى.

2 › يالغان:

چۇ ماقتاپ ئۆزۈڭنى تولا ئۇرما لاپ،
بۇ ئۇرغان سۆزۈڭ بەئەينى سەندۇر خىلاپ.

— غەرىبى.

خىلاپ ئەتمەك — قارشى ئىش قىلماق، خىلاپلىق قىلماق:

ۋەفاغە ۋەئدە بەرگەندۇر كەرىمدۇر جانى جانانىم،
ۋەفاسىغە خىلاپ ئەتمەس غەرىبنى شەرمىسار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

**خىلافەت** [خلافت] (ئە) خەلىپىلىك، ئورۇنباسارلىق:

خىلافەت تالىشىپ چۇ ئالى يەزىد،
بىرىن كەربەلادە قىلىپدۇر شەھىد.

— ئا. نىزارى.

**خىلافەتدىسار** [خلافت دثار] (ئە) ئورۇنباسارلىققا مۇناسىپ.

خىلافەت كەردەن — خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش.

**خىلال** [خلال] (پ) چىش كولىغۇچ.

**خىلئەت** [خلعت] (ئە) چاپان، تون، ھەشىمەتلىك كىيىم:

ئانىڭ ئەجرىغە دىيداردىنى كۆرسۈن،
كى خىلئەت نېئمەت ئەلۋانىنى كۆرسۈن.

— موللا فازىل.

خىلئەت ئەخزەر — يېشىل تون.

خىلئەتى سەلتەنەت — سەلتەنەت كىيىمى، پادشاھلىق كىيىمى:

قەددىغە ئەزەمەتمۇ شەيدادۇر،
خىلئەتى سەلتەنەت تەمەننادۇر.

— موللا قۇربان.

**خىلت** [خلط] (ئە) ئارىلاش، ئارىلاشما؛ تىبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىنى تەشكىل قىلغان تۆت ئەزانىڭ بىرى:

بولسە تەبئ ئىچرە خىلتدىن ئىللەت،
ماددە بولسە ھەر نېچۈك زەخمەت.

— نەۋائى.

خىلت بولماق — ئارىلاشماق، قوشۇلماق.

خىلتى سەۋدا — نېرۋىسى بۇزۇلغان، ئېلىشىپ قالغان:

دېدىكىم: «بولار خىلتى سەۋدادۇرۇر،
ئىلاجى مۇنىڭ سەيرى دەريا دۇرۇر».

— ئا. نىزارى.

**خىلقەت** [خلقت] (ئە) 1 › يارىتىلىش، پەيدا بولۇش:

ئانىڭ خىلقەتىدىن جەھان ئاشكار،

كى شەمسۇ قەمەر، بەلكى لەيلۇ نەھار.
— ئا. نىزارى.

2) ئاشىقى قىياپەت، بەدەن، تەن، ۋۇجۇد:
ئارزۇ ئەيلەمەكىم ئۆزگەلەرنىڭ خىلقەتىنى،
تۇپراق ئولغاي، توزۇغاي ھەشردە قىلسۇن نەئىلاج.
— شەۋقى.

خىلۋەت [خلوت] (ئە) 1) ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان، پىنھان، خالى:
تەۋەككەلتۇ ئىلەللاھ دەپ يولۇڭغە كىردىلەر شەۋقى،
ئۇمىد ئەتكەچ ۋىسالىڭ خىلۋەتىدىن ئۆزنى خار ئەيلەپ.
— شەۋقى.

2) يالغۇز، تەنھا؛ يالغۇزلۇق، تەنھالىق؛
بۇ رەڭ خىلۋەتكى نې تاڭ بەلكى ئادەت بۇدۇرۇر بولغاچ،
كى تالىب مىزبان، مەتلۇب بولغاي مېھمان ئاندا.
— ئەرشى.

خىلۋەت ئەيلەمەك — خالى قىلماق، بوشاتماق.
خىلۋەت تاپماق — يالغۇزلۇق تاپماق، قولاي پۇرسەتدىن پايدىلانماق؛ ئادەمسىز خالى جاي تاپماق.
خىلۋەتى خالى — باشقا نامەھرەملەر بولمىغان جاي.

خىلۋەتخانە [خلوت خانە] (ئە + پ) ھېچكىم يوق ئۆي، يالغۇزلۇق ئويى.
خىلۋەتسەرا [خلوت سرا] (ئە + پ) «خىلۋەتخانە» گە قاراڭ.
خىلۋەتگاھ [خلوت گاه] (ئە + پ) ياتلاردىن خالىي جاي، دەم ئېلىش ئورنى؛ يالغۇزلۇق ئويى، بوش ئۆي:
بىرگە بولۇپ مەدرەسە ئارام گاھ،
بىرگە خىلۋەتگاھ بولۇپ خانەقاھ.
— نەۋائى.

خىلۋەت گۆزىن [خلوت گزين] (ئە + پ) يالغۇزلۇقنى، يالغۇز جاينى ياخشى كۆرگۈچى.
خىلۋەتنىشىن [خلوت نشين] (ئە + پ) خىلۋەتتە، يالغۇز ئولتۇرغۇچى:
بولۇپ خىلۋەتنىشىن تەنھالىقىمنىڭ بائىسى شولدۇر،
كىم ئىككى - ئۈچ نەفەس ئول تەبئ نازۇك بولدى مېھمانىم.
— ناقىس.

خىنا [خينا] (ئە) خېنە:
ئوسما، خىنا بىرلە قىيامەتدۇرۇر،
سۇرمەئى سۇنبۇلغا نە ھاجەتدۇرۇر.
— زەلىلى.

خىيار [خيار] (ئە) ئەرك، ئىختىيار.

## غزل وفایی

جانیمدا الف تک کیم اول سرو تکان اتمیش — جیم نقطه سیدا داغین جانیمدا نهان اتمیش

جانیمنی هدف ایلاب کیپریکلاری صف آبان — غمزه اوقین اتا تغه قاشینی کمان اتمیش

من بیدل حیرانغه هم کوزلاری کیرباغه — جیرمنی شماق اوجون جانغه زلفینی یلان اتمیش

او دلبر مهوش غه غمزه سیله دلکش کا — دیم اوزه قان یاشیم جالیمنی بیان اتمیش

یاریم منکا سوز قاتیب غمزه سیله آتش آتیب — عشق اوتیدا سارغاریب جهرمنی سمان اتمیش

عشقینده کیتار باشیم لعلینینک غمی یوکلدیم — اول شوخ قراقاشیم منیدین نه کمان اتمیش

عشق اوتیدا داغلایدور زلفی بیله باغلادور — اولستور کالی جاغلایدور یوقل نه زبان اتمیش

دلخسته وفایی نی اول کوزلاری مستانه

باغرینی کباب ایلاب کونکلی تولا قان اتمیش

## غزل فراقی

نگار اشتیاقینکدا ضعیف ناتوان بولدوم — همیشه دربدر عالم ارا بی خانمان بولدوم

نتای آواره بولمای بر سینکدک غمگذاریم یوق — کوبوب غربت اوتیدا مبتلای لامکان بولدوم

قدالدی کیبریکینک سینی نک تیشتری یوق حسرت جانغه تیغ — غم غربت الیدا دردتاتیب لامکان بولدوم

خرامان ناز ایله کیم تازه گلدک ای حبیب نینک — جمالینک شوقینی اولدم کوروب شادمان بولدوم

سنکا بو عرض حالیمنی بیان ایلارگه طاقت یوق — توتوب غم لشکری توبماس یقامنی بی زبان بولدوم


نتای بیچاره غمگین قیلیب دور درد ایله هجران — ساریغ رخساره تا هجرینک اوتیدین برگ خزان بولدوم


جمالینک حسرتیدا اوزتنور شام سحر جانیم — بولوب مجنون کبی عالمده رسوای جهان بولدوم


فراقی خسته دل آشفته بولدی ای حبیب سیندین

فراقینک دردیکا محرم جفاغه مهربان بولدوم

تنیمدین جیقالی یتی جدالیق جهتیدین جانیم — نثار اولغای انکا جان جهانیم بیلک بیانیم








源　泉（布拉克）（维吾尔文）总32期　（ژۇرنال پەسىللىك (سان - 32ئومۇمىي) بۇلاق

«MAGAZINE OF BULAK»(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1063/1
本刊代号：　58－108定价：1.90元
国外代号：　Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 _ 58　　باھاسى: 1.90 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118